ISSN 1002—9044

# تارىم

5

1995

ISSN 1002-9044

05>

9 771002 904009

## ئەدىبلىرىمىز تۇرمۇشىدىن



تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابدۇكېرىم خوجا ۋە ئابلىز نازىرىلار بىللە .



ئەلقەم ئەختەم ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كېيىن .



ئىلى ۋادىسىدا



سەددىچىن سېپىلىدا

# ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45-يىل نەشرى

5

1995

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە )

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| سۇلتان ھاشىم | چاقناپ ئۆتكەن نۇر ( پوۋېست ) | 4 |
| ئابدۇللا ساۋۇت | قىسمەت ( پوۋېست ) | 35 |
| ئابدۇراخمان مامۇت | ئوۋچى ( ھېكايە ) | 60 |
| ئۆركەش جاببار | قوشنام ( ھېكايە ) | 66 |
| مەريەم تۇردى | تۇمان قاپلىغان جىلغا ( ھېكايە ) | 82 |
| تۇرسۇنجان ئوسمان | چېسىر تاش ( ھېكايە ) | 90 |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| مۇھەممەتجان راشىدىن | كۈتۈنكە يارالغانمەن سۆيگۈنۈمنى | 27 |
| قۇربان ئىمىن | شېئىرلار | 29 |
| روزى سايىت | دىلىم ياش ، سۆيگۈم ياش | 31 |
| ياقۇپ كېرىم | تىزىپ قويدۇم دېرىزەڭگە گۈل | 34 |
| مۇھەممەت شاۋۇدۇن | تەلەمەت بويلاپ | 74 |
| قېيۇم سوپى | چاقىرىسەن كۈيدەك ئۈن بىلەن | 77 |
| نۇرگۈل يۇنۇس | ئىككى شېئىر | 79 |
| ئوسمان قاۋۇل | گۈلمۇ سەن ، گۈلخانمۇ سەن | 81 |
| جاببار ئەمەت | سەن زامان باتۇرى ، سەن يېڭى پەرھاد | 107 |
| ھوشۇر ئىبراھىم | رۇخسارىمدا خىيال ئىزناسى | 109 |
| ئابدۇرېھىم مۇھەممەت | ئۇستازلىرىمغا | 112 |
| پەرھات جامال | قاناتسىز بولسامۇ ئاسماننى قۇچتۇم | 112 |
| مۇتەللىپ خۇرسەندى | ئەتكىن | 114 |

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئىسمائىل تۆمۈرى ............ تارىخىي رومان ـــ ئويغانغان زېمىن » توغرىسىدا
دەسلەپكى مۇلاھىزە ............ 115
ئىبراھىم ئىزاقى ............ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە قايتا ئويلى
نىش ............ 131

## ئىجادىيەت مۇنبىرىدە

شاۋيەنجۇن ............ جاڭ چېڭجى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ چۇشكۈنلە
شىشى ھەققىدە توختالدى ............ 136

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

جامالىدىنزات ............ ئۆردەك كاۋىيى ( ھېكايە ) ............ 139

## كۆرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

غۇنچەم سەمەت ............ تۆھپىكار ( ھېكايە ) ............ 151

قوربان نۇر ، ھېيت رەھىم ، ئىسمايىل ئېلى ، ئابلىز مەمتىمىن ، ئىمىنجان روزى ، ماخمۇت سەلەي ، ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى ، ھەمراجان پالتاجى ، ئىمىر نىياز ئاقۇپ ، مەمتىمىن تۇرسۇن ،

غېنى راخمان ، ئېلياس ئابلىمىت ............ ( شېئىرلار ) ............ 160

* * *

رەسسام ۋە خەتتات : مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور : قېيۇم تۇرسۇن

سۇلتان هاشىم




# چاقناپ ئۆتكەن نۇر

(پوۋېست)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇرادىل !

قېلىن بىر كونۋېرتنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىڭدا ھەيران بولارسەن. ئادەتتە، بىر-ئىككى بەتلىك سالام خەت يېزىشقا ھەر ئىككىمىزلا قىرىق. مەكتەپتىن ئايرىلىپ باشقا-باشقا شەھەرلەردە ياشاۋاتقىنىمىزغا ئوتتۇز يەتتە يىل بوپتۇ. شۇنچە يىللار ئىچىدە ئۈچلا قېتىم يۈز كۆرۈشتۇق، ئۈچ-تۆت قېتىم ئىككى ئېغىزدىن سالام خەت يېزىشتۇق، شۇنداقتىمۇ بۇ خەتلەرنى پوچتىدىن يوللىماي تونۇش-بىلىشلەردىن ئەۋەتتۇق. خوش، ئەمىسە چاچلار ئاقىرىپ، بەل-پۇتلار سىرقىرايدىغان بولۇپ قالغان بۇ كۈنكى كۈندە شۇنچىۋالا ئۇزۇن خەتنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟

بۇنىڭ ئىككىلا سەۋەبى بار: بىرى، پېنسىيىگە چىقتىم. مېنى قېرىغانلىقىم، زامانىنىڭ زېمىستان قىشلىرىدا ئۇششۇپ قالماي، تومۇز ئىسسىقلىرىدا ئېرىپ كەتمەي، شۇ كۈنگە يېتەلىگەنلىكىم ئۈچۈن تەبرىكلىسەڭ بولىدۇ. پېنسىيىگە چىققان ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك گەپ-سۆزلەر بار. بۇنى يازمىساممۇ بىلىسەن، مەن ئۆزۈمنى يەلكەمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئاددىي بىر مىسال: بۇرۇن مەن ۋاقىتقا بويسۇناتتىم، قاچانلا قارىساڭ بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمدەك، ئالدىراش، پەرىشان يۈرەتتىم.



ئەمدى، ۋاقىت ماڭا بويسۇنىدىغان بولدى؛ ئىككىنچىسى، ئالغان كىتابلىرىمنى «پېنسىيىگە چىققاندا ئوقارمەن» دەپ تاشلاپ قوياتتىم. قارىسام، ئىدارىدىن ئىدارىگە يۆتكىلىش، ئۆيدىن ئۆيگە كۆچۈش، ئۆي تارچىلىقى ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمنىڭ يۈتكىنى يۈتۈپ، يىرتىلغىنى يىرتىلىپ، قەغەز يەشىكلەرنىڭ ئىچىدە سارغىيىپ، توپا بېسىپ كېتىپتۇ. ئەمدى، بۇ كىتابلىرىمنى بەھۇزۇر ئوقۇيالاتتىم. بۇ كىتابلار مېنىڭ قېرىلىق ھاياتىمدا مومىيىمدىن قالسىلا سىردىشىم، مۇڭدىشىم بولۇپ قالاتتى. كىتابلىرىمنى رەتلەش بىلەن تولۇق بىر كۈن ھەپىلەشتىم. بىر يەشىككە داشۆدە ئوقۇغان كىتاب ـ كونسپېكلىرىمنى سېلىپ قويغاندىم. بۇ نەرسىلەرنى لازىم بولۇپ قالار (ئەمەلىيەتتە لازىمى بولمىدى) دەپ، ئايىلىمنىڭ كوتۇلداشلىرىغا قارىماي تاشلىۋەتمىگەنىدىم.

كىتاب ـ كونسپېكلارغا قولۇم تېگىشى بىلەنلا، ۋۇجۇدىمنى ناھايىتى يېقىملىق، ئىللىق بىر سېزىم غىدىقلاپ ئۆتتى، ھاياتىمنىڭ چاقماق چاققاندەك قىسقا، چىڭقى چۈش ۋاقتىدا پارلاپ تۇرغان قوياشتەك يورۇپ ئۆتكەن بىر بۆلىكىنى بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك لەززەتلىك تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم. كىتاب ـ كونسپېكلارنىڭ سىرتىغا يېزىپ قويغان ئىسمىم، بۇرجەكلىرىگە يېزىپ قويغان خەتلەر، ئاستى سىزىلغان قۇرلار، قاتلاپ قويۇلغان بەتلەر، ھەتتا قىستۇرۇپ قويۇلغان ئىككى ئىلىك قۇرۇق قەغەزلەرمۇ ياشلىقىمنى ئەسكە چۈشۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە كەلتۈردى. ياشلىقىم خۇددى مۇشۇ قەغەز يەشىككە قاچىلىنىپ ساقلىنىپ قالغاندەك، يەشىك ئاغزىنى ئېچىشىم بىلەنلا قايتىپ كەلگەندەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. مەن ئۆزۈمنى بىردىنلا ئاتمىش ياشلىق بوۋايدىن يىگىرمە بەش ياشلىق قىران يىگىتكە ئايلىنىپ قالغاندەك سەزدىم.

سىغداپ سېلىنغان كىتاب، دەپتەر، خاتىرىلىرىمنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ كۆزدىن كەچۈردۈم. شۇ چاغدا ئويلىدىمكى، دىلىمنى سۆيۈندۈرگەن بۇ ياشلىق خاتىرىلىرىنى بىر يولىلا كۆرۈپ تۈگىتىۋېتىش تولىمۇ ئالدىراقسانلىق، ھاماقەتلىكتەك بىلىندى. شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم: ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن تاغۇ تاشلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر يىگىت سۆيگۈنىدىن كەلگەن خەتنى بىر ئولتۇرۇشتىلا ئوقۇپ تۈگىتىۋەتسە، يەنە بىر قېتىم خەت كەلگىچە تاقەتتى تاق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، كۈنىگە ئۈچ قۇردىن ئارتۇق ئوقۇماسلىققا ئەھدە قىلىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئۈچ قۇردىن ئوقۇپ سۆيگۈ تەشنالىقىنى قاندۇرىكەن، ھەر كۈنى يېڭى قۇرلارنى ئوقۇغاندا، سۆيگۈنىنى يېنىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەن، غەيرەت ـ شىجائىتىمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ بىر مۇبالىغە، لېكىن مەن كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ ۋاراقتىن كۆرسەممۇ، ياشلىقىمنىڭ ھىدى سىڭگەن بۇ مەنىۋى ئوزۇق قاراڭغۇلۇق سايە تاشلىغان قەلبىمنى يورۇتۇپ، ماڭا ئايلاپ ـ يىللاپ قۇۋۋەت بەرەمدۇ.

شۇ خىيال بىلەن سەۋىر سىزلىكىمنى يەڭدىم. يەشىكنىڭ ئاستى كۆرۈنگەنسىرى خاتىرىلىرىمنىڭ ئازلىقى مېنى ئېچىندۇردى. ئوتتۇز يەتتە يىل بۇرۇنقى خاتىرىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مۇنچىلىك قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىمدە، ساۋاقداش ـ دوستلىرىم بىلەن يېزىشقان بىر پارچە خەتنىمۇ قالدۇرماي ساقلىغان بولاتتىم.

يەشىكنىڭ ئاستى كۆرۈندى. مەن بۇلۇڭدا قىستىلىپ ياتقان ئاخىرقى بىر پارچە خاتىرىنى ئاۋايلاپ ئالدىم. بۇ توق يېشىل رەڭدىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق، ئاتمىشىنچى يىللاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارتىپ داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان باھاسى ئەرزان خاتىرە دەپتەر ئىدى. ئۇنىڭ تۇپلەنگەن يېرى قىر چىلغان، يېپلىرى سۆكۈلۈپ، ۋاراقلىرى ئاجراپ كەتكەنىدى. كونىراپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن بۇ خاتىرىنى، چېچىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم، تويىسىنى پۇدىۋېتىپ ئاچتىم.

مۇرادىل، ھۆددە قىلىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ خاتىرە سىنىڭ ئىدى. «س» ھەرپىنى چىش چەقارماي سىزىق تارتىپلا يېزىش، بىر سۆزنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزۈۋەتمەي ئىككىنچى سۆزگە ئۇلىۋېتىش — بۇ سېنىڭ يېزىش ئۇسۇلۇڭ ئىدى. ئىككىمىز بىر پارتىدا ئولتۇرغىنىمىز ئۈچۈن، خېتىڭ ماڭا تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدى، ئوقۇشتا قىينىلىپ كەتمەيتتىم. سېنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان ئۈچ پارچە سالام خېتىڭنىڭ سۆگىكمۇ بۇرۇنقىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

مەن ھەيران قالدىم، سېنىڭ خاتىرەڭ مەندە نېمىش قىلىدۇ؟ ئۇنداق ئويلاپ ـ مۇنداق ئويلاپ ئاخىر، بىز مەكتەپ پۈتتۈرگەن يىلى سېنىڭ غۇلجىدا — بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئايغا يېقىن مېھمان بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا قېپقالغان بولسا كېرەك دېگەن يەرگە كەلدىم. كەچۈرسەن، خاتىرىنى سېنىڭ رۇخسىتىڭنى ئالماي ئوقۇشقا باشلىدىم... يازغانلىرىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئەسلىمىلىرىمنى قېزىپ چىقىرىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئەسلىمىلەر ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى. خاتىرەڭنىڭ ھەر بىر سۆختىسىنى يېزىۋاتقىنىڭدا سەن بىلەن خىيالەن مۇڭداشتىم. زەي پۈراپ تۇرىدىغان بۇ ئامباردىكى خىيالىي سۆھبەت، شائىرانە تىل بىلەن ئېيتقاندا، مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ شېرىن سۆھبەت بولدى...

18 ـ ئىيۇل

ئەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى. ئون ئىككى ياش ۋاقتىمدا ئايرىلغان ئانا يۇرتۇم بىلەن، يېشىمغا شۇنچىلىك ياش قوشۇلغاندا قايتا دىدارلاشتىم. ئاسمىنىڭ «مەن سېنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي» دېگىنىگە ئۇنىماي. كويا ـ كويلارنى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ چىقتىم. شەھەر مەركىزىدىكى بىرنەچچە كوچىلارغا ئاسفالت يېيىتىلغانلىقى، ئارىلاپ ئۈچ ـ تۆت قەۋەتلىك بىنالارنىڭ سېلىنغانلىقىدىن باشقا، كىشىنى ئۆزگىچە تارتقۇدەك يېڭىلىق ئۇچرىتالمىدىم. چەت ياقىدىكى كوچىلار يەنىلا توپىلىق ئىدى. يوللار كۆتۈرۈلۈپ، قەدىمىي ئۆي ـ ئىمارەتلەر چۆكۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلۇقلىرى كوچىلارغا سېپىلىدىغان ئېرىقلاردىكى سىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلار ئارلاپ كەتكەن. ئۆستەڭلەرنىڭ قىنىغا پاتماي لىخشىپ ئاقىدىغان سۇلىرىمۇ يېرىملاپ قالغانىدى. كۆپىيىپ كەتكەن ئادەملەر ئالقانچىلىك يەرنىمۇ قورۇ ـ جايلىرىغا قېتىۋالغان. كوچىلار تارلىشىپ كەتكەنىدى. شەھەر يەنىلا مېنىڭ بالىلىق كۆز كۆزومدە ساقلىنىپ قالغان ۋە مەن قانچە قېتىملاپ نېرى تۇر دەپمۇ نېرى قىلالمىغان كونىلىقىدىن خالىي بولالمىغانىدى.

ئايلىنىشتىن زېرىكتىم. بىلمەيمەن، كىچىكىمدىن تارتىپ مەندە مۇنداق بىر كېسەل بار: تۇرۇپلا ئۆزۈمنى يالغۇز — تەنھا ھېس قىلىپ قالاتتىم. باشقىلارنى خۇش قىلغان نەرسە مېنى زېرىكتۈرۈپ قوياتتى، قەدىمىم تەگكەنلا يەرنىڭ ئوخشاشلىقىدىن ئىچىم سىقىلاتتى.

كىچىككىنە بىر ئىش دىلىمغا چىراغ ياققاندەك مېنى بىر دەملىك خۇش قىلدى. كېلىپ ئىككىنچى كۈنى بىز ئائىلىمىز بىلەن ئولتۇرغان مەھەللىگە باردىم، بۇ مەھەللىمۇ ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمەپتۇ. بۇ يەردە مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قورۇ بار ئىدى. قىيشىيىپ قالغان بۇرۇنقى چىرىك دەرۋازىنىڭ ئورنىنى تاملىرى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، قاناتلىرى يېشىل سىرلانغان، قول ھارۋىسى پاتقۇدەك چوڭلۇقتىكى بىر ئىشىك ئىگىلەپتۇ، كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنىغا يېڭى ئۆي سېلىنىپتۇ. كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى، ئۆيلەر چېقىلماي ئۆز پېتىچە تۇرغان بولسا، بالىلىقىمنى ئەسلەپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالارىدى. مەن قورۇغا كىرمىدىم، نېمىدەپ كىرىمەن. كىرسەم، قورۇنىڭ يېڭى خوجايىنلىرىغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئاندىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىمەن. كىرىشتىن يالتىيىپ كەينىمگە بۇرۇلۇشىمغا، ئېرىق بويىدىكى قۇچاق يەتمىگۈدەك غوللۇق تېرەكنى كۆرۈپ، توختاپ قالدىم. مەن ئۇنى تونۇدۇم. بۇ تېرەك مەن دۇنياغا كۆز ئاچمىغان چاغدا مۇشۇ ئورۇندا بار ئىكەن. دادامنىڭ خىزمىتى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ، بىز ئائىلىمىز بىلەن كۆچۈپ كەتكەن چاغدىمۇ بار ئىدى، ئۇ ھازىرمۇ كۆكلەپ تۇرۇپتۇ، بەلكى قامىتى تېخىمۇ رورىيىپ، ئۇچى ئاسمانغا تاقىنىپتۇ. مەن ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ يىرىك غولىنى سىلىدىم، نېمىندۇر ئىزدەيتتىم، يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتاتتى. مۇنداق ھالەتنىڭ مەندە كەمدىن كەم بولىدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. ئاپام ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، راك كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ، دەپ قويۇلغان دىئاگنوزنىڭ، بىر ئايدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتە خاتا بولۇپ چىققىنىنى ئاڭلىغىنىمدا يۈرىكىم شۇنداق سېلىپ كەتكەنىدى. مەن تېرەك غولىنى سىلىغىنىمچە ئايلىنىپ، ئاخىر ئىز دېگەن بەلگىنى تاپتىم. «م — ئا» دەپ ئويۇلغان بۇ بەلگە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوغىنىغان، يىرىكلەشكەن ۋە سەل سوزۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ئۇنى تونۇدۇم. «م» ھەرپى مېنىڭ ئىسمىمنى، «ئا» ھەرپى ئاسىمنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرەتتى. بۇ ھەرپلەرنى مەن كىچىككىنە بەكەم بىلەن ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدىن ئويۇپ قويغانىدىم. مەن ئاسىم بىلەن باللىق چاغلىرىمدىمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇغاندىم. شۇنچە يىل ئايرىلىپ كەتتەكمۇ، قىسمەت بىزنى ئۈرۈمچىدە بىر مەكتەپكە يېتىلەپ كېلىپ بىر پارتىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. مېنى خۇشال قىلغىنى، ئۆز قولۇم بىلەن قالدۇرغان ئىزنىڭ، ئويلىمىغان ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىتتا، قامەتلىك بىر دەرەخنىڭ غولىدا ساقلىنىپ قالغىنى ئىدى...

* * *

مۇرادىل، يازغانلىرىڭنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خىرەلىشىپ كەتكەن ياشلىق خاتىرىلىرىم توپا بېسىپ كەتكەن ئەينەكنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتكەندەك ئېچىلىپ كەتتى. شۇنداق، بىز غۇلجىغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا، ئۆزۈك يالغۇز

كوچا ئايلىنىشقا چىقىپ كەتكەنىدىڭ، بۇ ھال ئۈچىنچى كۈنىمۇ تەكرارلاندى، شۇ چاغدا مېنى خىجالەتتە قويغانىدىڭ. بىزنى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدى، دەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ بۇرادەرلەر پەتلەپ كېلىۋاتاتتى. سېنىڭ يالغۇز چىقىپ كەتكىنىڭنى نېمەدەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلمەي، دادام ـ ئاپاملارنىڭ ئالدىدا تەڭقىسلىقتا قالغانىدىم، كىشى چۈشىنىپ بولالمايدىغان غەلىتە مىجەزىڭ بار ئىدى. مەن بۇ مىجەزىڭگە پەقەت يول قويۇپ بېرىش ئارقىلىقلا دوستلۇقنى ساقلاپ ئۆتەلىدىم. سېنى جىمغۇر دېسەم ئىشىنەمسەن؟ ئىشەن، قارىغىنا، تېرەك غولىغا ئىسمىلىرىمىزنىڭ باش ھەرپىنى ئويۇپ قويغىنىڭنى، مۇشۇ خاتىرىنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا بىلدىم. يەنە شۇنى بىلدىمكى، سەن بالىلىق ۋاقتىلىرىمىزدىن باشلاپ مېنى ئۆزۈڭگە بىردىنبىر دوست دەپ چاغلاپسەن. ئىككىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن يەنە بىر مەكتەپتە، بىر پارتىدا بىللە ئوقۇشىمىز، تەقدىرنىڭ ئىككىمىزنىڭ دوستلۇق رىشتىنى كۆرۈنمەس يىپ بىلەن چىڭ باغلىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى ئەمەسمۇ. ئوتتۇز يەتتە يىل بۇرۇنقى يازغان خاتىرەڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ قولۇمغا چىقىپ قالغانلىقى دوستلۇقىمىزنىڭ ئەبەدىي ئىكەنلىكىنىڭ نىشانى ئەمەسمۇ. شۇنىڭغا خۇشالمەنكى، قەلبىڭدە يوشۇرۇن ساقلانغان دوستلۇققا، مەيلى مەن ئۇنى بىلەي ياكى بىلمەي، خۇداغا شۈكرىكى، بىرەر قېتىممۇ مۇخالىپ كەلگۈدەك ئىش قىلماپتىمەن.

18 ـــ ئىيۇل

ئويغىنىپ كەتتىم. ئېتىكلىك دېرىزە قاپقاقلىرىنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن ئەتىگەنكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى، يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە ئىنچىكە، ئۇزۇن ئىز سېلىپ، ھالرەڭ پەردىدەك ئىككىمىزنىڭ كارىۋىتىنى ئايرىپ تۇراتتى. مەن؛ سېنىڭ ئويغاقلىقىڭنى، مېھمىنىڭ بولغىنىمنى ئۇچۇنلا ئورنىڭدىن تۇرۇپ كەتمىگىنىڭنى بىلدىم.

ـــ ئاسىم، ئەتە كېتىمەن، ـــ دېدىم سەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ.

سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ، بۇ گەپنى باشقا بىرىدىن ئاڭلىغاندەك تورۇسقا قاراپ بىردەم سۈكۈت قىلدىڭ.

ـ كېتىمەن دېدىڭمۇ، نەگە؟ ـــ دېدىڭ ئىرەڭسىزلىك بىلەن.

ـــ ئۆيۈمگە... ئاقسۇغا، بۈگۈن بېلەت ئېلىپ ئەتە ماڭىمەن.

سەن، خۇددى بىرى يالىڭاچ بەدىنىڭگە قامچا بىلەن سالغاندەك ئورنىڭدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىڭ.

ـــ ئاقسۇغا... ـــ بۇ گەپ قېلىن لەۋلىرىڭ ئارىسىدىن ئارانلا ئاڭلىنغۇدەك چىقتى. ھاڭۋېقىپ قالغان تۇرقىڭدىن، بۇ گەپنىڭ مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىنى ئۇنچىقماي، كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ تۇرۇش بىلەن بىلدۈردۈم، جاھىللىقىم تۇتقاندا بۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى جاۋاب بېرىش ئۇسۇلۇم ئىدى. بۇنى سەن بىلەتتىڭ.

سەن مايكىچان، كارىۋاتتىن لىككىدە چۈشۈپ ئۇنىڭغا قويىۋەتتىڭ:

ـــ نېمە، سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن. بىزنىڭ ئاغىنىدار چىلىقىمىز شۇنچىلىكمۇ، يا مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ، بۇ قانداق قىلىق؟ مەن ئەل ـ ئاغىنىلىرىمگە ئۇرۇمچىدىن

يېقىن بىر ئاغىنەمنى باشلاپ كەلدىم، دەپ ئېلان قىلىۋەتكەنمەن. ئۈچ كۈن تۇرۇپلا ماڭساڭ، بۇنى خەق نېمە دەپ چۈشىنىدۇ، قېنى ئېيتىپ باققىنا؟ مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق يۈزۈم، ئائىلىمىزنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئىززەت ـ ھۆرمىتى بار. ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، بىزنىمۇ ئويلىشىڭ كېرەك، مۇرادىل ئاغىنە. مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن، ئۆزۈڭمۇ بىر ئاي تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن. كۆڭلۈڭگە كەلگەن يېرى بولسا ئوچۇق ئېيت، شۇ ھامان تۈزىتىمەن...

سەن قايناپ كەتتىڭ، دېگەنلىرىڭنىڭ توغرىلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، مەنمۇ سۆزۈمدىن يانمايمەن، خىيالىمغا كەلگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆز سۆزلۈك يامان مىجەزىم بار، ئەمما ھازىر غىچە مىجەزىمدىن ئەپسۇسلىنىپ باققان ئەمەسمەن.

— خاپا بولما، سەندىن سەۋەبلىك ئۆتكىنى يوق، ئاتا ـ ئانا ڭمۇ مېنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى ھەم ئوبدان كۈتىۋاتىدۇ، مەن بۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارمەن. مېنى زورلىما، كەتمەكچى بولۇپ قېلىشتىكى سەۋەبنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئېھتىمال، ئارزۇ قىلغانلىرىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تىنغاندۇر. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. مەن ساڭا ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ، تاشلىۋېتىشكىمۇ بولمايدىغان يۈك بولۇپ قالىمەن.

سەن تېرىكتىڭ، ئاچچىقلاندىڭ، لېكىن نېملا قىلساڭمۇ مېنى تەسىرلەندۈرەلمىدىڭ، ئاخىر يالۋۇرۇشقا ئۆتتۈڭ:

— جاھىللىق قىلما مۇرادىل، كىچىككىنە بولسىمۇ يۈزۈمنى قىل، بۈگۈن كەچكە كىچىك ئاپاملار چاقىرىپ قويغان، بارمىساق سەت بولىدۇ. ئەتە يېقىن بىر ئاغىنەمنىڭ تويى بار، قاتنىشىپ بەر. ئۆگۈنلۈككە يەكشەنبە بىر كۈن بىللە بولۇپ، دۈشەنبە كۈنى قايتساڭ.

شۇنىڭغا كېلىشتۇق.

سەن مېنى چۈشتىن بۇرۇنقى سالقىندا — كۈن بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەنىدى — ئايلىنىپ كېلىشكە زورلىدىڭ، ئۇنىمىدىم، سىرتقا پەقەتلا چىققۇم يوق ئىدى. ئەتىگەنكى گەپلىرىم كەيپىڭنى ئۇچۇرغاچقا، قاش ـ قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ، چېچىلىپ يۈردۈڭ. مەن ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، قولۇمغا چىققان بىر كىتابنى ۋاراقلاش بىلەن زېرىككىشىمنى باسماقچى بولاتتىم. ئىچىمنىڭ سىقىلىشى، كۈنىنىڭ ئۆتمىگىنىنىڭ تەسلىكىدىن، كۈچۈم يەتسە قۇياشنى تارتىپ ئاپىرىپ تاغ كەينىگە تاشلىۋەتكۈدەك يەرگە يەتتىم.

چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىمدا سائەت تۆت بولۇپ قالغانىدى. سېنى ئۆيدىمۇ، ھويلىدىمۇ چېلىقتۇرمىدىم. قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ تارتىم ـ دە، باغقا چىقىپ يۈز ـ كۆزۈمنى يۇدۇم، ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، سېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭنى سورۇشتۇرمەيلا سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

ماڭا قايسى يول، قايسى كوچىلار بىلەن مېڭىشىمنىڭ پەرقى يوق ئىدى، پەقەت كۈننىڭ چاپسانراق كەچ بولۇشىنىلا ئىستەيتتىم. تومۇزنىڭ تەپتىدىن تونۇردەك قىزىپ كەتكەن كوچىلاردا لاغايلاپ كۆپ ئايلاندىم. ئىككى تەرىپى زىچ، رەتلىك ئۆسكەن تېرەكلىك كوچىغا قەدەم قويغىنىمدا، دەرەخ سايىلىرى ئۈزۈراپ قالغانىدى.

كوچىنىڭ سول ياقىسىنى بويلاپ ئۈچ ـ تۆت ئايال كېلىۋاتاتتى، ئادەم شالاڭ بولغاچقا ئۇلار خېلى يىراقتىنلا نەزەرىمگە چۈشكەنىدى. مەن ئۇلارغا قىزىقىنىمدىن ئەمەس، مۇشۇنداق تۇيۇق يولدا ئالا ـ يېشىل كىيىنگەن ئاياللارنىڭمۇ ماڭىدىغانلىقى قىزىق تۇيۇلغىنى ئۈچۈنلا قاراپ كېلىۋاتاتتىم. قاغجىراپ كەتكەن يولنى بېزەپ كېلىۋاتقان بۇ ئاياللار مېنىڭ ئىچ پۇشۇقۇمنى بىر دەملىك ئېسىمدىن كۆتۈردى. ئارىلىق بارغانسېرى قىسقاردى، ئەمدى ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلىدىم. ئوتتۇرىدا كېلىۋاتقىنى سېمىز غىدا كەلگەن، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، چىرايى ئىسسىق، ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان موماي ئىدى. مومايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېلىۋاتقان ئىككىسى 15 ـ 16 ياشلاردىكى، كۆرۈنۈشى ۋە مېڭىشىدىن شوخلۇقى چىقىپ تۇرغان چىرايلىق قىزلار ئىدى. مومايىنىڭ سول تەرىپىدە كېلىۋاتقىنى...

تومۇز ئىسسىقىدىنمۇ كۈچلۈك بىر ھارارەت ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاھ خۇدا، ئىنسان بالىسى شۇنداق گۈزەل، شۇنداق لاتاپەتلىك بولامدىغاندۇ ؟! ھەممىگە قادىر قۇدرىتىڭگە شەك كەلتۈرگىنىم ئۈچۈن كەچۈرگىن. مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم چۆچەكلەردە رىۋايەت قىلىنىدىغان پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئىدى. شەھلا كۆزلەر، ئىلپىتەك بۇرۇن، گىلاس لەۋلەر، ئانار يۈزلەر، تال چىۋىقتەك قەددى ـ قامەت... شائىر ـ يازغۇچى ئەمەسمەن، ئۇنىڭ سىماسىنى سۈرەتلەپ بېرىشكە مەندە بار بولغان سۆز بايلىقى ئاجىزلىق قىلىدۇ. قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەمەن.

ۋېلىقلاپ كۈلگەن ئاۋازدىن ئۆزۈمگە كەلدىم. مېنى مەڭدەتكەن گۈزەل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇرۇلۇپ قارىدىم، ماڭا قاراپ كۈلۈشۈۋاتقان ئىككى قىز چاق دەررۇ ئېغىزلىرىنى توسۇپ ئالدىغا قارىشىۋالدى. يۈزۈمگە تېپىپ چىققان قىزىللىق ئوت بولۇپياندى...

قاراڭغۇدا قالغاندىم. ئەتراپىمغا چەكچىيىپ قاراپ، دېرىزىلىرىدىن غۇۋا يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ قالىدىغان پاكار ئۆيلەرنىڭ شالاڭلىقى، كوچا چىراغلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن چەت بىر مەھەللىگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ بىردىنلا تەشۋىشلىنىپ قالدىم. مەن قانداق قىلىپ ئۆزۈم بىلمەيدىغان يەرگە كېلىپ قالغاندىمەن، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى نېمىشقا سەزمىگەندىمەن. ئەگەر، مۇشۇنداق سەۋدايىلار چە مېڭىۋەرسەم، تاڭ ئاتقۇچە چۈشكەن ئۆيۈمنى تاپالماسلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، تەنلىرىم جۇغۇلدىغاندەك بولدى. ئەجىبا، كوچىدا بىر قىزنى كۆرۈپلا، ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ، كوچىمۇ كوچا تىنەپ يۈرسەم. ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئاشۇ ناتونۇش قىزنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم. تىل ۋە غەزەپلىرىم ماڭا يول تېپىپ بىرەلمەيتتى، يول سورىغۇدەك بىرەر تىرىك جانمۇ كۆرۈنمەيتتى، نائىلاج ئىختىيارىمنى پۇتۇمغا تاشلاپ كېتىۋەردىم.

تۇيۇقسىز ئاچچىق پىچىرلاشقان ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدىم:

ــ ماقۇل دەڭ... بىرلا قېتىم...

ــ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز.

ــ نېمە دېسىڭىز شۇنى...

— تارتىڭ قولىڭىزنى... ۋارقىرايمەن...

— ناز قىلمىسا ئىچۇ.

«ئا» دېگەن تاۋۇش چىقىشى بىلەنلا ئايالنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، ھاسىرىغان، ئىنجىقلىغان، تىپىرلىغان ئاۋاز كۈچەيدى. بۇ يەردە ئايال كىشى خالىمىغان زورلۇقنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

قاراڭغۇلۇقتا ئىككى ئادەمنىڭ يەردە ئېغىناۋاتقانلىقىنى ئاران پەرق قىلالىدىم، ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق ئېڭرىشىدىن ئۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىنتىك كېلىپ يۈزىنى ئايالنىڭ بوينىغا زۇلۇكتەك چاپلاپ يېتىۋالغان ئەرنىڭ گەجگىسىدىن كۈچەپ تارتىپ، قورسىقىغا قاتتىق بىرنى تەپتىم. ئۇ گوللۇپ قىلىپ يىقىلىپ، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتىمۇ تۈگۈلىنىپ قالدى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. يۈرۈڭ، دېدىم قولۇمنى سۇنۇپ. ئەر ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە بىزنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىمىز ياخشى ئىدى. مەن ئايالنىڭ مۇزدەك، تىترەپ تۇرغان قولىدىن سۆرىدىم.

ئەمدىلا قوزغىلىشىمىزغا قاتتىق ئۇشقىتىشتىن چۆچۈپ چىپپىدە توختاپ قالدىم. ئۇشقىتىش تەكرارلاندى، مەن شۇندىلا تۈگۈلىنىپ قالغان ئەرنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى، ئۇشقىتىشنىڭ شۇنىڭدىن چىققانلىقىنى بىلدىم. ئۇ كىمگىدۇر بەلگە بېرىۋاتاتتى، ئەگەر ئۇنىڭ يەنە بىر شېرىكى بولىدىغانلا بولسا، بۇ يەرگە ھايال قىلمايلا يېتىپ كېلەتتى، ئۇ چاغدا ماڭا قاتتىق كۆچىنىشكە توغرا كېلەتتى. ئاياغ تېۋىشى ئاڭلاندى، قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ قالغان كۆزلىرىم ئەللىك قەدەمچە نېرىدىن يۈگرىگەندەك كېلىۋاتقان بىر قارا كۆلەڭگىنى پەرق قىلالىدىم. ئارقامغا يېنىپ، تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇرۇشقا ھەرىكەتلىنىۋاتقان بايىقى ئەرنىڭ قورسىقىغا يەنە بىرنى تەپتىم، ئۇ ئاۋازمۇ چىقىرالماي دۈم چۈشۈپ ياتتى. كېلىپ ئايالنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالدىم.

— نېمە! نېمە بولدۇڭ، — دېدى قارا كۆلەڭگە ئالدىمدا توختاپ.

ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ شېرىكى دەپ تونۇپ قالغاندى، ماڭىمۇ شۇ پۇرسەت كېرەك ئىدى. ئېگىكى ئاستىغا تەگكەن مۇشت ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرىۋەتتى، مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا يول قويمىدىم، ئارقا-ئارقىدىن تەگكەن مۇشت ۋە تېپىكتىن، ئۇمۇ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى.

— يۈرۈڭ، چاپسان، — دېدىم ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ.

ئايال شۇنداق تېز يۈگرەيتتىكى، مەن ئۇنىڭغا ئاران-ئاران يېتىشىپ كېلىۋاتاتتىم، مەن ئۇنى ئەمەس، ئۇ مېنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. دۈكۈرلەشتىن سەگەكلەشكەن مەھەللە ئىتلىرى بىرىگە بىرى ئەگىشىپ قاۋاپ كېتىشتى، ئارقىمىزدىن خىرىس قىلىپ قوغلاپ كەلگەنلىرى، مېنىڭ ئېگىشىپ يەرنى سىيپىلاپ ھەيۋە قىلىپ قويۇشۇمدىن قورقۇپ توختاپ قالاتتى.

نەپەس ئالغۇدەك ھالىمىز قالمىغۇچە يۈگرەشتۇق، توختىغىنىمىزدىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە ھاسىراپ ئاغزىمىزغا گەپ كەلمىدى.

— ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — سورىدىم ئاخىر ئېغىر تىنىپ. ئۇ ھالسىز قولى بىلەن بىر

يەرنى كۆرسەتتى:

ــ ئەنە ئايەردە... ئاز قالدۇق.

ــ سىز ئۇلارنى تونۇمتىڭىز ؟ ــ دېدىم ئاستا قوزغىلىپ.

ئايال جىمىپ كەتتى، ماڭا ئۇ ئىككىلەنگەندەك بىلىندى.

ــ تونۇمايمەن.

ــ كېچىدە نېمىشقا مۇنداق يالغۇز يۈرىسىز ؟

ــ بىر دوستۇمنىڭكىگە بارغان، قونۇپ قال دېسە ئۆيۈم يېقىن دەپ ئۇنىماپتىمەن.

تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلدى:

ــ ماڭا قاراڭ، ــ دېدىم، ئاۋازىمدىن يوشۇرۇپ بولمايدىغان توڭلۇق چىقىپ تۇراتتى، ــ بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەرگە بارسىڭىز يېنىشىڭىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، ماڭا ئوخشاش ئادەم دائىم ئۇچراپ تۇرمايدۇ.

ئۇ ئۇنچىقماي بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ــ رەھمەت، كۆپ ئاۋارە بولدىڭىز، ــ دېدى ئىشىكى ئالدىدا توختاپ. ئاندىن بىر ئاز تۇرۇپ باقتىدە، مەندىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن قوزغالدى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەتسىلا يالغۇز قالاتتىم. ئۆزۈمنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇنىڭدىن سورىۋالمىسام، يەنە بىر ئادەم يولۇققىچە تېنەپ يۈرەتتىم.

ــ توختاڭ، بايا بىز ھېلىقىلار بىلەن... قايسى مەھەللە ئىدى ؟

ــ سىز بۇياقلارغا كېلىپ باقمىغانمۇ ؟

ــ كېلىشىنغۇ كەلگەن، كۆزۈمدىن چىقىپ قاپتۇ.

ــ بايىقى يەر ھاجى بۇلۇس مەھەللىسى، بۇ يەر دۆڭمەھەللە.

ــ رەھمەت، كىرىپ كېتىۋېرىڭ.

ئۇ نېمىنىدۇر سورىغۇسى كەلگەندەك بەكمۇ ئاستا ماڭدى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويدى، مەن ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلماي سەرەڭگە ئىزدەش بىلەن بولدۇم. زەنجىر شىرىقلاپ، ئىشىك ئېچىلىپ يېپىلدى. ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سەرەڭگە ياقتىم، سائەت ئون بىردىن چارەك ئۆتكەنىدى. ئاسمىنىڭ مېھماندار چىلىقى ئېسىمغا كېلىپ، جىلە بولغىنىمدىن سەرەڭگە تېلى كۆيۈپ قولۇمنى كۆيدۈرگەنگە قەدەر قادىلىپ تۇردۇم.

ــ مۇرادىل !

بۇ ئاۋاز كېچە جىمجىتلىقىدا شۇنداق تۇيۇقسىز ھەم جاراڭلىق ئاڭلاندىكى، جىن ـ شا. ياتۇن ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ مۇنداق قاتتىق چۆچۈپ كەتمەيتتىم. ئالدىمدا بايىقى ئايال پەيدا بولدى.

ــ مۇرادىل، سىز مۇرادىلغۇ، ئاۋازىڭىزدىن... توۋا، كۆڭلۈم تۇيغاندەك قىلدى... ــ ئۇ. نىڭ ئاۋازىدىن چەكسىز ئەجەبلەنگەنلىكى، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ــ مېنى تونۇيالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ، ئاۋازىمنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسىز ـ دە، مەن نۇرىيەغۇ.

بـايىقى قاتتىق چۈچۈشىنىڭ تىترىكى بەدىنىمگە قانداق تېز تارقالغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولدى. مەن سەرەڭگىدىن يەنە بىر تال يېقىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تۇغرىلىدىم.

ـــ نۇرىيە!

ئۇ مـاڭـا تـاشلانـدى، بېلىمدىن مەھكەم قۇچاقلاپ، يۈزىنى مەيدەمگە ياقتى. مەنمۇ ئۇنى ئۆزۈمـگە تارتىپ يەلكىلىرىدىن سىلىدىم. ئۇ بىر دىنلا بېلىمنى قويىۋېتىپ، كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىندى.

ـــ كەچۈر، مەن مۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن، خۇشاللىقىمدىن... ـــ دېدى شۇۋىرلاپ.

ئۇنـىـڭ «سـىـز» دىـن «سەن» گە ئۆتۈشى، ماڭا مەكتەپ ھاياتىنى ئەسلەتتى. يېقىن، دايـىـم بـىـر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرىدىغان قىز ـ يىگىتلەر ئۆزلىرىنى «كامپانىيە» دەپ ئاتىشىپ، ئۆزئارا سەنلىشەتتى.

ـــ نـېـمـە ئۈچـۈن ئۇنـداق دەيسەن، بۇ گۈن ھەر ئىككىمىزنىڭ قۇچاقلاپ كۆرۈشۈشكە ھەقـقـىمىز بار، ـــ دېدىم كۈلۈمسىرەپ، ـــ بىرىنچىدىن، ئايرىلغىنىمىزغا ئۈچ يىل بولدى، ئىككىنـچـىـدىـن، ئۆيـلـىـمـىـغـان يـەردە ئۇچـرىـشىپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۆڭۈلسىز ئىشتىن قۇتۇلدۇق.

ـــ قـاچان كەلدىڭ؟ ـــ دېدى ئۇ يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەسلىگۈسى كەلمىگەندەك گەپنى يۆتكەپ.

ـــ ئۈچ كۈن بولدى.

ـــ قەيەرگە چۈشتۈڭ؟

ـــ ئاسمىنىڭكىگە.

ـــ تۇرىدىغانسەن؟

ـــ قاراپ باقىمەن.

ـ ئىزدەيمەن، بارسام باشقىچە ئويلاپ يۈرمەسسەن.

ـــ بارما، ئۆزۈم كېلىمەن.

ـــ ئىـچـىـم سـىـقـىـلـىـپ كەتتى، چۈشىنىدىغان ئادەم بىلەن مۇڭداشقىم كېلىدۇ. قارا، چىرايىمغا، ئۆزگىرىپ كەتتىم.

مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىسەممۇ كۆڭلىنى ياسىدىم:

ـــ ئۆزگەرمەپسەن، مېنى مەھلىياھ قىلغان چىرايىڭ ھېلىمۇ شۇنداق تۇرۇپتۇ.

ـــ زاڭلىق قىلما. ئەرگە تەگدىم، كېيىن ئاجرىشىپ بەختسىز بولۇپ قالدىم.

ـــ نېمىگە ئاجرىشىپ يۈرىسەن؟

ـــ گەپ جىق، دېدىمغۇ، مۇڭداشقۇدەك ئادەم بولسا ئىچى ـ قارنىمنى تۆكۈۋالسام دەيمەن...

كـېـچىدە يالغۇز بىر ئايال، يەنە كېلىپ ياش تۇل ئايال بىلەن مەھەللە ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ پـاراڭـلـىـشـىش ھەر ئىككىمىزگە ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ خوشلاشتىم.

* * *

مۇرادىل، شۇ كۈنكى ئەلەم ۋە خاپىچىلىقىمنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايمەن. مەن سېنى
كەچ سائەت سەككىزگىچە كۈتكەنىدىم، كەلمىدىڭ. مېھمانغا خاپىغان بېرىپ، كەيپىسىز ھالەتتە
قايتىپ كەلدىم، سەن شۇ چاغدىمۇ يوق ئىدىڭ. گەپ قىلمايلا كېتىپ قالدىمىكىن دەي دېسەم،
سومكاڭ جايىدا تۇراتتى. ئۆي ئىچى ئەنسىزچىلىككە چۈشتى، دادام ـ ئاپاملار سېنى بىرەر ھادى ـ
سىگە ئۇچراپ قالمىغاندۇر دېيىشىپ ئولتۇرالماي قېلىشتى. مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى بىلەتتىم.
لېكىن، نېمە قىلىپ شۇنچە كېچىكىپ قالغانلىقىڭنى بىلمەيتتىم. سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا
مەنمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. سېنىڭ بۇ يەردە تونۇشلىرىڭ بولمىغاچقا، قەيەرگە بېرىپ كىمدىن
سوراشنى بىلمەي بېشىم قاتتى. سەن قايتىپ كەلدىڭ ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېيىقىڭدا
كۈلۈپ قويۇپ جىمغىنا ئولتۇردۇڭ. چېچىلسام، ۋارقىرىسام بولمايتتى، چۈنكى سەن مېنىڭ مېھ ـ
مىنىم ئىدىڭ، سۆزۈم ئېغىر كەلسە يېرىم كېچە دېمەستىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن يانمايتتىڭ.
ئەلىمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، زۇۋان سۈرمىدىم.

يازغانلىرىڭنى ئوقۇۋېتىپ، مەن شۇ چاغلاردا بەكمۇ بىلگۈم كېلىدىغان، سورىسامۇ
تۈزۈك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن بىر سىرىڭنى بىلىپ ھەيران قالدىم. بەش يىل بىللە ئوقۇپ،
ئاغزىڭدىن مۇھەببەت ھەققىدە قۇلاققا ياققۇدەك سۆز چىقمىغانلىقىغا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن.
سوغۇق، جىمغۇر مىجەزلىك، گېپىڭنىمۇ تايىنى يوق ساڭائوخشاش بىر ئادەمنى قىزلارنىڭ
ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم. بىرەر قىز سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان
تەقدىردىمۇ، دىلى سۇ ئىچمەي تېزلا كۆڭلى قالىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، مېنىڭ
ئويلىغانلىرىمنىڭ تەتۈرىسىچە، قىزلار سېنى ئىزدەپ كېلەتتى، ئوقۇغۇچىلار ئارا بولىدىغان
ئولتۇرۇشلاردا، مەكتىپىمىز ۋە باشقا مەكتەپلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تانسىلاردا يېنىڭدىن قىزلار
ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق قىزلار بار ئىدىكى، ئۇلارغا ئۆزىنى مەندۇر مەن دەپ
چاغلاپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭمۇ قولى يەتمەيتتى. يا سەندە قىزلارنى جەلپ قىلىۋالىدىغان
يوشۇرۇن خىسلەت بارمۇ ۋە ياكى سەن ئەرەب چۆچەكلىرىدىكى سېھىرگەرمۇ سەن، ھەرقانچە
ئويلاپمۇ بۇنىڭدىكى سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. قىزلارنىڭ مىجەزىمۇ قىزىق ھەم كۈلكىلىك.
مەن ھازىرغىچە بىر ئىشنى كاللامغا سىغدۇرالماي كېلىۋاتىمەن، بەزىدە ماڭا كۆرۈمسىز، ھېچ ـ
قانداق كۆزگە چېلىققۇدەك ئالاھىدىلىكى يوق بىر ئەركەكنىڭ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك
بىر نازىنىننى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇچراپ قالىدۇ. يەنە تېخى، بۇ ساھىبجامال يېنىدىكى ھې ـ
لىقى ئەركەككە قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك سۈركىشىپ يۈرگىنىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ قالسا
غىجىنىپ كېتىسەن. گۈزەللىككە «مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراش» لازىملىقىنى بىلىمەن،
شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ قارىشىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدىم. كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، مەن بۇ
ئورۇنسىز سېلىشتۇرۇشنى گەپكە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئېيتىپ قويدۇم.

بىز شۇ چاغلاردا چاقچاقلىشىپ مەكتىپىمىز بويىچە ھەممىلا يىگىتنىڭ كۆزى چۈشكەن

قىزلارنى رەتكە تىزىپ چىققان، «بەش ئالتۇن گۈل» دېگەن كىنونى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەشىنى «بەش ئالتۇن گۈل» دەپ ئاتاشقانىدۇق. بۇ گۈللەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەممىمىز ئىنتىلەتتۇق، ئۇلار بىزگە يېقىنچىلىق قىلىپ قويسا، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتۇق. نۇرىيە ئەنە شۇ بەش ئالتۇن گۈلنىڭ بىرى ئىدى. ئارىلاپ نۇرىيە بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالاتتىم، ئۇمۇ سېنى ئىزدەپ ياتىقىمىزغا كىرىپ قالىدىغان، ئەمما ئىككىڭلارنىڭ يۇرۇۋاتقانلىقى ئۇ خىلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرگەن ئەمەس. ھازىر سەن بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، شۇنداق ئويلاپ قالدىمكى، قىزلارنىڭ تەبىئىتى نازۇك، يۇمشاق بولىدىكەن. ئۇلار يات جىنسنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە قىلغان سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسى، شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى، ئەمەلگە ئاشمايدىغان دەبدەبىلىك ۋەدىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدىكەن. ۋاقىت ئۆزار غانىسېرى بۇ بىر خىلدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قۇرۇق مەدھىيىلەر ئۇنىڭ تەبىئىتىنى تويغۇندۇرۇپ، ئاخىرىدا بىزارلىق ھېس قىلدۇرىدىكەن. ئاندىن ئۇنىڭدا ئۆز تەبىئىتىنىڭ تەتۈر سىچە بولغان نەرسىگە تەشنالىق تۇغۇلىدىكەن. بۇ خۇددى تاتلىقنى يەۋەرسە ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئاچچىق ـ چۈچۈكنى يېگۈسى كېلىپ قالىدىغانغا ئوخشىشىدىكەن.

ھە راست، سەن تەنتەربىيىگە قىزىقاتتىڭ، ۋالىبولنى ياخشى ئوينايتتىڭ، بىز مەكتەپكە كەلگەن يىلىلا، سېنىڭ بوكسيۇر ھەۋەسكارلىرى كوماندىسىغا قاتنىشقانلىقىڭ ئېسىمگە چۈشتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپلەر ئارا بوكسيۇر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، سەن ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەنىدىڭ. كېيىن بۇ ھەرىكەت قالدۇرۇلدى، شۇنداقتىمۇ سېنىڭ پەلەينى كىيىپ، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى تام مۇشتلاپ مەشىق قىلىۋاتقىنىڭ كۆزۈمگە چۈشۈپ قالاتتى. شۇڭا، نۇرىيەگە چېپىلماقچى بولغانلارنى يەر چىشلىتىپ قويغان قۇرلارنى ئوقۇغىنىمدا، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم.

22 ـ ئىيۇل

تويى «ئۈچ دەرۋازا» دىكى كاتتا قورۇلاردىن بىرىنىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇستىلار كەڭ ھەم ئۇزۇن كەتكەن ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ئىككى قاتار قىلىپ راسلانغانىدى. گارمۇنچى يىگىت ئىشتىياق بىلەن گارمۇننى تارتاتتى، قىزىپ قالغان ئىككى يىگىت، بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك قىزلارنىڭ يۇرىكىنى ئوينىتىۋېتىدىغان، يىگىتلەرنىڭ قەلبىگە ئوت ياقىدىغان مىسرالارنى تاللاپ جىرلايتتى، شوخ قىزلار زىل، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جىرنىڭ ئەۋجىسىنى كۆتۈرەتتى، يىگىتلەرنىڭ بوم ئاۋازى ئۇلارغا جور بولاتتى.

تانسا باشلانغاندا قىز ـ يىگىتلەر ئارىلىشىپ كەتتى. مەن ھېچكىمنى تونۇمايتتىم، ئاغىنىلىرىنىڭ ئوقۇش تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەنلىكى بىلەن تەبرىكلەپ تۇتقان رومكىلىرىنى كۆپرەك ئىچىپ قويغان ئاسمىنىڭ كەيپىياتى ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ھاراق كۆتۈرەلمەيتتى، يەنە ئىككى رومكا ئىچسە گەپكە كىرىشىپ، ھەممىنى ئۇنتۇيتتى. مەن ئەپچىل

بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇرۇۋالدىم، بۇ يەردىن سورۇندىكى ھەممىسىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ كەتمەيتتىم.

مەن كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى، ئۇ ئالدىمدىن يالغۇز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئاستا چاقىردىم:

— نۇرىيە!

نۇرىيە دىگەندە چۆچۈپ توختىدى، قولى بىلەن چىراغ يورۇقىنى دالدا قىلىپ قاراپ، تونۇغاندىن كېيىن ئىتتىك كېلىپ يېنىمدا ئولتۇردى.

— يالغۇز ئولتۇرۇپسەنغۇ، — دېدى ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ.

— يالغۇزلۇقنى خالاپ قالدىم، — دېدىم بوشقىنا كۈلۈپ، — سەندىن باشقىلارنى تونىمايدىكەنمەن.

— كەلگىنىڭنى كۆرمەي قاپتىمەن، ئاخشام تىنچ-ئامان كېتىۋالغانسەن؟

— سەنچۇ، خاتىرجەم ئۇخلىغانسەن؟

— كۆز يۇممىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. سېنى ئويلىدىم، مېنى رەسۋا قىلىشتىن ئەتراپىمدىكى بىلىدىغان ئادەملەر ئەمەس، يىراقتىن كەلگەن سېنىڭ ساقلاپ قالغانلىقىڭ ماڭا بىر مۆجىزىدەك بىلىندى. بۇرۇن سەن بىلەن بىللە يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆزۈمنى خاتىرجەم چاغلايتتىم، ئەسلىدىمۇ شۇنداق بولسا ياخشى بولاتتى...

— مەن بىلەن بەختسىز بولۇپ قالاتتىڭ.

— بەختسىزلىكىم سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشلاندى. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، تېنىم بەك ئاجىزلاپ كەتتى، ئىششىپ كەتتىم، ئوقۇغۇدەك مادارىم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ئۆتۈپ كېتىپ ھەممىدىن رايىم قايتتى.

ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوبداق بىلەتتىم. 60-يىللارنىڭ دەسلىپىدە قارا بۇلۇتتەك بېسىپ كەلگەن ئاچارچىلىق ئادەملەرنى ھالسىرىتىۋەتكەنىدى. مەكتەپلەردە قىزىل قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان ئۇماچ بېرىلەتتى، تەڭ يېرىمىغا دېگۈدەك قارا ياغاچ پورىسى، بېدە كۆكى ئارىلاشقان ھورنان پىشۇرۇلاتتى، قوناق ئۇنى ئەتىۋارلىق يېمەكلىككە ئايلاندى. ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن يامراشقا باشلىغان سېرىق كېسەل ۋە ئىششىق كېسىلى چالا قورساق ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماغدۇرىنى قۇرۇتتى. نۇرىيەمۇ ئىششىق كېسىلىنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلالماي ھۆپپىدە ئىششىپ كەتكەنىدى.

— ئوقۇشتىن چېكىنىپ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، بىر ئاز ۋاقىت ئارام ئالدىم. راسخوتتىن قىسىلىپ قورۇنىڭ يېرىمىنى سېتىۋەتتۇق، بۇ پۇل ئائىلىمىزدىكى تۆت جان ئۈچۈن قانچىلىك ئۇزۇن يېتەتتى دەيسەن، — ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ، قولياغلىقىنى قاتلاپ بىر دەم سۈكۈت قىلدى، — قىز بالىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەرگە تېگىش ئىكەن، — دېدى، خۇددى ئەرگە تېگىش گۇناھلىق ئىشتەك كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ، — كېيىن ئاپام ئۆلۈپ كەتتى، ئىنىم بىلەن سىڭلىم ئېرىمگە يۈك بولۇپ قالدى. ئۇ قورۇنىڭ قالغان يېرىمىنى سېتىۋېتەيلى دەپ،

ياخشى ـ يامان گەپلەرنى قىلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى، مەن ساتمايمەن دەپ چىڭ تۇردۇم. كۈندە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىدىغان بولدۇق، تاياقتىن بەدەنلىرىم كۆكىرىپ كەتتى، ئاخىر ئاجرىشىپ كېتىپ جېنىم ئارام ئالدى، تۇل بولۇپ قالدىم. ھازىر غىنچە رېشىلىيە ئىشلەپ، كىيىم تىكىپ جان ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

ئۇنىڭ ئاخشام سەن بىلەن مۇڭداشقىم بار دېگىنىدە، ماڭا ئېيتماقچى بولغانلىرى مۇشۇ ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆردۈم. بەختنىڭ مەنىسىگە شۇڭغۇپ يېتىش قىيىن، ئۆزۈم بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي يۈرگىنىمدە ئۇنى بەختلىك قىلالارمىدىم.

نۇرىيە ماڭا قاراپ سۇسقىنا كۈلدى:

— ساڭا بىر يىلغىچە خەت يېزىپ جاۋاب ئالالمىدىم. ئېيتقىنا مۇرادىل، شۇ چاغلاردا مېنى چىن كۆڭلۈڭدىن ياخشى كۆرگەنمىدىڭ.

ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا، كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ مەن بىلەن خوشلاشقاندا، مەندىن قىزغىن ۋەدىلەرنى كۈتۈپ تەلمۈرگەندە، يازغان خەتلىرىنى بىرلا ئوقۇپ ياستۇق ئاستىغا باستۇرۇپ قويغىنىمدا، ئۇنى چىندىن ياخشى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىم خىيالىمغا كەلگەن ئەمەس ئىدى. بەلكىم، مەن ئۇنى مۇشەققەتسىز قولغا كەلتۈرۈۋالغىنىم ئۈچۈن شۇنداقتۇر.

قىزىپ قالغان يىگىتلەر قىزلارنى ئەگىپ كېتەلمەيتتى، قىزىق، كۈلكىلىك پاراڭلارنى قىلىشىپ ئۇلارنى جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، مۇزىكا باشلانغۇچە قىزنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي تۇرىۋېلىشاتتى. قىزلارمۇ مودىلىق كۆينەكلەر چىپپىدە كەلگەن زىلۋا قامەتلىرىنى، ئېچىلىپ كەتكەن ھۆسن ـ جامالىنى نامايىش قىلىدىغان مۇنداق پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، يىگىتلەرنىڭ خۇشامەتلىرىگە قىزلارغا خاس تۇيغۇنلۇق، تارتىنچاقلىق ئارىلاشقان مۇلايىم كۈلۈمسىرەشلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرىشاتتى.

— مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغۇ، — دېدى نۇرىيە مېنىڭ سورۇنغا قاراپ ئۈنچىقمىغانلىقىمدىن ئوڭايسىزلىنىپ، — بۇ گەپنى دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. ئاخشام سېنى ئۇزاتقىنىمدىن بېرى ئۆزۈمنىڭ تۇللۇقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى، ئۆتكەنلەرنى ئەسلەش مەن ئۈچۈن شېرىن بىر چۈش، بۇ چۈش ماڭا بىر ئۆمۈر ئەسلەشكە يېتىدۇ...

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم، بۇ ھېچقانداق مەنىنى بىلدۈرمەيدىغان كۈلۈمسىرەش ئىدى. ئۇنىڭغا قىلىدىغان گېپىم تۈگىگەندەك، يەنە سورۇن تەرەپكە يۈزلەندىم.

— كۆزۈڭ چۈشتىمۇ نېمە، — دېدى نۇرىيە، — ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىز قىزلارنىڭمۇ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدۇ. مەن ـ مەن دېگەن يىگىت ئۇنى بىرلا قېتىم كۆرۈپ قالسا خۇدىنى يوقىتىپ ئۆزىنى بىلمەي قالىدۇ.

نۇرىيە مېنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بىر يىللىق ھايات ئۇنى قىزغانچۇق قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە گۈزەل بولغىنىغا قارىماي، چىرايلىق قىزلارغا تىكىلىپ

قاراپ قويۇشلىرىمغا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭدىكى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق ۋە چەكلەش، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ قېلىشىمغا سەۋەب بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم بەزىدە. ئۆزى كۈتكەن تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەي، دىلى سۇنۇق يۈرۈۋاتقان بۇ گۈلنىكى كۆندىمۇ، ئۇ مېنى يەنىلا قىزغانغاندەك قىلىۋاتاتتى.

— مەن بۇ تويغا ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈنلا كەلدىم. راست، ئۇ قىز بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. تونۇشامسەن؟

— ئارىلىشىپ ئۆتىمىز، ئىسمى سارا.

سارا! ئۇنىڭ ئىسمى سارا ئىكەن، ئۇ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن كوچىدا ئۇچراپ قېلىپ، مېنى يېرىم كېچىگىچە ئېزىقتۇرغان قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. باراڭ سايىسىدا ئولتۇرغىنىم ئۈچۈن، نۇرىيە قىزىرىپ كەتكىنىمنى بايقىمىدى.

— قارا، ئۇ بىچارە يىگىتلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى.

— ئۇنىڭدىن ئايرىلماي يۈرگەن ئاۋۇ قاملاشقان يىگىتچۇ، ئۇ كىم؟

نۇرىيەنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، ئۆز ۋاقتىدا مېنى شەيدا قىلغان بۇ كۆزلەردىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ ئۆتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. بەزىدە مېنىڭ سەزگۈلىرىم ئۆتكۈرلىشىپ كېتەتتى، شۈبھىسىزكى، بۇ قاملاشقان يىگىتنى نۇرىيە ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىدىن قىسىلىپ چىققان بىر نەچچە ئېغىز تونۇشتۇرۇشنى ئاران ئاڭلىدىم:

— كامال... كاتتا باي ئۆتكەن بىر ئائىلىنىڭ بايۋەچچىسى... سارا بىلەن توي قىلغۇدەك دېگەن گەپلەر بار... تونۇشۇپ قالغۇدەك بولساڭ ئۇنچە يېقىنلىشىپ كەتمە...

ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگەنلىكىنى سورىغىم كەلمىدى. كۆزۈم سورۇندا ئىدى، مەن سارانى كۆزەتمەكتە ئىدىم. ھاراقنىڭ كۈچىدىن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشقا باشلىغان بىر توپ خۇشامەتچى يىگىت ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بايىقى كامال ئىسىملىك مەغرۇر يىگىت بولمىغىنىدا، بۇ يۈگەنسىز يىگىتلەر سارانى قىزغىنىشىپ، بىر-بىرىنىڭ كارنىيىغا ئېسىلىشتىن يانمايتتى.

گارمۇن تىللىرىدىن ئىسپانىيىنىڭ مەشھۇر مۇزىكىسى «كەپتەر» نىڭ ساداسى ياڭرىشى بىلەن تەڭ، سارانىڭ قېشىدا ئاسىم پەيدا بولدى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ كامالنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ بىر نېمىلەرنى دېدى، كامال كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى، قولىنى كەينىگە ئېلىپ غادىيىپ تۇرۇشىدىن، سارانىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلغان تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— ئاسىم مەست بولۇپ قالدىمۇ، نېمە؟ — دېدى نۇرىيە شىۋىرلاپ.

چۇۋۇلغان چاچلىرى پېشانىسىگە يېپىشقان، يۈزى قىزىرىپ تەردىن پارقىراپ كەتكەن ئاسىم سەنتۈرۈلەتتى، سۆرىلەتتى، پۇتلىشاتتى. سارا بولسا يۈزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، ئۇنى يېتىلەپ دېگۈدەك بىر ئامال قىلىپ ئويۇنماقتا ئىدى.

— ئوھۇي نۇرىيە، سىز بۇ يەرگە مۆكۈۋالغان ئىكەنسىز-دە، — دېدى بىرى يېنىمىزدىنلا.

ئۈركىگەندەك چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن نۇرىيەنىڭ ئارقىسىدىلا، كامال خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— بىزدىن قېچىپ يۈرگىنىڭىزنىڭ سىرى مەلۇم بولدى، — دېدى ئۇ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ماڭا قادىلىپ، — بۇ ئاغىنىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قويغان بولسىڭىز بەكمۇ ياخشى بولاتتى، قارىغاندا، بۇ ئاغىنىمىز بىزنىڭ شەھىرىمىزدىن ئەمەستەك قىلىدۇ.



نۇرىيە ماڭا خورلۇقتىن تىترەپ كەتكەندەك بىلىندى.

— ئاغرىنمىسىڭىز، — دېدى ئۇ كامالغا ئالىيىپ قاراپ، — بۇ يەردە يوشۇرغۇدەك سىر يوق. تونۇشقىڭىز بولسا تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئىسمى مۇرادىل، ئاسىم بىلەن ئۈرۈمچىدىن بىللە كەلگەن مېھمان، ئۇچىمىز بىر مەكتەپتە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن بولىمىز.

كامالنىڭ قويۇق، قارا قاشلىرى كۆتۈرۈلدى:

— مۇنداق دەڭ، توغرا، توغرا، ئەمدى ئېسىمغا كەلدى، ئاسىم ماڭا شۇنداقراق بىر گەپنى دېگەندەك قىلىۋىدى، — ئۇ سەل ئېگىلىپ قولىنى سۇندى، — تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم كامال، سىلەردەك زىيالىيلار بىلەن دوستلاشسام بېشىم ئاسمانغا يېتىدۇ. ئاسىمدىن ئاڭلىشىمچە، سىز ئاقسۇلۇق ئىكەنسىز، بىز ئۇ تەرەپلەرگە بارالمىغان. ئاڭلىسام ئۇ يەرنىڭ كاۋىسى بەك ئوخشايدىكەن، شۇنداقمۇ؟

ئۇ بېشىنى كەينىگە تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلدى، ئۇنى ئەگىشىپ كەلگەن بىر نەچچىسى، گەپنى تولۇق ئاڭلىمىغان بولسىمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈشتى. نۇرىيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق قىلىنغان مەسخىرىدىن چېكە تومۇرلىرىم كۆپۈپ لىپىلدىدى، موسكۇللىرىم تارتىشىپ، بارماقلىرىم تۈگۈلدى، ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. مۇنداق ئادەم كۆپ سورۇندا تىلغا ياكى قولغا زورلاش ئۇنىڭدىنمۇ بەتەر مەسخىرىگە قىلىشقا سەۋەب بولاتتى.

ئۇ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى ۋە ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن

سارانى، يېڭى باشلانغان تانسىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

* * *

مۇرادىل، شۇ كۈنى بىز قاتناشقان كىمنىڭ توي مەرىكىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىمغا ئالالمـ
دىم، ئەمما خىزمەت تەقسىماتى ئالدىدىن بېرىلگەن بىر ئايلىق دەم ئېلىشنىڭ ئولتۇرۇش، توي ـ
تۆكۈن، سەيلى ـ ساياھەتلەر بىلەن ئۆتكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە. ئەگەر شۇ كۈنى مەست بولۇپ
قالغان بولسام، بۇ سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولغان، ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرار ـ تۇرمايلا كېتىمەن
دەپ مېنى قاتتىق رەنجىتكەنلىكىڭ ئەمەسمۇ. كامال ھەققىدە يازغانلىرىڭنى ئوقۇپ ئۇنى ئەسلەپ
قالدىم. ئۇ شۇ زامانلاردىكى يىگىتلەرنىڭ خىلى ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ، ئالىي
مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، باجخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغانىدى. مەن بەش يىل ئو-
قۇپ شۇ يازدا بارغىنىمدا، ئۇ بەش يىللىق ستاژغا ئىگە خىزمەتچى، بەدخەجلىكى بىلەن تونۇلغان
بايۋەچچە بولۇپ قالغانىكەن. ئائىلە ئىقتىسادى پەقەتلا چېچىلمىغان كاتتا باينىڭ (دادىسىنى
ئالتۇن ـ كۆمۈچ بىلەن ھەپىلىشىدىغان، ئۆز ئىشىغا پۇختا ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدىم) يالغۇز
مىراسخورى بولغان كامال، لوكچەكتىن تارتىپ ئەمەلدار غىچچە دوست تۇتقان، قىلىمەن دېگە-
نىنى قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان تەلۋە مىجەزىنىمۇ يېتىشتۈرۈشكە ئۈلگۈرگەنىكەن. ئۇنىڭدىكى
كېلىشكەن قامەت، قولىنى نەگىلا ئۇزارتسا يەتمىسىمۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بايلىق قىزلارنىڭمۇ
ھەۋىسىنى قوزغايتتى. شۇ چاغلاردا ئۇ ساراغا ئىچپەش تارتىپ يۈرەتتى، شەھەردە «كامال بىلەن
سارا توي قىلىشقۇدەك» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ھېچكىم كامالنىڭ ئالدىدا
سارا توغرۇلۇق باشقىچە بىر ئوي ـ خىيالدا بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

سارا چۇ؟ قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا، ئادەمگە يارىشىدىغان كۆركەملىكنىڭ ھەممىسىنى
ئۇنىڭ قامىتىگە مۇجەسسەملەپ، گۈل چەككەندەك تۈجۈپىلەپ نۇقسانسىز بىنا قىلغانىدى. ئو-
قۇمۇشلۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئائىلىدە چوڭ بولغان بۇ ساھىبجامال، جىسمىدىكى گۈزەللىك
بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەخلاقى بىلەنمۇ كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. توغرا، ئۇ بىر كۆرگەن ئادەمدە
تەكەببۇر، ھاكاۋۇردەك تەسىرات قالدۇراتتى. خۇدا ئۇنىڭغا ئۆزىنى يامان كۆزلەردىن
ساقلايدىغان شۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى ئاتا قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ كوچا ـ كويلاردا ئەركىن ـ
ئازادە يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەقىللىك، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، ئۆزىنى تۇتقان قىز
ئىدى. مەن ئۇ چاغلاردا سارانى سىرتىدىن تونۇيتتىم، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئويۇن ـ كۈلكىدىن
باشقىنى بىلمەيدىغان قىزدەك بىلىنگەنىدى. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇش شەرىپىگە
مۇيەسسەر بولۇپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ داشۆ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا تونۇش
دوستلىرى ئارقىلىق تەكلىپ قىلغانىكەن. شۇ چاغلاردا بىزنىڭ يۇرتتا ئۈرۈمچى ياكى ئىچكىرى
ئۆلكىلەردە ئوقۇۋاتقان داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشاتتى، ئانچە تونۇشۇپ
كەتمىسىمۇ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ يېقىن دوستلىرى قاتارىدا ئولتۇرۇشلارغا چاقىراتتى،
دوستلىشىپ قالسا خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇرۇشاتتى.

شۇ كۈنى سارا مەن بىلەن كۆپ سۆزلەشتى، ئۇنى داشۆ ھاياتى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى، دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئوقۇغان كىتابلىرىنى كۆرسەتتى. «كاپىتان گرانت ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى»، «سۇ ئاستىدا سەكسەن مىڭ كىلومېتىر سەپەر»، «بېشى يوق چەۋەنداز» دېگەن رومانلارنىڭ سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۆزبېكچە، قازاقچە نۇسخىلىرىنى كۆرۈپ ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى، مەن مۇنداق رومانلارنىڭ بارلىقىنى 60 ـ يىلىنىڭ يازلىق تەتىلدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. شۇنداق ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغان قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن داشۆدە ئوقۇمىغانلىقىغا ھەيران بولدۇم. بۇ ھەقتىكى سوئالىمغا ئۇ كۈلۈپلا قويدى، چىرايىدىكى خىجىللىقىنى كۆرۈپ، كوچىلاپ سوراشقا تىلىم بارمىدى (كېيىن ئاڭلىسام، ياشىنىپ قالغان دادىسىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغانىكەن).

كېيىنكى يىلى تەتىلدە كەلگىنىمدە، ئۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ، خىزمىتىدىن رازى ئىكەن. ئىككىمىزنىڭ تونۇشلۇقى چوڭقۇرلاشتى، بىر پىكىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. شۇ يىلى بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىنىمىزدە، مەن تېخىچە ئۇنىڭ بىرەر يىگىتكە كۆڭۈل بەرمىگەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ئۇنىڭ ساۋاقداش ـ دوستلىرى ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق بولۇپ، ئالدى بالىلىق بولغانىدى. سارانىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى، ئوي ـ خىيالىنى مەن بىر ئاز چۈشىنىپ قالغانىدىم. ئۇ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولىدىغان ئادەمدىن تولۇقلاشنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇ ئارزۇسىنى كامالنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىگە گۇمان بىلەن قارايتتى.

25 ـ ئىيۇل

مەن كېتىمەن دەپ جاھىللىق قىلغانىدىم، كەتمىدىم، ئاسىم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز بولمىغاندەك بېشىمنى چۆكۈرۈپ يۈرۈۋەردىم. ئۇ مېنىڭ كېتىش ۋاقتىمنى سوزغىنىمغا ئىچىدە خۇش ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى.

مەن نېمە ئۈچۈن بىردىنلا كەتمەس بولۇپ قالدىم؟ ئۆزۈم قوپال بولغىنىم بىلەن تەبىئىتىم زىل ئىدى، كامالنىڭ قىلغان مەسخىرىسىگە ئۇ كۈلگەندىكىگە ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرالمىغىنىمدىن، ئىچىمگە چۈشكەن ئاچچىقتىن تولغىنىپ كېتىۋاتاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت لازىم ئىدى. مۇنداق پۇرسەتنىڭ ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇياتتى. ئۇنىڭدىن باشقىچۇ؟ مەن قەلبىمنى تىڭشىدىم، ئۇ يەردە كۆتۈرۈلگەن ئىسيانىدىن، سېنىڭ ساراغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدى، دېگەن چۇقاننى ئاڭلىدىم. مەن مۇھەببەتكە ئەسىر بولۇپ قالارمەنمۇ؟! بۇرۇن مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدىم، ئەمما ئۆزۈمدە بەخت تۇيغۇسىنى سەزمىگەنىدىم، تەنھالىقتىن قۇتۇلالمىغانىدىم. ھازىر قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە «تەنھالىقمۇ سەن خىيال ئەيلىگەن بەختنىڭ شەپىسى ئەمەس. بەخت سېنى ئىزدىمىسە، سەن ئۇنى ئىزدە، بۇ يولدا دادىل بول، سىرداش ھەمراھلىرىڭ بولسۇن» دېگەن بىر ئىلاھىي

ۋەھى جار قىلىنغاندەك قىلاتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون يېرىمدا نۇرىيەنىڭ ئۆيىنى تىنىمەيلا ئىزدەپ كەلدىم. ئۇنىڭ لېنىندەك ئۇزۇن مېترىنى بويىندىن ئېلىۋەتمەي چىققىنىغا قارىغاندا، ئىش تىكىپ ئولتۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئورۇق، سەل تاتىرىڭغۇ، ئەمما تولىمۇ كېلىشكەن چىرايىغا يۇگۇرگەن قىزىللىق ۋە كۈلۈمسىرەشتىن، كەلگىنىمگە خۇشال بولغانلىقى چېقىپ تۇراتتى. ئۆزۈم بارىكى ئاستىغا قويۇلغان ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. قىسقىچە ئەھۋال ئاشقاندىن كېيىن:

ـــ سەندىن بىر نەرسىنى سوراي دەپ كەلگەنىدىم، ـــ دېدىم.

ـــ قولۇمدىن كەلسىلا، ـــ دېدى ئۇ مېترىنىڭ ئۇچىنى يۆگەپ تۇرۇپ.

ـــ سارانىڭ ئۆيى نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ.

ئۇنىڭ چىرايىدىن قىزىللىق قېچىپ ئەسلىدىكىدىنمۇ تاتىرىپ كەتتى.

ـــ ئاسىم دەپ بەرمىدىمۇ ؟

ـــ ئۇنىڭدىن سوراش نىيىتىم بولغان بولسا بۇ يەرگە كەلمەيتتىم.

ـــ سارانىڭ ئۆيى نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى ساڭا ؟

ـــ ئېيتىپ بەرگۈڭ بولمىسا مەيلى، ـــ مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوزغالدىم، ـــ ئەگەر ئۇ مۇشۇ شەھەردىلا بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى تاپالايمەن.

ـــ توختا، توختا دەيمەن مۇرادىل، بوپتۇ، مەن ئېيتىپ بېرەي.

مەن ئىشىك يېنىغا بېرىپ قالغانىدىم. بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا، نۇرىيەنىڭ تاتىرىشتىن ئۆزگىرىپ تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا، كىشىنى مەھلىياھ قىلىدىغان قوي كۆزلىرىنىڭ ئەنسىزلىكتىن پارقىراپ كەتكىنىگە كۆزۈم چۈشۈپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم.

ئۇ ئېيتىپ بەردى، مېڭىشقا تەمشەلگىنىمنى كۆرۈپ يالۋۇرغان بىر ھالەتتە:

ـــ كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، مۇرادىل، سەن ئۆزۈڭنىمۇ، سارانىمۇ ئازابلايدىغان بىر ئىشنى باشلىماقچىسەن. ئۇنداق قىلما، ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى تۇيغۇن كېلىدۇ، مەن ئەنسىرەۋاتىمەن، سەن بىر قايىنامنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىسەن.

ـــ ياخشى نىيەتىڭگە رەھمەت. مېنىڭ ئارزۇيىممۇ قايىنامدا ئۈزۈش، تىنچ كۆلدە ئۆز سەۋق ئۆزگەندەك بولمايسەن، دولقۇنلۇق، قايناملىق ئېقىن سۇ جىسمىڭنى تاۋلايدۇ، راھەتلىنىسەن.

ئىشىكتىن ئەمدىلا چىقىشىمغا، ئۇنىڭ ئاھ دېگەن نالىسى قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالدى، خۇددى بىرى تۇيۇقسىز سوغۇق سۇ چېچىۋەتكەندەك بەدىنىم شۈركىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئايال زاتىغا ھار كېلىدىغان بىر ئىشنى قىلغانلىقىمنى بىلىپ قالدىم. نۇرىيە مېنى ياخشى كۆرگەنىدى، ئۇنىڭغا بېرىلىشىم قانداق تېز بولغان بولسا، سوۋۇشۇممۇ شۇنداق تېز بولغانىدى. دىلى مېنىڭدىن ئازار يەپ، تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قالغان بىر قىزدىن ـ ياش تۇل ئايالدىن، ئۆزىدەك ئايال جىنسلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدىغان يەنە بىرىنىڭ ئۆيىنى سوراش، ئۇنىڭ مەن تۇيەيلى ئېچىشقان قەلبىگە تۇز سەپكەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئاسىمغا گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتىم. غايىۋانە بىر كۆچ

ماڭا مەدەت بېرىۋاتاتتى، ئۆزۈم ناھايىتى تەمكىن ئىدىم، سارانىڭ ھويلىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمدىمۇ، مەندە ھاياجانلىنىش، ھودۇقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا خېلىلا ھەشەمەتلىك سېلىنغان، ھازىر تۆۋرۈكلىرىنىڭ سىرى كۆچۈپ، كۆك خىشلىرى زەيلىشىشكە باشلىغان پېشايۋاندا، دوغلاقنىنا بىر ئايال يازلىق ئوچاق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى، قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلدى. بۇ ھېلىقى — مەن سارانى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان ئۇزۇن كوچىدا، ئۇنىڭ بىلەن كېتىۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزى ئىدى. يۈز پېچىمىغا قاراپلا ئۇنى سارانىڭ ئاپىسى ئىكەن دېدىم.

ئايال سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ باش لىڭشىتتى.

— سارانى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، — دېدىم سىلىق بىر ئاھاڭدا.

ئايال ئارتۇقچە گەپ سوراپ ئولتۇرمايلا، مەن ئاشخانا بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان ئۆي تەرەپكە قاراپ «سارا، سېنى بىرى ئىزدەپ كەپتۇ» دەپ چاقىرىپ قويدى ـ دە، ياندىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى.

پېشايۋاندا سارا پەيدا بولدى، ئۇ ناھايىتى ئالدىراش چىققاندى، شەھلا كۆزلىرىدىن يېغىپ تۇرغان كۈلكىدىن، بىرەر قىز دوستى ياكى يېقىن تونۇشلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھودۇقۇپ قالدى، كېلىۋېتىپ قىزلارغا خاس ئەپچىللىك بىلەن چېكە ۋە پېشانىسىدىكى تاراشقا بويسۇنماي ئايرىلىپ قالغان ئۇششاق بۇدۇر چاچلىرىنى قايرىپ بېسىپ ئەدەبلىشكە، نازۇك، بۇغداي ئۆڭ بويىندىن قېچىپ قالغان زەڭگەرەڭ كوپتىسىنىڭ ياقىلىرىنى يىغىپ تۈزەشكە ئۈلگۈردى.

— سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەنىدىم، — دېدىم بوشقىنا. بۇ مېنىڭ ھەم سالام بەرگىنىم، ھەم كېلىش مەقسىتىمنى بىلدۈرۈشۈم ئىدى.

ئۇنىڭ پۈتۈن سىرتقى قىياپىتى ئۆمرىدە ئۇچرىتىپ باقمىغان ناتونۇش بىر يىگىتنى كۆرگەنلىكىگە بولغان چەكسىز ھەيرانلىقنى يوشۇرالمايتتى.

— ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئۇ ئاددىيلا قىلىپ.

سارا ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندى، ئاھاڭدا ماڭا قىزىقىشتىن كۆرە، مېھماندوست ئائىلىلەردە بولىدىغان تەكەللۇپ بار ئىدى. ئېھتىمال، ئۇ مېنى گېپى بولسا مۇشۇ يەردىلا، يەنى ھويلىدا تۇرۇپلا ئېيتار دەپ ئويلىغاندۇر. ئائىلىۋى ئەخلاق قارىشىدىن ئېيتقاندا، ھويلىغا ئۇسۇپ كىرگەن مەندەك تەلۋە بىر ئادەمنىڭ ناتونۇش بىر قىز بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش زادىلا توغرا كەلمەيتتى. ئەمما، مەن بۇ گۈن ھەر قانداق ئەخلاق مىزانلىرىنى چەتكە قايرىپ قويغانىدىم، شۇ مىنۇتتا مېنىڭ كۈتىدىغىنىم ئۇنىڭ مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشى ئىدى.

سارا بىر نەچچە سېكۇنت ئويلىنىپ قالغانلىقىمنى ھويلىدا تۇرۇپ پاراڭلىشىشنى ئەپسىز چاغلىدى، دەپ چۈشەندى ۋە يېنىك دەسسەپ بېرىپ مېھمانخانا ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان ئۆي چوڭ ھەم ئازادە ئىدى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن جاي ئالغان ئۇزۇن ئۈستەل، ئۈستەلنى چۆرىدەپ قويۇلغان — قەدىمىي پوسۇندا ياسالغان كۆركەم ئورۇندۇقلار، تۆر تەرەپتە —

قاپقاقلىرى ئېچىۋېتىلگەن ئىككى دېرىزىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، نەقىش چىقىرىلىپ نەپىس ياسالغان قەدىمىي ئېگىز تىكلىمە ئەينەك ئۆينىڭ ھۆسنىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

تۆۋەنرە كتىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىنى تارتىپ ئولتۇردۇم، سارا ئىشىك بىقىنىغا قويۇپ قويۇلغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇراتتى، ئۇ مېنىڭدىن گەپ كۈتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا مېنى بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھودۇقۇش ئارىلاش بىر خىل ئوڭايسىزلىق چولغىۋالدى. ئالدىن تەييارلىۋالغان گەپلىرىم تومۇز ئىسسىقىدا پارغا ئايلىنىپ كەتكەندەك غايىب بولغانىدى. دېمەكچى بولغانلىرىم ئالىيجانابلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۈمىد ـ ئارزۇغا تولغان، ھېسسىياتلىق، ئاڭلىغان قىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان يالقۇنلۇق سۆزلەر ئىدى. مۇنداق سۆزلەرنى ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان بولسامۇ، بۇ كۈن بىر تىرىشىپ كۆرمەكچى بولغانىدىم. بىر مىنۇت داۋام قىلغان مۇشۇ ئارىسالدىچىلىق مېنىڭ ئەقلىمنى تېپىۋېلىشىمغا ياردەم بەردى. ئالدىمدا تۇرغان بۇ ساھىبجامال قىز، شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلاپ زېرىككەن، غورۇرلۇق، ئەقىللىك قىز ئىدى.

سارا كېلىپ چۈچۈلۈق قىلىن يىپەك داستىخاننى ئۈستىدىن سىلاپ تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن مېنى سۆزلەشكە ئۈندىگەنلىك، چاي ھازىرلىماقچى بولغانلىقتەك ئىككى خىل مەنىنى چۈشەنگىلى بولاتتى.

— ئاۋارە بولماڭ، — دېدىم ئالدىراپ، ئاۋازىمدا سېزىلەرلىك تىترەش بار ئىدى، — كۆپ ئولتۇرمايمەن. ئاۋۋال سىزدىن ماڭا ئوخشاش ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالغانلىقىدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

ئۇنىڭ ئىنكاسى تېز ھەم جايىدا بولدى:

— سىزنى مېھمان دەپ بىلىمەن، بىر ئادەمنى تونۇشلىرىلا ئىزدەپ كەلمەيدۇ.

مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا مۇۋاپىق سۆز تاللاپ بىردەم ئويلىنىپ قالدىم.

— ئىسمىم مۇرادىل، — دېدىم ئۈستەلدىن كۆز ئۈزۈپ، — ئاسىم بىلەن داشۆدە بىللە ئوقۇپ، بىللە پۈتتۈردۇق. بۇ يەرگە بەش ـ ئون كۈن دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم، ئاسىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن.

— سىز بۇ يەرلىك ئەمەسمۇ ؟

— مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان، بالىلىقىممۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكەن. كېيىن ... — مەن ئائىلىمىزنىڭ ئاقسۇغا كۆچۈپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى، ئاسىم بىلەن كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى قىسقىلا سۆزلەپ، بۇ ئارتۇقچە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى بىردەملىك بولسىمۇ سوزۇشنى ئويلىدىم. ئەمما، كۆڭۈلگە يوشۇرۇنغان سىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تېخىچىلا ھەيرانلىق ئۆچمىگەن كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم. ئۆزۈمنى تەبىئىيراق تۇتاي دەپ بىردەم داستىخانىنىڭ كەشتىلىك گۈللىرىگە، بىردەم تامدىكى شېشكىنىنىڭ ئورمان مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن ماي بوياق رەسىمگە قاراپ قوياتتىم.

— ئاسىم بىلەن كىچىكىڭلاردىن تارتىپ دوست ئىكەنسىلەر ـ دە، — دەپ قويدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قونغان بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەشتىن «سىز بۇ يەرگە مۇشۇ گەپلەرنى قىلغىلى كىرگەنمىدىڭىز» دېگەن مەنىنى سەزدىم.

— ئاسمىدىن سىزنىڭ ياخشى تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىدىم. دوستلارنىڭ دوستى بىلەن تونۇشۇپ قويۇشنى ياخشى ئىش دەپ قارايمەن، لېكىن ئۇزۇن سەت بولمىدى. بۇ گۈن مەھەللەلەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىشىكىڭلارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

— ياخشى قىلىپسىز، رەھمەت.

ئەمدى گەپنى سوزۇشقا بولمايتتى. ئەكسى ھالدا ئۇنىڭ ھەم ھايالىق، ھەم سىنچىلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى قەلبىمگە يوشۇرۇنغان ئەسلى مەقسەتنى بىلىپ قالاتتى.

مەن ئۇنىڭ «ھازىرلا چاي تەييارلايمەن، بىردەم ئولتۇرۇڭ» دېگەن تەكەللۇپلىرىگە ئىمكانقەدەر سىپايە ۋە سىلىقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ قوزغالدىم.

— سىزدىن بىر ئىلتىماسىم، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ئاسمىغا ئېيتمىسىڭىز، — دېدىم ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ.

ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى. نېپىز لەۋلىرىنىڭ ئۇچىدىكى ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك ئايرىلىشى، تەكشى قايرىلغان قۇندۇزدەك قارا قاشلىرىنىڭ ئۇچۇشقا تەييارلانغاندەك سەلگىنە كۆتۈرۈلۈشى «ئىلتىماس» ىمنىڭ ئۇنى تەئەججۈپتە قالدۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. مەيلى، — دېدىم ئىچىمدە، — ئەمدى ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە يالغۇز كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى بىلىشكە قىزىقىدۇ.

— مەن تونۇشلۇقىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم دەرۋازا ئالدىدا خوشلىشىۋېتىپ.

بۇ ئۆتۈنۈشۈم جاۋابسىز قالدى.

* * *

ھەي مۇرادىل ـ مۇرادىل، مۇشۇ بىر ئىشنى ئوتتۇز يەتتە يىل تىنماي يۈرگىنىڭگە قاراپ، سەندىن رەنجىشنىمۇ، خاپا بولۇشنىمۇ بىلمەي قالدىم. بۇ خاتىرە مەندە ھاقلىنىپ قالمىغىنىدا، سارا بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىڭ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ سىر بولۇپ قالاتتىكەن. ئۆز ئىشىڭغا نېمىدېگەن پۇختا ئادەمسەن ـ ھە ؟! شۇ چاغلاردىكى ئېلى شارائىتىدا بىر يىگىتنىڭ تونۇشمىغان بىر قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ چىقىپ كېتىشى ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىغان، ئۆزىگە ئىشەنچى بار، شىجائەتلىك ئادەملەرلا قىلالايدىغان ئىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئاجايىپ تونۇشۇشنى ماڭا ئېيتقان بولساڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، سېنى تەلۋىدىن تەلۋىگە سېلىپ تىللاپ كەتكەن، غۇلجىدىن چاپسانراق كەتكۈزۈۋېتىشكە ئالدىرىغان بولاتتىم. ھازىر چۇ ؟ ھازىر مەن سېنى ئىچىمدە مەردانىغا سېلىپ ماختىدىم، شۇ جۈرئىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بۇنى ھازىرقى ياشلارغا سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۇلار بىزنى «شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ماختانغانلىق بارمۇ» دەپ كۈلۈشى مۇمكىن. بۇ گۈنكى كۈندە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تونۇشۇشى «ياخشىمۇ

سىز» دېگەندىنمۇ ئاسان بولۇپ كەتتى، تونۇشۇشقا قولايلىق سورۇنلارنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەيلا قوي. ئۇلار بۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىشتى، ئۆيگە يېتىلىشىپ كىرىپ، بىز ئاتا-ئانىلارغا ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان «جاسارەت» كە كېلىپ قېلىشتى، ساقال سىپاپ قويۇشتىن باشقا نېمە ئىلاجىمىز بار، يامان يولغا كىرىپ قالمىسىلا بولدى، دېيىشىدىغان بولدۇق.

ئۇ چاغلاردىچۇ؟ خۇراپاتلىق، سوتسىيالىستىك ئەخلاق، مۇسۇلمانچىلىق ئەدەب-قائىدىلەر بىرى-ئىككىنچىسىگە ئورۇن بەرمەي تۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى. بىزمۇ ئوقۇيتتۇق، مەدەنىيەتلىك ئىدۇق، ھازىرقىدەك كوچىلاردا ۋارقىراپ سۆزلىشىشتىن، مەست بولۇپ دەلدەڭشىپ مېڭىشتىن نومۇس قىلاتتۇق. قىز-يىگىتلەر كوچىلاردا، سورۇنلاردا ئاشكارا كۆرۈشۈشتىن تارتىناتتى. مۇھەببەتلەشكەن ياشلار ئۇچرىشىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلىرىغا مىڭبىر باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشىپ ئۆيدىن تەستە چىقاتتى، باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالمايلى دەپ، تېرەك ياقىلاپ مېڭىپ، ئۈنلۈكرەك پاراڭلىشىشقىمۇ قورۇنۇشاتتى. يىگىتلەر قىزلارنى كىنوغا ياكى تانسا كېچىلىرىگە ئاپىرالىسا، شۇ كۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ لەززىتىنى يەنە بىر كۆرۈشكىچە سۈرەتتى. سەن شۇنداق بىر شارائىتتا سارانىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلىپسەن. مەيلى، ھازىرقى ياشلار نېمە دېسە دېسۇن، مەن سېنىڭ شۇ قەيسەرلىكىڭگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئوقۇيمەن. سېنىڭ كۆزلىرىڭگە شۇ دەۋرنىڭ چەكلىمىلىرى كۆرۈنمەپتۇ؛ كامالنىڭ سارانى قورۇغداش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان قوللىرى، يول-يولغا قويۇۋەتكەن قارانچۇقلىرى يولۇڭنى توسۇيالماپتۇ.

سەن مۇھەببەتكە ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىڭنى ئاجىزلىقىم دەپ ئاغرىنىپسەن. ئەگەر بۇنى ئاجىزلىق دەپ ئاتاش توغرا دېيىلسە، دۇنيادا بۇ ئاجىزلىقتىن كىم ساقلىنالىدى؟ بىر ئۆمۈر تەنھا ئۆتۈپ كەتكەنلىك ساقلانغانلىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەڭ، قەلبىنىڭ تۆرىدە بىر گۈزەل سىمانىڭ نەقىش بولۇپ ئويۇلغانلىقىنى كۆرىسەن. مەن ھازىر شۇنداق بىر ئويغا كېلىپ قالدىم: مۇھەببەت-بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان يەر يۈزىدىكى جەننىتى ئىكەن. بىز شۇ جەننەتكە ئېرىشىش، ھەم ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن، ھازىرقى زامان تىلى بويىچە ئېيتقاندا كۈرەش قىلىدىكەنمىز. جەننەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ھاياتىڭنىڭ شۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنرەك ئارزۇ-ئىستەكلەرنىڭ بىخلىنىپ چىقىپ، ساڭا ئارام بەرمەي تىنچسىزلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىدىكەنسەن. بەلكىم ھەممىلا ئادەم ئۇنداق ئەمەستۇر، ئادەملەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە «ئىچى كۈچلۈك» دەپ ئاتىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. مەن سېنىڭ «مۇھەببەت بەختنىڭ ھەممىسى ئەمەس» دېگەن سۆزۈڭنى شۇنداق چۈشەندىم، بۇ چۈشەنچىگىمۇ چاچ-ساقىلىمغا قىراۋ باسقان كۈندە ئاران كېلەلىدىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

مۇھەممەتجان راشىدىن

# كۈتۈشكە يارالغانمەن سۆيگۈنۈمنى

## خوشلاشقۇم بار كېتەردە سۆيۈپ

داۋان دەيدۇ يېرىم ئەسىرنى،
مېڭىپتىمەن، دېمەك، مەن پەسكە.
ئات سالغاندا ئاتمىشقا قاراپ،
ئېلىپ ماڭدىم ئۆلۈمنى ئەسكە.

تىلەكلەردەك بولامدۇ ھايات،
كىم بىلىدۇ پەللىمىز نەدە؟!
ئەتە گەرچە تىرىك بولسامۇ،
خوش ئېيتىمەن بۈگۈن مەشەدە.

يىللار ھەيدەپ كەپتۇ مەشەگە،
مەشە بەلكىم ئاچار يول بىزگە.
ئايرىلاردا خەيرلەشكەن خوپ،
ئاقىل ئىش يوق ئۇنىڭدىن ئۆزگە.

يا مەن بالدۇر، يا سەن ئىلگىرى
كۆز يۇمىمىز ھامان بىر كۈنى.
يىغىسى بار ئالەم دېگەننىڭ،
شەرت قىلمايدۇ مەڭگۈ كۈلكىنى.

كەچۈر مېنى، كەچۈردۈم مەنمۇ،
ياخشى ـ يامان دېيىشكەن بولساق.
بۇ دۇنيادىن شۇنداق كېتەيلى،
بۇرۇن قانداق يۈرۈشكەن بولساق.

بالدۇر كەتسەم، خەير ـ خوش، دوستۇم،
كېيىن قالسام رازىمەن سەندىن.
خوشلاشقۇم بار كېتەردە سۆيۈپ،
سۆيەلمىسەم رەنجىمە مەندىن.

## قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر

قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر
كۆكتە مەن يۇلتۇز كۆزى ياش.
كۆتۈرۈلدى بوران ئىسيانى
ئۇرۇپ يەرگە تۇمەن دەرەخ باش.

ئازار يەتتى يېشىل ياپراققا،
چۈشتى خازان كۈز كەلمەي تۇرۇپ.
شاۋقۇن سالدى ئەلەمدە دەريا،
چىقتى تالاي باغلار ئاھ ئۇرۇپ.

قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر
تەڭ يىغلايدۇ گۈللەر، سۇمبۇللار.
سايراپ چىقتى دېمەك تۈن بويى
ھازا ئاچسا يىغلاپ بۇلبۇللار.

قەبرىستاندەك تىمتاس تەبىئەت
شۇ كېچىدە غەمنىڭ سىردىشى.
چايقىلىدۇ گىرىمسەن ئورمان،
ئىغاڭلايدۇ قايغۇدا بېشى.

يىغلاتماڭلار، دەيدۇ قىزلارنى
ئانا تىككەن ئاددىي قور چاقلار.
قايىنماسقا ئىچىشتى قەسەم
جىمى قازان، جىمى ئوچاقلار.

ئانا بولۇپ تاڭلا شۇ قىزلار
يىغلاپ ئاقار دەرد دەرياسىدا.
تىلىكىدە پەرزەنتلەر بەختى،
يىغلايدۇ ھەم ھەر دۇئاسىدا.

ئەللەيلەيدۇ قوشۇپ تۈننىمۇ
بوۋىقىنى ئەللەيلىگەندە.
كۆز يېشى تەك ئانا دېگەننىڭ
باللاردىن قايغۇ يېگەندە.

گاھ ئۆرتىنەر ئۆلگەنگە باغرى،
گاھ قالىدۇ كەتكەنگە يىغلاپ.
يادىگىدىدۇر چىققىنى تۈندە
ساڭا ئاپتاپ ئۆتكەنگە يىغلاپ.

يىغلاتمايلى شۇڭا قىزلارنى،
ئارامىنى بۇزمايلى تۈندە.
قىز چېغىدىن يىغلىسا ئانا،
قالامدۇ بۇ ئالەم كەلكۈندە؟!

## تەگرىدىن تىلىگىنىم بىر سەن ئۆزۈڭ

ھەر كۈننىڭ بوسۇغىسى سەھەر، دەيدۇ،
مەن سېنى بوسۇغىدا كۈتۈپ يۈردۈم.
كەلمەيدۇ يارىڭ دېسە، سەن ئۆلگەندەك،
ھەر كۈنى ساڭا ھازا تۇتۇپ يۈردۈم.

ئۈمىدتە تەلمۈرىمەن ئادەملەرگە،
سېنىڭدىن بىر خۇش خەۋەر ئېيتارمۇ دەپ.
سەن تېخى كەلمەي تۇرۇپ ئەنسىرەيمەن،
كەلگەندە يەنە تاشلاپ كېتەرمۇ، دەپ.

بۇ ـ مېنىڭ كاج تەلىيىم، دەيمەن بەزەن،
ئۆزۈمنى كېلىپ ئۆزۈم كاچاتلىغۇم.
ئۆزۈمنى بىتەلەي دەپ تىللىسامۇ،
يوق ئەمما ئەقىدەمنى پاچاقلىغۇم.

مەن، گۈلۈم، راھىتىڭگە خۇشتار سېنىڭ،
رازىمەن بىر يىل ئەمەس، بىر تۈنگىمۇ.
مىڭ يىللاپ ياشىغاندىن جۇدالىقتا،
رازىمەن ئۆزۈڭ بىلەن بىر كۈنگىمۇ.

سېنىڭسىز قىيامەتنى كۆرۈپ بولدۇم،
ھىجراندا ھالاك بولغان بىر مەن پەقەت.
تېشىلگەن كۆۋرۈكلەردەك ئۈمىد ۋەيران،
ھېلىمۇ ئۆلمەيدىكەن مەندە تاقەت.

چىنىگە، قىياسىمدا مەن چاي ئىچكەن
دەز كەتتى، بىر ئويلىسام، قاداپ بولماس.
كېلەر سەن قانچە كۈندە مەھەللەمگە،
كۈتۈشتە ئۇ كۈنلەرنى ساناپ بولماس.

ئاغزىدا مەھەللەمنىڭ كۈندە مەن بار،
كۈن پېتىپ، ئاي چىقسىمۇ قايتقۇم كەلمەس.
قىز غىنىپ ئەلدىن سېنى، بۇ دەردلەرنىڭ
ۋەجىنى تېخى ئەلگە ئېيتقۇم كەلمەس.

ئېقىپمۇ كېلىپ قالار بىر تال چېچىڭ،
ھەر كۈنى ئۆستەڭگە چىق، بېشىڭ تارا.
ئىرغاتساڭ سۇغا ئىرغات ئۆرۈكلەرنى،
مەيلى مەن سۇدا ياتاي بارا ـ بارا.

كۆرگەنمەن ئۆز يارىنى كۈتكەنلەرنى،
ۋە لېكىن ھېچكىم مەندەك كۈتكەن ئەمەس.
ئالەمنى ئارىلاپ كۆر چىنپۇتمىسەڭ،
دۇنيادىن مەندەك ئاشىق ئۆتكەن ئەمەس.

تەگرىدىن تىلىگىنىم بىر سەن بولدۇڭ،
تىلەكسىز ئۇ غۇل بولما، دېسە ئانام.
ئەزىزلەپ ئۇ چۇرۇڭنى بەرگەنلەرگە
ئون كۆرسەم بەردىم كۈندە ئون رەت سالام.

سورايمەن كۆرۈنگەندىن سېنى، گۈلۈم،
توي تارتىپ ئۆتكەنلەرنى توراپ تۇرۇپ.
قانچە رەت يىغلىۋەتتىم چىدالماستىن،
يېنىشلاپ ئۇ چۇرۇڭنى سوراپ تۇرۇپ.

قېيدىسام كەچتى دېمە بۇ ۋىسالدىن،
كۈتتۈشكە يارالغانمەن سۆيگۈنۈمنى.
چېكى يوق بۇ كۈتۈشتىن جاھان كۆرسۇن،
ئۆمۈرلۈك مېنىڭ ساڭا كۆيگۈنۈمنى.

قۇربان ئىمن

## شېئىرلار

### بار

سۆيۈملۈك ھۆر دىيارىمنىڭ ئېپار ھىدلىق ھاۋاسى بار،
چىمەندە بەزمىلەر قۇرغان خۇشال بۇلبۇل ناۋاسى بار.
بۇلۇت سۆيگەن ئېگىز تاغلار، يېشىل ئورمان، گۈزەل باغلار
ئارا ياڭرايدۇ شاد ناخشام، ئۇنىڭ دىلغا داۋاسى بار.
ئىلىم ـ پەن ئەلگە يار بولغاي، شۇڭا گۈللەرگە تولغاي ئەل،
پۈتۈن بايلىق ئېچىلسۇن دەپ، كۆڭۈل ئارزۇ ـ تەمەسى بار.
ۋەتەننىڭ كۆز، قىشى ئالتۇن، باھار، يازى دېمەك گۆھەر،
ھايات كۈلمەكتە شۇڭلا شفا، كۆرەش، مېھنەت ئاساسى بار.
ۋەتەن پەرھادلىرى غەيۇر، پاراسەتلىك، ماھارەتلىك،
جىگەرلىك مەردكە مۇشكۈلنىڭ زەپەر نامىلىق ئاتاسى بار.
ۋەتەننى باي، گۈزەل قىلماق بۇگۈن بىزلەرگە يۈكلەنگەن،
ھەققەتتۇركى ھەر كىمگە، پاراغەتنىڭ جاپاسى بار.
داۋان ئالدىڭدا تۇرماقتا، ئېشىپ ئۆتمەك كېرەك ئۇندىن،
كۆزەت ئەقلىڭدە مەنزىلنى، كۆزۈڭ ئاقۇ قاراسى بار.
ۋەتەن پەرزەنتىدەك ئاقلا ئۆزۈڭ ئۈستۈڭدىكى قەرزنى،
دېسۇن ئاخىر سېنى ھەر كىم: پەرۋىلەتلىك ـ ھاياسى بار.
سەممىي ئىش قىلىپ قۇربان، ۋەتەنگە تۆھپە قوش كۆپرەك،
ساڭا تەگكەش بولۇپ تۇرغان غەزەلخانلار ساداسى بار.

1984 ـ يىل 12 ـ ئۆكتەبىر

## ئىز باسارىم بولۇپ قال

ئىز باسارىم بولۇپ قال، ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىپ،
يورۇسۇن قەلبىڭ تولۇق مەرىپەتتىن نۇرلىنىپ.
ئىلمۇ ئىرپان بۇلىقى تەشنا دىلنى قاندۇرار،
شۇ بۇلاقتىن شەربەت ئىچ شىجائەتنى قوللىنىپ.
ئىلىم ـ بىلىم بىلەن سەن بولالايسەن مۇنەۋۋەر،
يېتەلەيسەن مۇرادقا مېھنەت قىلىپ كۆللىنىپ.
بۇ دەۋردە نومۇس تۇر بىلىمسىزلىك ـــ نادانلىق،
پەن ـ تېخنىكا ئىگىلە، سەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ.
دەۋرىمىزگە مۇناسىپ مۆجىزىلەر بەرپا قىل،
ئال تارىختىن مۇكاپات ئەلگە ياخشى ئىش قىلىپ.
ئىز باسارىم بولساڭ سەن بولالايسەن شەرەپلىك،
بىللە مېۋە بېرەيلى مەرىپەتنى كەڭ يېيىپ.
ئىلىم ـ پەننىڭ چېكى يوق، خۇددى چوڭقۇر دېڭىزدەك،
ئۈنچە ـ گۆھەر سۈزۈپ ئال شۇ دېڭىزنى سەن كېچىپ.
1984 ـ يىل 29 ـ ئۆكتەبىر

## ئەي يىگىت

ئەي يىگىت، بەرنا يىگىت، ئەقلى تازا دانا يىگىت،
باغچىمۇ كۆڭلۈڭ سېنىڭ، تولغان ئېسىل رەنا، يىگىت.
ئاقساقاللارغا سالام بەرگەنلىرىڭگە ئاپىرىن!
خۇش پېئىللىق بابىدا قەلبىڭ گويا دەريا، يىگىت.
ياخشى تەسىرىڭ بىلەن قالدى يۈرەكتە ھۆرمىتىڭ،
ھەرىكىتىڭ قائىدىلىك، سۆزلىرىڭ ھالۋا، يىگىت.
شەپقىتىڭ تەگكەي داۋاملىق بار مېيىپ ـ بىچارىگە،
يول بېرەر سەن ئۆزگىگە، ئەلنى بىلىپ ئەلا، يىگىت.
كۆز قىرىڭنى سالمىدىڭ سەن باشقىلارنىڭ ھەققىگە،
يولدا ئۇچراپ قالسىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، تىللا، يىگىت.
ھېچ كىشى ئازار يېمەس، بەلكى سېنىڭدىن خۇش بولار،
خالىسانە يار دېمىڭ، قىلغان ئىشىڭ لىللا، يىگىت.
باشقىلارغا خەۋپ يېتىپ قالسا ئەگەر بىر تۇغرىدىن،
قۇتقۇزار سەن جان تىكىپ، بولساڭمۇ گەر تەنھا، يىگىت.

قوۋۇنتىڭدىن تاغۇ تاشلار تىترىشىپ تەزىم قىلار،
بۇ شىقا ئۆتكۈزمە بۇ ئالتۇن دەۋرنى ئەسلا، يىگىت.
ئىلمۇ پەنگە تاغ كەبى ئىخلاس قويۇپ ئۆگەن ئەبەد،
مېھنىتىڭ بىرلە ئېچىلدۇر گۈلنى قىل ئەھيا، يىگىت.
ياشلىقىڭ — ئۆمرۈڭنى قىل تەقدىم ۋەتەنىڭ نەپىگە،
بىرلىشىپ قىلساق كۆرەش جەننەت بولار دۇنيا، يىگىت.

1988 ـ يىل 26 ـ ئۆكتەبىر

## رۇبائىيلار

ئەگەر بولسا كىشىكىم خۇلقى كەمتەر،
شۇدۇر چولپان ـ كىشى قەلبىدە ئەختەر.
باھانى بەرمىسەڭ توغرى ئۆزۈڭگە،
رەقىب سەمىرىپ ساڭا سانجىيدۇ خەنجەر.

چىراي بولغان بىلەن ئەنبەر ئەمەس ئۇ،
سېپىق سۇدۇر كى ئۇ — كەۋسەر ئەمەس ئۇ.
مۇناپىقنى ئىشەنچ قىلسا ئەگەر كىم،
پۇشايمانغا قالارنى ئويلىماسمۇ؟

1983 ـ يىل 11 ـ مارت

روزى سايىت

# دىلىم ياش، سۆيگۈم ياش

## ئۆز

لەيلىگە قەيسىنىڭ كۆزىدە باقسا ئۆز،
تاھىرى زوھرا كويىدا ئاقسا ئۆز.
ئۇ بىزار بولغانغا بۇ بەك ئىنتىزار،
ئۇ يار ئاتماس بۇ قېشىنى ئاتسا ئۆز.
ھەر كىشىنىڭ ئۆزغا مىزانى بۆلەك،
بۇ دېمەك كىم ئىشقى كىمگە ياقسا ئۆز.
مەنمۇ بىر ئۆزنىڭ پىراقىدا ھەلەك،
ياق دېمە سەن نازى ـ نەشتەر چاقسا، ئۆز.
دەر بىراۋلار: ئۇ ساڭا قىلدى سىتەم،
دەيسىنا باغرىڭغا «مىق» نى قاقسا، ئۆز؟
رايى تارتسا مەيلى ھەتتا مىق تۈگۈل،
دادلىشىم يوق تىخى شەمشەر چاپسا ئۆز.
ئاقسا قانىم، ئۈنسە گۈل قان رەڭگىدە،
ھەل مۇرادىم يار شۇ گۈلنى تاقسا ئۆز.
بىل، تەقەززالىقتا راھەت چىن بەخت،
ھەر كۆڭۈل خالاپ بەختنى تاپسا ئۆز.
ھەممىدىن ئۆز نەرسە يارنىڭ خاھىشى،
روزىغا يار خالىشىدا باقسا ئۆز.

## گول قىلىپ

يۈرگىنىم، ئىسىت، كونا ئەندىز گول قىلىپ،
پەتىۋاچى پىتنە ـ ئەڭگىز گول قىلىپ.
ئىت ـ ۋاپا دەپ، ئىتنى باقسام چىشلىدى،
يار ـ جاپا، سەن باقما ھەرگىز گول قىلىپ.
ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ تېڭى ناخۇش، ياران،
ھەر قەدەمدە كاتتا پەرھىز گول قىلىپ.
يوقنى ئىزدەشتە قولۇمدىن ئۇچتى نەق،

ئەمدى دىل قان، كۆزدە ئەگىز، گول قىلىپ.
دەپ زىيان تارتتىمغۇ سەراپنى دېگىز،
كۆرۈنۈپ ئاسلانمۇ يىلپىز، گول قىلىپ.
ئەمدى غەپلەتتىن مۇراد ھاسىل ئەمەس،
چالغىتالماس دىلنى سىز، بىز گول قىلىپ.
سۇغا چۈشكەن تاشمۇ بىر ئۈن قالدۇرار،
مەنچۇ، يوقكەن قىلچە ئۈن ـ ئىز، گول قىلىپ.
يىتمىسۇن ئىمان گۇماننىڭ ۋەجىدىن،
نەدىكى بىر ئەسكى تەقرىز گول قىلىپ.
چىلڭ چىگەي پوتا ئىشەنچتىن، مەيلى گەر،
ياقسا ئوت ئىشقىنى بىر قىز گول قىلىپ!

## غۇلى

سەن دېدىڭ: يوق توققۇزى تەل جان غۇلى، ①
مەيلى ئۇ بولسۇن ئاۋام يا خان، غۇلى.
كۆز يۇمار ئادەم دېگەن، پۈتمەس كېمى،
چەرخى گەردونمۇ يېرىم جەريان غۇلى.
ھەممە ئادەم بىر خىيالغا قۇل ئىرۇر،
ئاشۇ قۇللۇق ئىلكىدە ۋەيران غۇلى.
كۆر گىنە، باي ۋارىسى يوق غەمگە بەنت،
كەمبەغەلچۇ، نان غېمى چەندان، غۇلى.
بۇ جاھان شۇنداق جاھان، كەمتۈك جاھان،
يوق مۇكەممەل نەرسە، مەن ھەيران غۇلى.
ۋاھ، كېتەرمۇ شۇ يوسۇن كەملىك بىلەن،
بۇ جاھاندىن، ئېيتقىنا، ئىنسان غۇلى؟!
تىگشىماققا راست گېپىڭ بار ھەم غەلەت،
كەمنى توشقۇزماققا كۆپ ئىمكان غۇلى.
«بەرسە يەيمەن، ئۇرسا...» دەپ ياتقان كىشى،
بۇ دەۋردىن كۈتمىسۇن ئېھسان غۇلى.
چارپايدىن پەرقى ئىنساننىڭ ئەقىل،
ھەممىدىن غالىب ئەقىل ھەر ئان غۇلى.
قوپ بۇرادەر، تەندە دەرمان يىتكىچە
تىر كىشەيلى قالمىسۇن ئارمان غۇلى!

## تەممەت

ئۆزنى بىلمىدى كىمكى بىلەلمەس ئۆز گىنى تەممەت، ②
چۈشەنمەي ئۆز گىنى يۈرسە يوقاتقاي سەز گۈنى تەممەت،
كۆڭۈلنىڭ ئاقلىقى باشقا، خىيالنىڭ تاقلىقى باشقا،
خىيالى تاق كىشى، بىل، بار چىدىن قول ئۈز گىنى تەممەت.
چاۋاك جۈپ قولدا ياڭرايدۇ، ساما مەيداندا قاينايدۇ،
ئېشەك يېگانە ھاڭرايدۇ ـ يۇ، بىلمەس ئىز گۈنى تەممەت.
كۆرۈڭ، بۇلبۇل ھامان باغدا قىزىلگۈل ئىشقىدا داغدا،
ئاشۇ داغنىڭ تۈپەيلى يوق چىمەندىن بەز گىنى تەممەت.
«قۇياش، ئاي كۆكتە چاقنايدۇ، بىرىنى ـ بىرى تاپمايدۇ»
دېمە، تاپقاچقا قاتمايدۇ سېپىگە ئۆز گىنى تەممەت.
جاھان بازارىدا غوغا، ئىچەر ئۇمەينى، بۇ ئوغا،

---

① غۇلى ــ زادى، پەقەت مەنىلىرىدە.
② تەممەت ــ ھەرگىز، پەقەت، ئۈزۈل ـ كېسىل، پۈتۈنلەي مەنىلىرىدە.

ئەقلىنى تىكتى كىم دوغا، بەختتىن تەزگىنى تەممەت.
نىچۈن قۇش ئۇچتى بوشلۇقتا؟ سەۋەب پەر ـ بازى خۇشلۇقتا،
ئۆتتۈشچۈن كۆڭلى خۇشلۇقتا يوقات ـ غەم ـ رەزگىنى تەممەت.
دېگەن: باشىڭغا تاج ئەل ـ يار، ئېلىڭ، خەلقىڭ ئېرۇر دەل يار،
بۇنىڭدىن باشقىسى ئەغيار جاھاننى كەزگىنى، تەممەت.
خىيالىڭ ئەل بىلەن ھەردەم بولۇپ ماس چامدىساڭ بەردەم،
زەپەر ھەمدەم، قولۇڭدا شان، مۇرادىڭ تىزگىنى تەممەت.
ساڭا قىلغان بىلەن گەپنى ئۆزى ئالدى تالاي نەپنى،
شۇ بولدى نەپ ئارا روزى گادايىنىڭ سەزگىنى تەممەت.

## دىلىم ياش، سۆيگۈم ياش

ئاجايىپ ئىز ئىراپ، سەۋدا بۇ گۈن باشتا،
كۆيۈپمەن بىرىگە، توۋا، مۇشۇ ياشتا.
نە كۈندۈز دىل ئارامى، نە كېچە ئۇيقۇ،
ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن يۈردۈم قىلىپ ناشتا.
بىراۋلار ئەيىب ئېتەر ھالىڭغا باقىن، دەپ،
دېگىنىز قايىنامدۇ بىر تال چوغدا، ئوتقاشتا؟
ئۆتتۈن ياشلارغا سەن بۇ مۇپتىلالىقنى،
كۈنۈڭ تەس، پايدا يوق ۋاي ـ داد تا قاقشاشتا.
بىراق، ئاشىقلىقىم غەۋغاسى بى ھەدكى،
كېمىم يوق قەيس بىلەن تاھىر غا ئوخشاشتا.
نەسىھەت كار ئەمەس، جىسمىمدا ئوت ـ يالقۇن،
كۆزۈم ئىزدەيدۇ يار ۋەسلىنى چاقناشتا.
دىلىم ياش، سۆيگۈ ياش ـ ئىشقىمۇ مۇتلەق ياش،
دىلىم پاك، سۆيگۈ پاك ياشاردى ياشناشتا.
مېنى ياشناتقىنى دەۋران، ئەقىدەم چىڭ،
بۇ چىڭلىق بەلكى ئاز ئالماستا، قاشتاشتا.
چۈشەندىڭمۇ بۇرادەر ئەمدى كۆڭلۈمنى،
كۆيۈپ باق ئىز دىسەڭ ئۆتمەكنى ياير اشتا.

## قەدرىنى

بەربىر بىلمەس ئېشەك كۈنجۈر، ناۋاتنىڭ قەدرىنى،
بىلمىگەي چەرەندە ھەرگىز پەر ـ قاناتنىڭ قەدرىنى.
سۇر گىلى پەيىز دىت كېرەك، دىتسىزغا پەيىزمۇ بى كېرەك،
كىم سەپەر قىلدى ياياق بىلگەي شۇ ئاتنىڭ قەدرىنى.
كىم ھاياتتا كۆردى ئىسسىق، سوغنى كۆپرەك ئۆز گىدىن،
شۇ بىلەر بەكراق ساۋاقنىڭ، ھاسىلاتنىڭ قەدرىنى.
كۆيمىگەنلەر، سۆيمىگەنلەر ئوت ـ پىراقتىن بىخەۋەر،
ۋەسلى دىدار بەك چۈشەنگەي بەخت ـ مۇرادنىڭ قەدرىنى.
ھېچنەرسە قەدرى ئۆتمەستە قەدىرلىك بولمىغان،
ۋەھمى ۋەيلۇن بىلدۈرەرمىش پىلسىراتنىڭ قەدرىنى،
دەشتى چۆلنىڭ يازدا سەراپ، قىشتا چاپقۇن، قارى بار،

چاڭقىغان، توڭغان بىلەر ئۆتەك ـ راباتنىڭ قەدرىنى.
بۇتقا باش ئۇردۇڭ، نېمە بەش ۋاق ناماز خانلىق نېمە،
بىلگىنىڭ ئەلا جىمىدىن ئېتىقادنىڭ قەدرىنى.
ئۆمرى تۆت مۆچەل ئۇزاتقان مەن كەبى ئىنسان بىلۇر،
دەرد ـ مۇشەققەت، بەخت ـ ھالاۋەت، توي ـ پاراتنىڭ قەدرىنى.
گاھى مېھنەت، گاھى مىننەت، گاھ مۇراد كۆرگەچ بۇ جان،
ھەممىدىن ئەۋزەل بىلەر گۈلگۈن ھاياتنىڭ قەدرىنى.

**ياقۇپ كېرىم**

## تىزىپ قويدۇم دېرىزەڭگە گۈل

### كېلەر دېدىم سېنى ئېھتىمال

تىترىگەندە ۋۇجۇدۇم غال ـ غال،
يالپۇزلارنىڭ مەستخۇش ھىدىنى
ئەگەشتۈرۈپ تىنىقلىرىڭغا
كېلەر دېدىم سېنى ئېھتىمال.

گۈل بەرگىدە تىترىگەندە خال،
شولىلاردەك نازۇك جىلۋەڭدە
چۈشلىرىمنى مەيىن ئىرغىتىپ
كېلەر دېدىم سېنى ئېھتىمال.

كەچكىنىمدە ئازابلىق خىيال،
كۆزلىرىڭدىن نازغىنىپ كۈلكە،
سۈكۈتۈمنى تۇزىتىپ پەيدەك
كېلەر دېدىم سېنى ئېھتىمال.

كېچىلەرگە باقسام بىماجال،
تەنھالىقتا تىلەپ ئەجەللەر
تۇيغۇلارنى قىلىشقا قىيام
كېلەر دېدىم سېنى ئېھتىمال.

بولۇپ قالسام كەچكۈزدە قاقشال،
قۇشلۇرۇمغا بېرىپ تەسەللى،
باھار بولۇپ مەڭگۈ ئۇزىماس
كېلەر دېدىم سېنى ئېھتىمال.

### تىزىپ قويدۇم دېرىزەڭگە گۈل


بۇلاقلارنىڭ سۈزۈك كۆزىدە
بولدۇقلىغان كۈيمەن سەن ئامراق.
كۆرۈۋالغىن ئەكسىڭنى مەندىن
ئالتۇن كەشلىك پەرىزات سىياق.

كۆزلىرىڭدىن چېچىلغان زىيا
بىنا قىلدى يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
بىر جىلۋەڭدىن ئېچىلىپ گۈللەر،
مىڭ كۆڭۈلگە سالدى بىر ھىجران.

ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشىدا!
ئاۋازىڭ بار ئەجەپ يېقىملىق.
بوينىڭدىكى ئاشۇ تۇماردا
بىلسەڭ مېنىڭ قەلبىم ئوراقلىق.

دېرىزەڭگە تىزىپ قويدۇم گۈل،
پۇرىسۇن دەپ سېنى قانغۇچە.
ناخشا ئېيتىپ كەلسەم ئۈمىدۋار
ئويغانمىدىڭ ئەپسۇس بۇ كېچە.

ئابدۇللا ساۋۇت



# قىسمەت

(پوۋېست)①

ئېگىز پەشتاقتىن مەزىنىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى ئالغۇلارنىڭ ئاۋازى بىراقلا ئۆچتى. سۇلايمان بايىقى دوغچىنىڭ سابىۋىنى ئاستىغا بېرىپ ئولتۇردى. قارىمىنىڭ نېمە گېپى باردۇ؟ رۇستەم مېنى كۈتۈپ تازا جىلى بولىدىغان بولدى - دە، مەيلى. ساقلاپ تۇراي، قارىمىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقاي. بۈگۈن چارشەنبە، رۇستەمگە ھەمراھ بولۇپ بارمىسام بولمايدۇ. ئەستاغپىرۇللا، ناماز پاتراق تۈگە-سىدى.

رۇستەم بىر تىللانى ئېلىپ قايتىپ كەتكەن كېچىسى، سۇلايمان مىت قىلماي كۆز يۇممىدى. ئۇ كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن قىزنى ماما ئەمدى دوستى رۇستەم ئالماقچى. سۇلايمان ئاخىرى دەردكە چىدىماي ياش تۆكتى. ئۇن سېلىپ ھۆكرەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىنى پۈتۈن قىشلاق ئاڭلىدى. سۇلايمان ئۇ چۈن ھايات ئۆز مەۋجۇتلىقىنى يوقاتقان، ئاداققى ئۇمىدلەرمۇ ئۆچۈپ، كۆلگە ئايلانغان، بەرباد بولغانىدى. ئېلگىرى ئۇ: ساقايسام تولغانئاي چوقۇم ماڭا نې-كىشكە رازى بولىدۇ. ئەگەر مەن ساقايغۇچە ئەرگە تېگىپ كەتسە، ساقايغىنىمدىن كېيىن ئۆيىنى بۇزۇپ بولسىمۇ ئەمرىمگە ئالىمسام، ھەتتا ئۇن بالىسى بول-سىمۇ، چېچى ئاقىرىپ موماي بولۇپ كەتسىمۇ بىر ئالىمسام، خەپ!... دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى بەزلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى. ئەمدىچۇ؟ تولغانئاينى رۇستەم ئالىدۇ، سۇلايمان ساقايغاندىن كېيىنمۇ رۇستەمنىڭ ئائىلىسى

① بېشى ئۆتكەن ساندا

بۇزۇپ تولغانئاينى تارتىۋالالمايدۇ. قۇرئان تۇتۇپ قىلىشقان دوستلۇق قەسىمى سۇلايمان، رۇستەم، تولغانئايدىن ئىبارەت بۇ ئۇچبۇلۇڭنىڭ ئارىلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كېڭەيتىپ، يىراقلاشتۇرىۋەتتى. سۇلايمان ئۇچۇن بۇ چىداپ بولمايدىغان ئېغىر زەربە ئىدى. ئۇ شۇ كېچىسى تاڭغا يېقىن قىشلاقتىن چىقىپ كەتتى.

— ئۆيگە، زىرائەتلەرگە قاراپ قوي، — سۇلايمان ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرغان دانىشقا قاراپ دېدى، — مە، ئاچقۇچ...

سۇلايمان دانىشقا نەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى. ئاۋۋال ناھىيە بازىرىغا، ئاندىن شەھەرگە باردى. ئۇ كوچا ئايلاندى. ھېيتكاھ جامەسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى. خەلق باغچىسىغا كىرىپ سالقىندا ياتتى. ئاشخانا، كاۋاپخانىلاردا ئولتۇرۇپ يېدى، ئىچتى. مېھمانخانا، دەڭ - سارايلاردا ياتتى. لېكىن، دوستلۇق قەسىمى ئىچىشكەن مىنۇتلاردىكى يۈرەكنى زىلزىلىگە سالىدىغان يالقۇنلۇق خىتابلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىۋەردى. ئاخىرى، جان - جىگەر دوستۇم تويى قىلىمەن دەۋاتسا مەن قېچىپ يۈرسەم بولامدۇ؟ سەت تۇرامدۇ؟ بىر - بىرىمىز ئۇچۇن جېنىمىزنى پىدا قىلىدىغان تۇرساق، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. سۇلايمان قەتئىي قارارغا كەلگەندىن كېيىن كۈنلەرنى ھېسابلاپ سانىدى. بۈگۈن چارشەنبە ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەررۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ قايتىپ كەلدى. بىراق، ئەختەم قارىينىڭ نېمە گېپى، نېمە تاپشۇرۇقى بار كىن؟ بەلكى دورىنى يېدىڭىزمۇ؟ كىتاب كۆردۈم، بەرەس كېسىلىنى داۋالاشنىڭ يېڭى رېتسېپى تېپىلدى، دورا ياساپ قويدۇم، دەيدىغاندۇ.

جامائەت نامازنى تۈگىتىپ جامەدىن چىقىشتى. ئەختەم قارىي ھەممىنىڭ كەينىدىن ئىمام بىلەن بىللە چىقىپ كەلدى.

— يۈرۈڭ، — دېدى ئەختەم قارىي ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سۇلايمانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — كىچىككىنە ئىش بار، ئوغلۇم. جانابىي ئاللا ماڭا يەتكۈزدى سىزنى...

سۇلايمان ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەگىشىپ ماڭدى. ئەختەم قارىي ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك دورا، داۋالاش ھەققىدە گەپ قىلماستىن، بەلكى بېغىغا تېرىلغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ قاغجىراپ كېتىۋاتقانلىقى، سۇ كادىرىنىڭ بىر سائەتلىك سۇ بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى، سايدىن دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىدى.

— قاراڭ ئوغلۇم، — ئەختەم قارىي يېڭى بازارنىڭ چېتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى سۆگەتنى كۆرسەتتى، — ئاشۇ سۆگەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يەرنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئىككى مىڭ كويغا ئالدىم، سەككىز پۇڭ يەر، شىپاخانا سالايمىكىن دەيمەن. لېكىن... مەندە ئۇنچىلىك ئىشنى روياپقا چىقارغۇدەك ۋەج يوق، بەزى بۇرادەرلىرىم ئىئانە يىغىشنى تەۋسىيە قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنى مەن قوبۇل كۆرمىدىم شۇڭا پۇلنىڭ ئامالىنى قىلغۇچە مەلۇم مۇددەت كۈتۈپ تۇراي دېدىم. جانابىي ئاللا ئۆمرۈمنى بەرسە، يەنە بىر نەچچە يىل ھەرىكەت قىلسام ئىككى - ئۈچ ئېغىز ئۆي پۈتكۈدەك

پۇل تاپارمەن.

ــ ئۇبدان ئويلاپلا، ــ دېدى سۇلايمان بوش ئاۋازدا، ــ خۇدا بۇ نىيەتلىرىگە چوقۇم يەتكۈزىدۇ.

ــ يەنە مۇنداقمۇ ئويلىدىم، ــ ئەختەم قارىي يولنى داۋام قىلدۇردى ۋە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك بىر ئاھاڭدا دېدى، ــ ئازراق بىر نەرسە بار ئىدى، ئۇنى ھەج تاۋاپ قىلىمەن، دېگەن ئۈمىدتە ئىشلەتمەي، خەجلىمەي ساقلاۋاتاتتىم. شۇنى ئىشلىتىپ شىپاخانا سالايمۇ، دېدىم. لېكىن، ئۇمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا، يەنە بىر پىلانىمدا، شىپاخانا بىناسىنى بىرەر سودىگەر، باي ياكى بىرەر پۇلى جىق ئادەم ئۆز نامىدا سالسا، مەن پەقەت مۇۋاپىق مىقداردا ئىجارە ھەققى تۆلەپ ئىشلەتسەممىكىن دەپمۇ ئويلىدىم.

ئەختەم قارىينىڭ ئاۋازىدىن ھاياجانلانغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. سۇلايمان بۇ كىشىنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ تولۇق ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتى.

ــ ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئەل ـ جامائەت ئۈچۈن بىر خاسىيەتلىك ئىش قىلغۇم بار. ئەپسۇس، ئارمان چوڭ، دەرمان يوق، ئوغلۇم.

سۇلايمان ئىنكاس بىلدۈرمىدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ قېرى سۆگەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىدى. يەر يېڭى بازارنىڭ دەل ئۇدۇلىغا توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئەختەم قارىينىڭ تىلىكى ئىجابەت بولسا، يېڭىدىن قەد كۆتەرگەن ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ بىناسى بازارنىڭ ھۆسنىگە خالدەك يارىشاتتى. سۇلايمان رۇستەمنىڭ تۆمۈر چىلىك دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەندە دۇكاننىڭ قۇلۇپلانغان ئىشىكلىرىگە قاراپ يەنە رۇستەمنى، تولغانئايىنى ئەسلىدى. چاتاق بولدى، ھە ـ پە دېيىشىپ بېرىدىغان ئىشتى، قارىمىنىڭ ئىشى بولسا غاچ ـ غۇچ قىلىۋېتىپ، كەچ بولسىمۇ جەزمەن بارىمەن.

ئەختەم قارىي مېھمانخانىسىغا كىرىپ ھايالشمايلا قايتىپ چىقتى.

ــ بۇ خەتنى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ سۇ كادىرىغا بېرىسىز، ئاندىن سۇنى باشلاپ كېلىسىز.

سۇلايمان خەتنى ئېلىپ كەينىگە يېنىشىغا ھۇجرىسىدىن ئەختەم قارىينىڭ قىزى چىقىپ كەلدى، سۇلايمان قىزغا سالام قىلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. لېكىن، قىز سۇلايماننى كۆرۈپلا ۋىللىدە قىزىرىپ، بېشىنى سەل ئەگدى.

ــ قىزىم، سۇلايمىناخۇنغا كەتمەن ئەپچىقىپ بەرسىلە.

قىز باغقا يۇگۇر گىنىچە كىرىپ كەتمەن كۆتۈرۈپ چىقتى. سۇلايمان كەتمەننى ئېلىۋاتقاندا قىز لەپپىدە قارىدى ـ يۇ، شۇ ھامان بوستان كىرپىكلىرىنى جۇپلەشتۈرۈپ پەسكە قارىۋالدى. سۇلايمان كەتمەننى ئېلىپ ھويلىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. نېمانداق تىكىلىدۇ، كۆزلىرى ئاجايىپ ھە! تـوۋا خـۇدايـىم، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن، مەن كىم؟ ھازىرقى تۇرقۇمچۇ؟ ئۇ قىزنىڭ ماڭا تىكىلىپ قارىشىدا پەقەت خوجايىنىنىڭ مالايغا تاشلىغان مەسخىرىلىك نەزەرى بار، شۇنىڭغىمۇ ھاياجانلىنىمەن تېخى. كىمنىسانىڭ دېگىنى ھەق. مەن ئەخمەق.

سۇلايمان ئىشنى تېزلا پۈتتۈردى. چوڭ ئۆستەڭدىن يېڭى بازاردىكى مەھەللىلەرگە

كېلىدىغان ئېرىقىقا سۇ ئاچتى. سۇ سۆگۈچ ئارقىلىق باغقا كىردى. سۇلايمان كىرگەندە ئەختەم قارىينىڭ قىزى گۇرجەك كۆتۈرگەن ھالدا قىر بويلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. سۇلايمان چەتتىكى ئالما تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تەرلىرىنى سۈرتتى. قىز يالىڭاياق، پايپاقسىز بولۇپ، ئاپئاق پاقالچىكى كەچكى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ جەزىبىلىك كۆرۈنەتتى. نېپىز، ئاق گىرېپتىشىن كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېـتەكلىرى تولغىنىپ لەپىلدەيتتى. سۇلايمان قىزنىڭ ھەر بىر ئېتىزنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى، پەس قىرلارنى ئېگىزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. قۇياش پامىر چوقـقىلىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندى. چوققىلاردا ئوتقاشتەك لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان شەپەق ئۇپۇق يۈزىنى ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزدى. قۇياش ئاللىقاچان پاتقان بولسىمۇ، دېمىق پەسەيـمىگەنىدى. دورا ئۈسۈملۈكلىرى ئۈستىدە سانسىز پاشا ـ كۆمۈتىلار غىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

باغ سۇغا تولغاندا سۇلايمان باغدىن چىقتى.

— ھە، ئىش تۈگىدىمۇ، ئوغلۇم؟

— ھەئە، — سۇلايمان ئىشتىنىنىڭ تۈرۈلگەن پۇشقاقلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ دېدى، — قارىم، قايتسام بولارمىكىن؟

— بايا دېگىنىمدەك، سايدىن بىر ئاز دورا يىغىدىغان ئىش بار ئىدى. راستىنى ئېيتسام، سىزنى ئىشەنچلىك دەپ ھاجىتىمنى ئېيتىۋاتىمەن، — ئەختەم قارى ئايۋان تەرەپكە قاراپ قويـدى، — بىزنىڭ قوشناچ بۇۋى — مەستۇرە، ئۆيدىن چىقمايدۇ. كۆرگەنسىز، ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرى ئاشۇ بىر قىزىمغىلا قاراشلىق. ئۇ قىزىم — نەۋرەم بولىدۇ، تالانىڭ، ئۆينىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي... ھازىر دەل دورا ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ سارغىيىپ پىشقان ۋاقتى، مالال كەلمىسە...

— بولىدۇ، بولىدۇ، قارىم.

سۇلايمان ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاپ ئىلتىماس قىلىۋاتقان مەشھۇر تېۋىپنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىشنىڭ ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز خىيالىچە چار باغقا قانچە كېچىكىپ بارسا، شۇنچە ياخشى بولاتتى. ئاڭلىغان بولاي، كۆزۈم كۆرمىسۇن، مەنـدىن خاپا بولسا، كېيىن كۆڭلىنى ئېلىۋالارمەن، قارىمنىڭ ئىشلىرىنى قىلغىنىممۇ بىر ھېسابتا ئوبدان بولدى. مېنى داۋالاۋاتسا...

— قايتسامۇ، قىشلاقتىكى كەپەمدە تەنھا ئولتۇرىمەن، شۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلغىنىممۇ تۈزۈك!

— قىشلاق دېدىڭىزمۇ، يەنە بىر دەڭا، ئوغلۇم، قايسى قىشلاقنى دەيسىز؟ — ئەختەم قارى كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سۇلايمانغا تىكىلدى.

— چارباغنىڭ ئايىغىدىكى قىشلاق، مېنىڭ ئۆيۈم شۇ قىشلاقتا.

— تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ قىشلىقىمۇ؟

— ھەئە، مەن شۇ كىشىنىڭ ئوغلى.

ـــ ئوھوي ... ماۋۇ ئىشنى ! ـــ ئەختەم قارىي غولىچىنى كەڭ يېيىپ، گويا ياش يىگىتلەردەك تېز قەدەم بىلەن كەلدى ـ دە، سۇلايماننى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، ـــ ئوغلۇم، تەۋەككۈل ئاخۇن بىلەن مەن ئۈزۈن يىللىق دوست ئىدىم. ئۆز گەر تىشتىن قايتىپ كەلسەم، ئۇ كىشى ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. لېكىنزە پاتىھە ئوقۇپ كېلەلمىگەن، بۇ سەۋەنلىك مەندە. بىز ئېلىم ـ بېرىم قىلىشقان، مۇناسىۋىتىمىز خېلى قويۇق ئىدى. ئوغلۇم، كىچىككىنىزدە سىزنى بىر قېتىم كۆرگەن. چوڭ بولۇپ قالىسىز.

ئەختەم قارىي ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ تۆكۈلگەن ياش مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ ئاپئاق ساقاللىرىغا چۈشتى. ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن سۇلايماننى يېتىلەپ ئايۋانغا ئەكىردى.

ـــ خاپا بولماي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ـــ ئەختەم قارىي سەللىسىنى ئوراشقا باشلىدى، ـــ شام نامىزىنى ئوقۇۋالاي، ئاندىن مۇڭدىشىمىز. توۋا، ئۆتكەندە كەلگىنىڭىزدە نەدىن كەلدىڭىز، كىمنىڭ بالىسى، دەپ سوراپمۇ باقماپتىمەن. شۇ چاغدىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەنىدىڭىز. نېمىشقىكىن دېسەم، كۆڭلۈم تۇيغانىكەن. تەۋەككۈل ئاخۇننىڭ ئوغلى نېمە، مېنىڭ ئوغلۇم نېمە، ئىككىلىسى ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟ ھە، تېپىشتۇق. جانابىي ئاللا شۇنداق بىر پەيت ـ پۇرسەتنى بېكىتكەن ـ دە. ئەمدى ئاسانلىقچە سىزنى قويۇۋەتمەيمەن، ئوغلۇم. بۇ ئۆيمۇ ئۆز ئۆيىڭىزدەك، ھەرگىز تارتىنىدىغان ئىش بولمىسۇن.

ئەختەم قارىي ھويلىغا چىقىپ ئاشخانا تەرەپكە بۇرۇلدى.

ـــ قىزىم، گۈلجامال !

ـــ لەببەي دادا.

ـــ سۇلايماناخۇن يېقىن ئاغىنەمنىڭ ئوغلىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئەمدى بۇ ئۆيدىن دىلى سۇ ئىچسۇن، ئاش ـ تاماق ... ھەممە جەھەتتىن قىسىلمىسۇن دەيمىنا. شۇڭا سىلى ... راست. ھاردى، ئۇسسىدى. ئاۋۋال چاي دەملىسىلە.

ئەختەم قارىينىڭ بۇ قىلىقلىرى كىچىك بالىنىڭكىگە ئوخشاپ كەتتى. سۇلايمان ھەيران قالدى، ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن بۇيان ئۇ تۇنجى قېتىم چوڭ كىشىلەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە، سەمىمىي ھېسداشلىقىغا نائىل بولۇۋاتاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتىن، بوسۇغىسىدىن ئاتلاشتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقان يەردە ئەختەم قارىي ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەمدى قويۇۋەتمەيمەن، بۇ ئۆيدىن دىلى سۇ ئىچسۇن، ھەممە جەھەتتىن قىسىلمىسۇن، دېگەنلىرىچۇ ؟ خىزىر غا ئوخشاش ئادەم ئىكەن بۇ.

سۇلايمان خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا گۈلجامال كىردى. داستىخان سالدى، پەتنۇستا چەينەك، پىيالە كۆتۈرۈپ كىردى. پىيالىغا چاي قۇيۇپ ئىزا تارتىپقىنا سۇلايمانغا تۇتتى. ئىككى جۈپ كۆز يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتى ـ دە، ئىككىيلەن تەڭلا يەرگە قارىۋېلىشتى. قىز چىقىپ كەتتى. ئىسمى گۈلجامال، ئىسمى جىسمىغا لايىق دېگەن شۇدە، ئەجەبمۇ ... سۇلايمان ئالدىرىماي

ئۇلتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئەختەم قارىي كىردى. ئىككىيلەن داستىخاندا روبىرو ئولتۇرۇشۇپ چۆچۈرە ئىچتى. گۈلجامال بىر چىنە چۆچۈرىنى كۆتۈرۈپ ئۆتۈك تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قۇشناچىم ئاشۇ ئۆيدە ئىستىقامەت قىلسا كېرەك، دەپ ئويلىدى سۇلايمان.

— قىزىم، — دېدى ئەختەم قارىي گۈلجامال داستىخاننى يىغىشتۇرىۋاتقاندا، — مەجۇنى ئاتىرىلالدىن ئەپچىقسىلا، شىرەنىڭ ئۈستىدىلا.

سۇلايمان دورا ئىچتى. ئەختەم قارىي ئۇنىڭدىن قىشلاق، دېھقانچىلىق، سۇ توغرىسىدا سورايتتى. بازاردىكى نەرقى-ناۋا ھەققىدە سۆزلەيتتى. تېۋىپلىق كەسپىنىڭ خاسىيەتلىرى، كېسەللەرنىڭ تۈرلىرى، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ياساش، ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلاتتى. سۇلايمان كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان تېۋىپنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن، پاراسەتلىك، بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ ئەختەم قارىينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بازار ئەتراپىدىكى ئۆستەڭ بويى، ئورمانلىقلاردىن لىسانىل ھەمەل، مىك دېۋانە يىغدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ گۈلجامال بىلەن ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ تاڭ سەھەردىلا ساپالتۇمغا ماڭدى. چۈشكە يېقىن ھارۋىغا لىق ئادىراسمان، ئېقىلقارا بېسىپ قايتتى. ئەختەم قارىي:

— يىغىدىغان دورىلارنى بىلىۋالدىڭىزمۇ، ئەمدى ئۆزىڭىز بېرىڭ، ئوغلۇم، — دېدى.

ساپالتۇم پامىر تاغلىرىنىڭ يانباغرى بىلەن كۆسەن دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۆز يەتكۈسىز دەشت-ساي ئىدى. قۇياش ئۆرلىگەنسېرى ساپالتۇمنىڭ تاشلىرى ساپالدەك قىزىرىپ، چوغدەك يالقۇن چېچىشقا باشلايتتى. سايدىكى تاشلار ئارىسىدا ئۆسكەن ئادىراسمان، شاپ، بۆرە سويمىسى، ئاقيانتاق، شۋاق، ئېقىلقارالار قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىق يالقۇنىغا بوي ئەگمەي ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. سۇلايمان ھەر كۈنى سەھەردە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم قاتناپ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى توشىدى. ئۇنىڭ ساپالتۇمغا قاتناۋاتقىنىغا ئون سەككىز كۈن بولغانىدى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاپتاپقا قاقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى. ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتاپ قىزدۇرۇشقا باشلىغاندا كىيىملىرىنى سېلىۋېتەتتى. ئەختەم قارىي ياساپ بەرگەن شەربەتنى زەبىب دېگەن دورىنى بەدىنىگە سۈرتۈپ ئاپتاپقا قاقلانغاچ ھەرىكەت قىلاتتى. چۈشتىن كېيىن سايغا يېتىپ بارغان ھامان كىيىملىرىنى يەنە سېلىۋېتىپ ھاۋا سوۋۇغىچە يالىڭاچ ئىشلەيتتى. ئوتتەك قىزىق ساي ئاپتىپى بەدەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈردەك قارايتتى. بىر قات تېرىسى ئاق بالداقتەك ئېتىلىپ-سويۇلۇپ چۈشتى. بەرەس ئىزنالىرىمۇ ئاقلىقتىن قىزىلغا مايىل بولۇپ ئەسلى رەڭگىنى ئۆزگەرتتى. ساپالتۇمنىڭ ئاپتىپى يەردىكى جانلىقنىڭ تاپىنىنى، كۆكتىكى قۇشنىڭ قانىتىنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە قىزىق ئىدى. سۇلايمان ھەممىگە چىدىدى. بۇ كۈن ئۇ سايىنىڭ تېخىمۇ نېرىسىغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوتتەك قىزىق ئاپتاپتا كۆيۈپ-پىشىپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپ ئىشلەش قىشلاقتىكى سايە-سالقىندا ئىشلىگەندىن ياخشىراق بىلىنەتتى.

سۇلايمان يىغقان ئۇ سۇملۇ كلەرنى پەنجلەپ باغلاپ هارۋىغا بېسۋاتقاندا يۇرت تەرەپـ تىن كېلىۋاتقان ئادەم قارىسىنى كۆردى ـ دە، شۇ هامان كىيىملىرىنى كىيىۋالدى. بىر هازا قاراپ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ دانىش ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. دانىش يېتىپ كېلىپ هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— تازىمۇ يوقاپ كەتتىڭ، ئۇكام، ئاران تاپتىم سېنى. ئەختەم قارىي ئۇچراپ قالمىغان بولسا قانداق قىلاتتىمكىن. نەدىلىكىڭنىمۇ دەپ بەردى.

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، — سۇلايمان تەشۋىشلىنىپ سورىدى.

— هېچ ئىش يوق، — دانىش هارۋىغا كۆز تاشلاپ قويۇپ جاۋاب بەردى، — خەۋپسىزلىك ئۈچۈن بولمىدى. لېكىن، ئۇن ـ تىنسىزلا يوقاپ كەتسەڭ ئەنسىرەيدىكەنمەن. رۇستەممۇ سېنى بەك ئىزدىدى، خاپا بولدى. بولۇپمۇ توي كۈنى ئۇ سېنى دەپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك هالغا كەلدى.

— نېمە ؟ توي دېدىڭمۇ ؟

— هەئە، — دانىش سۇلايماننىڭ كالپۇكلىرى تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى ئۆزگەرتتى، — تازىمۇ بىر چاغدا يوقاپ كەتتىڭ. هېلىقى كۈنى پو كۈنى يەرگە بارىمەن، دەپمۇ قويمىدىڭ. ئەختەم قارىينىڭ ئىشى بولسا مېنى هايت دەپ قويساڭ، ئىشنى ئۆزۈم قىلىۋەتمەسمىدىم. سەن قىشلاقتا، سايە ـ سالقىندا دوراڭنى ئىچىپ ياتساڭ...

— ئالدىرىما، دانىشكا، — سۇلايمان ئۇنىڭ ئالدىراپ سۆزلىگىنىدىن ئەجەپلىنىپ كۈلدى، — ئالدىرىما، ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئىش بار تېخى، سېنى ئۆلگۈدەك ئىشلىتىمەن.

— ئىشلىگەنگە ئادەم ئۆلمەيدۇ، ئۇكام، خەير، بۇ گەپلەرنى پەيتى كەلگەندە دېيىشەيلى. يامان بولغىنى رۇستەمنىڭ تويىدا سەن يوق...

سۇلايمان يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان بىر سوئالنى چىشلىرى ئارىسىدىن تەستە چىقاردى:

— شۇنداق قىلىپ... رۇستەم توي قىپتۇ ـ دە !

— هەئە، بەش كۈن بولدى.

ئاسمان قەھرىدە يېنىپ تۇرغان قۇياش دەل سۇلايماننىڭ بېشىغا ساڭگىلاپ چۈشكەندەك، ئۇنىڭ جىسمى ئېرىپ ـ كۆيۈپ تۇگەۋاتقاندەك بىلىندى. دانىش ئۇنىڭ رەڭگى ـ روھىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئانچە دىققەت قىلماي توي توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى. سۇلايماننىڭ قۇلىقىغا هېچقانداق ئاۋاز كىرمەيتتى.

ئەختەم قارىي سۇلايماننىڭ كەتمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ، خېلى ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سىز ماڭا بىباھا دۇنيا يىغىپ بەردىڭىز، — ئەختەم قارىي سۇلايماننىڭ ئالدىغا كۆك سارجىدىن تىككىلگەن شىم ـ پەشمەت، ئاق نىلۇن كۆينەك، قارا خۇرۇم بەتىنكە، بادام دوپپا قاتارلىق سوۋغاتلىرىنى قويغاندىن كېيىن كۆزلىرى ياشقا تولغان هالدا دېدى، — ئوغلۇم، بۇ

ھەممىتىڭىز ئۇچۇن سىزگە ھەق بېرىشنى راۋا كۆرمىدىم. سىزدىن ناھايىتى مەمنۇن ـ مىننەتدارمەن. بۇ مېنىڭ ھەدىيەم، ئاز بولسىمۇ ئېلىڭ.

— قارىم، ياخشى كۆڭۈللىرىڭگە رەھمەت، لېكىن بۇنى ئالالمايمەن.

— ياق! — ئەختەم قارىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ئېلىڭ، رەنجىيمەن، كۆڭـ لۈمنى ئاياڭ.

سۇلايمان تېۋىپنىڭ سوۋغىسىنى ئالماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۆپ تەشەككۈر ـ مىننەتدارچىلىقلار بىلەن سوۋغىنى ئالدى ـ دە، ئۇزاپ چىقتى.

— بۇ كىشى ئاخىر ئەپكەتتى سىزنى. بۇ گۈن سىزنى ئۇزاتمايمەن. قىشلاقتىكى ئىشلىـ رىڭىزنى تۈگىتىپ كېلىڭ. مېنى تاشلىۋەتمەڭ، ئىلاج بار، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇڭ.

— كېلىمەن قارىم، خەير، خۇداغا ئامانەت.

— خەير.

سۇلايمان دانىش بىلەن بىللە بازار ئارىلاپ، 350 يۇەنگە بىر پارچە گىلەم سېتىۋالدى.

— مەردلىك دېگەن شۇنداق بولسا، — دېدى دانىش خۇشال بولۇپ، — رۇستەمنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان بولدى ـ دە.

سۇلايماننىڭ يۈرىكى ئازاب ئىلكىدە پۇچۇلىنىپ كۆيەتتى، پىچاق تىققاندەك چىملداپ ئاغرىيتتى. يېرىم يولغا كېلىپ دانىش سۇلايماننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي كىيىملىرىنى سېلىشقا مەجبۇرلاپ كۆچۈرمە ئاستىدىكى سوغا چۇمۇلدۇردى. سۇلايمان سوۋغا كىيىملەرنى كىيىۋېدى، ئىسكەتكە بۆلەكچە تۇس كىردى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم قىممەت باھا، ئېسىل كىيىملەرنى كېيىشى ئىدى.

— ئەردە خىسلەت ئۇن، بۇنىڭ توققۇزى تون، — دانىش سۇلايماننىڭ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ سۆزلىدى، — مانا، يېزا باشلىقلىرىمۇ، ئىساق شۇجىمۇ سەنچىلىك يۇرەلمەيدۇ. يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر غىلائۇخشىدىڭ، چارباغقا مۇشۇنداق بارساڭ، ھەممىسى قارىشىپلا قالسا ـ ھە، ئەمدى ھەممىشە مۇشۇنداق يۈرگىن. لېكىنزە ئەختەم قارىي سېنى چارباغدا تۇرغۇزمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەيلى، بېرىپ ـ كېلىپ تۇر. قونىقىڭنى، پاختىلىرىڭنى ئۆزۈم يىغىمەن، بۇغدايلىرىڭنى ئۆزۈم تېرىيمەن. لېكىن... خىمىيۋى ئوغۇت دېگەننى بالدۇرراق تېپىپ بەرگىن، ئۇكام.

دانىش توختىماي سۆزلەيتتى. كەنت بېغىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئۆيي ئالدىدا تۇرغان كىمىنسانى كۆرۈپ سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. قولتۇقىدىكى گېلەمنى چىڭ قىسقىنىچە ئۇدۇل قاراپ كېتىۋەردى. سۇلايمان كىمىنسانىڭ چىرايلىق، كېلىشكەن قامىتىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالدى، كىمىنسا كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ سەمىرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ناۋاترەڭ يۈزى تېخىمۇ سۈزۈك كەلەشكەن بولۇپ، تېگى ـ تېگىدىن پارقىرايتتى. بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان شوخ كۆزلىرىدە مەغرۇر تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئۆتكەن ئىشلار ئېسىگە كېلىپ ۋۇجۇدىدا قايناق بىر ھېسسىيات ئېقىمى پەيدا بولدى. كىمىنسا كۈلۈمسـ

رەپ قاراپ تۇراتتى. سۇلايمان قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قويۇپ دانىشنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالدى.

ـــ تولغانئاي بىزنى كۆرۈپ قېچىۋاتىدۇ، ـــ دېدى دانىش.

سۇلايمان سەگەكلىشىپ ئالدىغا قارىدى. تولغانئاي چېلەكتە سۇ كۆتۈرۈپ تېز ـ تېز قەدەم بىلەن ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىيلەن 40 ـ 50 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن سولغا قايرىلدى، قۇددۇس قارىمىنىڭ ۋەز ـ تەرغىباتلىرى، تەھدىتلىك دەۋەتلىرى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك، قەدىمىي مەسچىت ئورنىدىكى سەيناغا تاش، خىش، قۇم دۆۋىلەنگەنىدى. خۇدا يولىدا خالىس ھىممەتكە بەل باغلىغانلاردىن 10 ـ 20 سى تامنىڭ ئۇلىغا ئىشلەۋاتاتتى. سۇلايمان بىلەن دانىش ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. سۇلايمان كىشىلەر ئارىسىدىن مەغرۇر گەدىيىپ ماڭغانچە رۇستەمنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىشلەۋاتقانلار يۈزۈر ياسىنىۋالغان سۇلايمانغا قارىشىپلا قالدى، بەزىلەر كۆزلىرىنى قىسىپ ھىجايدى. بەزىلەر ياقىسىنى تۇتتى، بەزىلەر ساقىلىنى سىيلىدى:

ـــ سەن... سەن بارمۇ، ئاداش! ـــ رۇستەم ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئامانلىق سورىدى.

ـــ بار، لېكىن... مەن...

ـــ بولدى، ھەممىنى ئۇقتۇم.

سۇلايماننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. ھەممىنى ئۇقتۇم دېگىنى نېمىسى؟ تولغانئايغا كۆيۈپ يۈرگىنىمنى، سۆز ئاچقىنىمنى ئۇققانمىدۇ؟ ئاھ خۇدا!... تولغانئاي ھەممىنى دەپتۇ ـ دە، سۇلايمان ئىززىتراپ ئىچىدە تىترەپ كەتتى. رۇستەمنىڭ تەكلىپىنىمۇ كۈتمەستىن بوسۇغا ئاتلىدى. تېرەك شاخلىرى بىلەن چەللە قىلىنغان ھويلىدا تولغانئاي قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇراتتى. كۆزلەر بىر ـ بىرىگە ئۇقتەك تىكىلىشتى ـ يۇ، شۇئان باشقا ـ باشقا تەرەپلەرگە ئاغدۇرۇلدى. سۇلايماننىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم جىغىلدىدى. يۈزى، بويىنى قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ـ كۆپتى. كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى.

ئۇ يەردىن ئۇستۇن قارىماي دانىش بىللە بىلەن ئايۋانغا كىردى. تولغانئاي تۆرگە كۆرپە سېلىۋاتاتتى. ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. سۇلايمان ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ـــ توي قىلىۋاپسىلەر، مۇبارەك بولسۇن. توي بېشىدا بولالمىدىم. داۋالىنىمەن دەپ ئەختەم قارىينىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدىم.

ـــ ئۇقۇپ تۇردۇم، ـــ دېدى رۇستەم داستىخان سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئاللىقانداق بىر ئاغرىنىش ئىپادىسى بار ئىدى، ـــ ئىشقىلىپ توينى سالامەت ئۆتكۈزىۋالدىم.

تولغانئاي ھويلىدىكى ئوچاق بېشىغا چىقىۋالغانىدى. ئىشىكتىن ئۇنىڭ قارىسى پات ـ پات كۆرۈنۈپ غايىب بولاتتى. تويلۇق كىيىملەر ئۇنىڭغا بەك ياراشقان بولۇپ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. سۇلايماننىڭ رەشك، ھەسەت ئوتى يالقۇنلاپ تۇرغان كۆزلىرى گۇناھكارانە بىر تەرىزدە يەرگە تىكىلدى. كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ رۇستەمگە

تەگكىنىدىن خۇش ئەمەس، — دەپ ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلدى سۇلايمان، — باشتا ياقتۇرۇپ قالغان. تويدىن كېيىنلا كۆڭلى سوۋۇغان.

تاماقتىن بۇرۇن ئۇ گىلەمنى داستىخانغا قويدى. رۇستەم رەھمەت دەپ قوبۇل قىلدى.

بىر ھەپتىلەردىن كېيىن كۈزگى بۇغداي تېرىمى باشلاندى. سۇلايمان، رۇستەم، دانىش بىر - بىرلىرىنىڭ ئىشلىرىغا تەڭ ھەمكارلىشاتتى. سۇلايمان تولغانئايدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. قايسى بىرلىرىنىڭ ئېتىزلىرىدا ئىشلىمىسۇن تولغانئاي ھامان ئۇلار بىلەن بىللە بولاتتى. چاي، نان، تاماق توشۇيتتى. يەنىلا بۇرۇنقىدەك سۇلايمانغا قىزغىن ئىدى. مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل مۇڭ - ھەسرەت بار ئىدى. سۇلايمان دېمىنى ئىچىگە يۇتاتتى. ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ ئۆزىنى ئىشقا ئۇراتتى. دەردىنى ئەمگەكتىن چىقىراتتى. كۆڭلىدە بولسا، پۈتۈن دۇنيانىڭ دەرد - ئەلىمى يىغىلىپ غەليان كۆتۈرەتتى. بۇ غەليان ئۇنى يۇرتتىن كېتىشكە، تولغانئاينىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى. ئىش ئاخىرلىشىپ، رۇستەم دۇكىنىغا ماڭغاندىن كېيىنلا تولغانئاي ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. سۇلايمانمۇ يۈرىكىنى قىسىپ تۇرغان ھەسرەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغاندەك بولدى. لېكىن، بىر نەچچە كۈن ئۆتمەي تولغانئاي يەنە سۇلايماننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندى، سۇلايمان كەتمەن بىلەن كېۋەز شاخلىرىنى چاناۋاتاتتى. تولغانئاي كورا كۆتۈرۈپ ئۇدۇل سۇلايمان ئىشلەۋاتقان ئېتىزغا قاراپ كەلدى. سۇلايمان ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئىككىيلەن ئۈنسىز سالاملاشتى. تولغانئاي كورىنى ئېچىپ تەڭلىدى. سۇلايمان كورىنى ئېلىپ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ پولۇنى يېدى. تولغانئاي ياش يۇقى كۆزلىرىنى پات - پات سۇلايمانغا تىكەتتى. لەۋلىرىنى ئۆمچەيتەتتى.

— ئېزىپتىمەن، سۇلايمان، سېنىڭ ئالدىڭدا مەن...

تولغانئاي گېپىنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى. سۇلايمان ئۇنىڭغا قارىماستىن دېدى:

— ئۇنداق دېمە، رۇستەم ماڭا ئوخشاش كېسەل ئەمەس، بېجىرىم ئوغۇل بالا. ئازمىدىڭ، بەلكى تەلىيىڭ كەلدى. بىرىڭلارنىڭ تۆمۈر چىلىك، بىرىڭلارنىڭ سەيپۇڭلۇق ھۈنىرىڭلار بار، گۈلدەك كۈن كەچۈرىسىلەر.

تولغانئاي بۇنى مەسخىرە دەپ چۈشىنىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. سۇلايمان ئاشۇ تەسەللىلىرى بىلەن ئۆزىنى گۇناھتىن خالاس بولغاندەك سەزدى.

ئەختەم قارىي سۇلايمانغا قەۋەتلا ئىچىكىپ قالدى. سۇلايمان كۈزلۈك يىغىم - تېرىمنى تۈگىتىپلا قايتىپ كەلگەنىدى.

— قارىسىلا قىزىم، سۇلايمىنا خۇن يىغقان ئاشۇ دورىلار مەندىنمۇ ئېشىپ سىلىگىمۇ نەچچە يىل يېتىدۇ. دورا ماتېرىياللىرى بىر دۇنيا. سۇلايمىنا خۇننىڭ پېشانىسى ئوچۇق. ئىقبالى نۇرلۇق يىگىتكەن، ئۆزىنىڭ كېسىلىمۇ كۈندىن - كۈنگە شىپا تېپىۋاتىدۇ.

گۈلجامال جىمجىت تىڭشايتتى. كۆڭلىدە ھەممىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇراتتى.

كەسىپ ـ ئوقەتىنىكى ئۆز گىرىشلەر ئۇنىڭغىمۇ مەلۇم ئىدى. سۇلايمانغا خۇددى دادىسىغا ئوخشاشلا ھۆرمەت ـ ئىلتىپات كۆرسەتەتتى. بۇ ھۆرمەت ـ ئىلتىپاتلار ھامان شەرمى ـ ھايا، ئەدەب دائىرىسى ئىچىدە بولاتتى. يازىچە يىغىپ توپلانغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى لاپاس ئاستىدا، دالان ئۆستىدىكى بالىخانىدا قۇياش نۇرى كۆرمەي سايىدا قۇرۇتۇلغاچقا ئەسلى رەڭگىنى يوقاتمىغانىدى. سۇلايمان ھويلىدا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى سوقاتتى، تاسقايتتى. تالقان قىلىنغان دورا ماتېرىياللىرىنى تۈرى، خىلى بويىچە خالتىلارغا قاچىلايتتى. گۈلجامال دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان كارتوچكىلارنى ھەر بىر خالتىنىڭ سىرتىغا چاپلايتتى. كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەنلەر كۆپىيىپ قالسا، ئىشنى تاشلاپ دادىسىغا ياردەملىشەتتى. قولى بوشىغان ھامان يەنە سۇلايماننىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى. ئەمدىلىكتە سۇلايمان بۇ ئائىلىنىڭ ئادەملىرىدىن ئانچە تارتىنىپ قالمىدى. گۈلجامالنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى، تىنىك قاراپ مەنىلىك بېقىشلىرى سۇلايماننىڭ بۇ ئۆيدە ئەركىن، بىمالال يۈرۈشىگە مەدەت بېرەتتى. سۇلايمان دورىلىرىنى ئۆزمەي يېگەندىن تاشقىرى گۈلجامال ئۆز قولى بىلەن ياسىغان مەلھەمى پەرپىيون، مەلھەمى ئۇقاپ دېگەن دورىلارنى كۈندە دېگۈدەك بەدىنىگە سۈر كەيتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ دەسلەپ بەدىنىگە سۈر كەلگەن دورىلار بىلەن ئەختەم قارىينىڭ ئۆيىدىكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى مەينەت قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ كەچتە كېتىپ، ئەتىگىنى كېلىپ ئىشلىدى. لېكىن، كىمنىسا كۈندە دېگۈدەك كېلىۋېلىپ ياكى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ ئاۋارە قىلدى. سۇلايمان قىشلاقتا ياغاچچى ئۇستىلارنى كۆتۈپ تۇرغان كۈنلەردىمۇ ئۇ ئىككى قېتىم كېلىپ قونغانىدى. سۇلايمان ئۆزىگە بىر بالا تېپىۋېلىشتىن قورقۇپ، دەككە ـ دۈككىدە ئۇخلايتتى. كىمنىسا كەلسە ئۆزىچە خۇددى كىسرەيتتى، بىزارلىق ھېس قىلاتتى. كەلمىسە سېغىناتتى.

— كۈندە كېتىپ، كېلىپ نېمە ئاۋارىچىلىق بۇ، ئوغلۇم، كەتمەڭ. ئۆز ئۆيىڭىزغۇ بۇ، قونۇۋېلىڭ.

ئەختەم قارىينىڭ شۇ ئۆتۈنۈشى بىلەن سۇلايمان كەتمەي قونىدىغان بولدى. بەزى كۈنلىرى ئۇ رۇستەمنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتى. چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېيىشەتتى. لېكىن، رۇستەم دۇكاننىڭ تاپاۋىتى، ئائىلە ئىشلىرى، تولغانئاي توغرىسىدا سۇلايمانغا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىمەيتتى. سۇلايمانمۇ ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايتتى. قىسقىسى، قىيامەتلىك ئىككى دوست ئەمدىلىكتە بىر ـ بىرىگە سىر ئېيتىشمايتتى. بىر كۈنى ئىككىسى بازاردىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە تاماق يەۋاتقاندا، رۇستەم تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— ئاداش، بىر گەپنى سوراپ باقاي، كىمنىسا بىلەن چاتىقىڭ بارمۇ سېنىڭ؟

— ياق، — سۇلايمان ئۆز مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ئاشكارىلىماسلىققا نىيەت قىلغانىدى، — چاتىقىم يوق، قانداق دەيسەن، ئاداش؟

— ھىم! — رۇستەم كالپۇكلىرىنى مەھكەم ھىمىردى ـ دە، سۇلايمانغا تىكىلدى، — ئۇ تولىمۇ ئەسكى، بۇزۇق بىر نېمە، ھەرگىز يېقىن يولىما.

سۇلايمان شۇندىن كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ گېپىنى ئىچىدە تەھلىل قىلدى ـ

يۇ، ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلمىدى. كاللىسىغا كىمنىسانىڭ خىيالىي كۆلەڭگىسى ئورناپ قالدى. چارباغلىقلار يامان كۆرىدىغان بۇ گۈزەل جۇۋاننى سۇلايمان ئەسكى، يامان دېيەلمەيتتى. چۈنكى، يېتىملىك، كېسەللىك، جۇدالىق ئازابىدىن زەئىپلەشكەن، ھەسرەتكە تولغان كۆڭلىگە پەقەتلا كىمنىسادىن، كىمنىسانىڭ گۈزەل ھۆسنى ـ جامالىدىن، كۈلكىسىدىن، نازغىمپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرىدىن، مەھكەم قۇچاقلاشلىرىدىن تەسەللى تاپقانىدى.

سۇلايماننىڭ تېۋىپنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، ئۇنى ساقايتىش نىيىتى بار ئىدى. ئۇ گۈلجامالدىن ئۆزىنى نەچچە ھەسسە تۆۋەن، پەس چاغلايتتى ـ يۇ، لېكىن كۆڭۈل قۇشى يوشۇرۇن ھالدا گۈلجامالنىڭ خىيالىي سايىسى ئۈستىدە ئۇچۇپ ئايلىنىشقا باشلايتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلايتتى. سۇلايمان، ھالىڭغا باق، سەن كىم، ئۇ كىم؟ — دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — تولغانئاي جېنىدا سېنى پەس كۆردى، ياراتمىدى. دادام ئۇنىڭ دادىسى بىلەن دوست بولغان، ئېغىر كۈنلەردە ياخشىلىق قىلغان، ئاشۇ دوستلۇقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈنمۇ بولسا ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈشى، يارىتىشى، ماڭا تېگىشى كېرەك ئىدى. كۆڭۈلنىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىككىمىز شۇنچىلىك ئىناق ـ ئىجىل ئىدۇقمۇ؟ ھەممىسى بىر تىيىن بولدى، ھېچنېمىگە دال بولمىدى. بىراق، گۈلجامالچۇ؟ ئۇ مېنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ يېقىنچىلىقلىرى بويىغا يەتكەن قىزلاردا بولىدىغان شوخلۇقتىنلا ئىبارەت، خالاس. ئاھ، تولغانئاي، سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىك، دانا قىز ئىدىڭ. ئېزىپتىمەن دېسەڭمۇ، ئەقىللىك ئادەم ئازمايدۇ، خەير، ئاللا بەختىمىزنى قوشقان بولسا، تويىمىزنى خەق كۆرسە، شۇ چاغدا يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمىدىكىن. رىسقىمىز قوشۇلۇپ قالغان بولسا، مۇھەببىتىمىز ئۆچۈن، ئۇ دۇنيادا ھەر ئىككىمىز جەننەتتە بىللە بولۇشىمىز ئۈچۈن خۇدا يولىدا پۇللىرىمنىڭ ھەممىنى خەجلەپ چارباغقا بىر مەسچىت سالاتتىم. ئاھ ئەمدى كىم ئۈچۈن ياشايمەن، پۇللىرىمنى كىم ئۈچۈن خەجلەيمەن؟!

— سۇلايمان بارمۇ؟

سىرتتا رۇستەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ سۇلايماننىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. شۇئان بەدىنى، پۈتۈن تومۇرلىرى ۋاللىدە ئوت ئېلىپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقاندەك بولدى ۋە ھاۋانچىنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ رۇستەمنى كۆرسىلا يۈرەك يارىسى قوزغىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. نېمە دەپ كەلگەندۇ، بۈگۈن دۇكاننى ئاچمايتىكەنمۇ، تولغانئاي بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالغانمىدۇ يا. سۇلايمان تولغانئاينىڭ قىشلاققا تاماق كۆتۈرۈپ بارغان چاغدىكى ياشقا تولغان مۆڭلۈق كۆزلىرىنى ئەسلىدى.

— ھويلىدا، — بالىخانا پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋاتقان گۈلجامال جاۋاب بەردى، — ھويلىدا ئىشلەۋاتىدۇ، كىرسىلە.

سۇلايمان دەھشەتلىك بىر بالا ـ قازانى كۈتۈپ تۇرغاندەك تىترەپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئەتتىگەندىن بېرى تولغانئاي توغرىسىدا سۈرگەن گۇناھلىق خىياللىرىنى رۇستەم بىلىپ قال-

غانـدەك، كىر سىلا، ئىككىمىز نېمە دەپ قەسەم ئىچىشكەن، نېمشقا مېنىڭ خوتۇنۇم توغرىسىدا، دەپ سورايـدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. رۇستەم كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن سۇلايماندىنمۇ بەك-رەك ئازاب چېكىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— بېشىمغا كۈن چۈشتى. مەن ۋەيران بولدۇم، ماڭا بۇ دۇنيا هارام، — رۇستەم سۆزلەۋېتىپ يىغلىۋەتتى.

— كەل، ئولتۇرۇپ سۆزلە، — سۇلايمان ئۇنى سۇپىغا باشلاپ كېلىپ ئولتۇرغۇزدى، — هە نېمە ئىش؟ — سۇلايماننىڭ ئۆزىنىڭ بايىقى قورقۇنچلۇق خىياللىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغانىدى، — دېگىنە، بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟

— ئىساق دېگەن ئەبلەخ ئۆيلىرىمنى چاقتۇرىۋەتتى.

— سەۋەبىنى دېگىنە، نېمىشقا چاقتۇرىۋېتىدۇ؟ — سۇلايمان ئۇنىڭ تارامالاپ ياش ئېقىۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ ئېچىندى، — بىكاردىن بىكار ئۆيۈڭنى چاقتۇرىۋېتىدىغان جېنى ئۈنمىكەن ئۇنىڭ. سەۋەبىنى دېسەڭچۇ؟

— بۇنى سورىما، دېيەلمەيمەن، مەندىنمۇ ئۆتتى.

— هېچگەپ يوق. تەشكىل بار، قانۇن بار. يۇر كېتەيلى. ئىساق شۇجىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلايلى. بۇ ئىشنا چوقۇم...

سۇلايمان ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئىساق شۇجىنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرزنىڭ هېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. پەقەت رۇستەمگە تەسەللى بەرمەكچى ئىدى، خالاس.

— ئەخمەق! — رۇستەم ياشلىرىنى سۈرتتى، — تەشكىل، قانۇن دېدىڭمۇ؟ ئەرز قىلساڭ ئاقامدۇ؟

كىمنىسامۇ سۇلايماننى ئەخمەق دېگەنىدى. سۇلايمان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزنىڭ تېگىدە نېمە بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى.

— سەن راستتىنلا ئەخمەق، — رۇستەم سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىساق شۇجى چارباغدا ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان تۇرسا، تەشكىل، قانۇن يەنىلا شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، شۇنىڭ دۇمبىقىنى چالىدۇ، — رۇستەم ئاخىرقى سۆزىنى قەهرى ـ غەزەپ بىلەن ئېيتتى، — بىلسەڭغۇ، چارباغدا ئىساق شۇجىنىڭ ئۆزى تەشكىل، ئۆزى سىياسەت، ئۆزى قانۇن!

سۇلايمان بىر هازا ئۈندىمەستىن جىم ئولتۇردى. رۇستەمنىڭ دېگىنى هەق، ئىساق شۇجى چارباغنىڭ هۆكۈمرانى، ئۇنىڭسىز چارباغدا قىل تەۋرىمەيدۇ. ئۇ ئىشنى يىراقتىن ئويلاپ، چوڭقۇر مۇلاهىزە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان ئادەم. بۇنى چارباغلىقلارنىڭ هەممىسى بىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ چارباغلىقلار قىلنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك ئېنتايىن ئېهتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ. سۇلايمان هېچ ۋاقىتتا دوستىنى بۇ كۈنكىدەك پەرىشان، خاپا، مىسكىن هالەتتە كۆرمىگەنىدى. رۇستەم قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، يۈزلىرى ئاق، قوشۇما قاش، بولجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان، كۆرۈنۈشىدىن كۈچى،

قەيسەرلىكى ئايان بولۇپ تۇرىدىغان قاۋۇل يىگىت ئىدى. تولغانئاي بىلەن توي قىلىش ئالدىدا، توي مەزگىلىدە، تويدىن كېيىن ئۇ چەكسىز خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ مەغرۇر يۈرىدىغان بولغانىدى. ئۇ بارلىق قايغۇ ـ ئەلەمنى، ئازاب ـ كۈلپەتنى دوستى سۇلايمانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەندەك ئىدى. ئەمدىچۇ؟ شادلىق ئىلكىدە خۇدىنى بىلمەي قالغان رۇستەم ئېگىز تاغ چوققىسىدىن غۇلاپ چۈشۈپ كۇكۇم ـ تالقان بولغانىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرمەي، ئۇقماي تۇرۇپ سۇلايماننىڭ بىر نېمە دېيىشكە تىلى بارمايتتى.

كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرى كۈچسىز، ھارارەتسىز ئىدى. توپ ـ توپ لەيلەپ يۈرگەن سۇررەڭ، قارامتۇل بۇلۇتلار سۇس، سوغ تۇمان بىلەن بىرلىشىپ بارا ـ بارا قۇياشقا يېقىنلىشىپ باراتتى. يول ياقىسىدىكى قوناق ئېگىزلىرىدا قوي، كالىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. يالىڭاچلىنىشقا باشلىغان دەرەخلەردىن پات ـ پات شىر ـ شىر قىلىپ خازان تۆكۈلەتتى.



چارباغقا كەلگۈچە رۇستەم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. سۇلايمان كۆرىدىكى، ئۆچ ئېغىز ئۆي، ھويلا، ئېغىل ـ قوتانلارنىڭ ھەممە تېمى دېگۈدەك يېرىم ـ ياتا ئۆرۈۋېتىلگەنىدى. ئۆي ئورنىدا ياغاچ، ۋاسا، قومۇش، خىش پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. يېڭىدىن بىنا قىلىنىۋاتقان مەسچىت تېمى ئىچىدە كالا، قويلار باغلاقلىق تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، رەڭگى تاتىرىپ، كۆز نۇرى ئۆچكەن تولغانئاي كەتمەن بىلەن خارابىلار ئارىسىنى مالتىلاپ يۈرەتتى. سۇلايمان توپا، چالما ـ كېسەكلەر ئارىسىدىن جەگە، ۋاسىلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ بىر چەتكە تاشلاشقا باشلىدى. رۇستەممۇ چۈشكۈن بىر ھالەتتە توپىلارنى كولاپ سۇنغان، بۇزۇلغان، ساق قالغان سەرەمجانلىرىنى يىغىشقا تۇتۇندى. ئۇچەيلەن خېلى ئۇزاققىچە جىمجىت ھەرىكەت قىلدى. بىر چاغدا دانىش پەيدا بولدى.

— ھارۋىدىن 4 — 5 نى تېپىپ كەل، — دېدى سۇلايمان چىراينىمۇ ئاچماستىن، — بۇ نەرسىلەرنى توشۇيمىز.

رۇستەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ سۇلايمانغا قاراپ قالدى. سۇلايماننىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. سۇلايمان بولسا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشىنى داۋام قىلاتتى. تولغىنائاي خەلقى - ئالەم ئالدىدا، سۇلايماننىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن قاتتىق ئىزا تارتتى، نومۇس ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇيتتى. لاچىن سوققان كەپتەردەك بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە تىترەيتتى. ئاۋازىنى تېشىغا چىقارماي ئىڭرايتتى. دانىش ئېشەك ھارۋىسىدىن بەشنى ئېلىپ كەلدى. ئەتراپ جىمجىت، ھېچكىم يوق ئىدى. مەھەللىدىكىلەر ئىساق شۇجىنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ، رۇستەمگە ياردەمگە كېلىشكە پېتىنالمىدى. تۆت ئەيلەن ھەش - پەش دېگۈچە توپا - كېسەكلەر ئارىسىدىن يىغىۋالغان ئۆي بىسات، ئاشلىق - تۈلۈكلەرنى ھارۋىلارغا باستى. سۇلايمان بىلەن دانىش ھارۋىلارنى ھەيدەپ قىشلاق تەرەپكە مېڭىشتى. رۇستەم ئەنە شۇ چاغدىلا دوستىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. سۇلايمان ئۇلارنى قىشلاققا كۆچۈرمەكچى. توغرا، دوست دېگەن باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. سۇلايمان نېمىدېگەن ياخشى، ئۇ رۇستەمدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ. تۆمۈر چېلىك دۇكىنى ئېچىش ئۈچۈن بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن، توي چېيى ئۈچۈنلا بىر تىللا، تويىنىڭ قەرزى ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن بەرگەن كىشى ئاشۇ سۇلايمان ئەمەسمۇ؟

— ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن ئاغىنەم، — دېگەنىدى رۇستەم قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — ئۆلمىسەم، خۇدا بۇيرىسا بۇ ياخشىلىقلىرىڭنى جەزمەن قايتۇرىمەن. ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋالدىم، ھۈنىرىممۇ ئوبدان ئېقىۋاتىدۇ. ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ چوقۇم قايتۇرۇپ بولىمەن.

— مەن ساڭا قەرز بەرمىدىم، — دېگەنىدى سۇلايمان تەرىنى تۈرۈپ، — دوستلۇق ئۈچۈن بەردىم. قەسىمىمىز يادىڭدىمۇ، ئۇنداقتا بىز بىر - بىرىمىزگە قەرزدار ئەمەس، مەندە بولسا سېنىڭ، سەندە بولسا مېنىڭ.

رۇستەم بېشىنى چۆكۈرۈپ تىنىم تاپماستىن توپا - چالمىلارنى ئاغدۇراتتى. ياغاچ - تاشلارنى بىر تەرەپكە تاشلايتتى. تولغىنائايغا ئۆرە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ تولغىنائاي ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەندى. مۇھەببەتكە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق، يۈزسىزلىك تولغىنائاينىڭ قەلبىگە ئىنتايىن ئېغىر زەربە بەردى. رۇستەم ئۇنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويغانىدى. تولغىنائاي ئۆزىنىڭ قاتتىق ھاقارەتكە، خورلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا بۇ دۇنيادىن بىر يولىلا خوشلىشىش نىيىتىگىمۇ كەلگەن، بىراق ئۇ تۇل ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشنى خالىمايتتى.

سۇلايمان بىلەن دانىش نامازشامغا يېقىن رۇستەمنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى سۇلايماننىڭ ئۆيىگە توشۇپ بولدى. شۇ جەرياندا سۇلايمان رۇستەمنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ مالامەتلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى دانىشتىن ئاڭلىدى. دانىش پارچە سايدا كېتىۋېتىپمۇ، نەرسە - كېرەكلەرنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپمۇ بۈگۈنكى ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا ھېكايە قىلاتتى.

— كىمنىسانىڭ قۇددۇس قارىمغا تەگمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىدىڭ، — دانىش ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى توغرىسىدا گويا ئۆزىگە پۈتۈنلەي يات بىر ئايالنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندەك تەبىئىي سۆزلەيتتى، — سەن كېتىپ ئاز ئۆتمەي قۇددۇس قارىم كىمنىساغا چاي ئىچكۈزدى، كىمنىسا بويتۇ، دېگەن بولسا توي ئاللىقاچان ئۆتكۈزۈلۈپ بولاتتى. لېكىن، كىمنىسا تويلۇقنى ئاز كۆرۈپ، توي ۋاقتىنى كەينىگە سوزدى. قۇددۇس قارىم بۇ تويىنى قىلماي دېگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە پاناھلىق بەرگەن ئىساق شۇجىدىن ئەيمىنىپ قالدى بولغاي، تويلۇقنىڭ كەم - كۈتىسىنى تولۇقلاشقا كىرىشتى. شۇ ئارىدا كىمنىسا رۇستەم بىلەن تۇتۇلۇپ قالدى. نېمىدېگەن سەتچىلىك، ئۇ كام. كىمنىسانىڭ زادى ئەقلى يوق. قارىمامسەن، بىرى بىلەن توي قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋېتىپ يەنە ئاشۇنداق ئەسكىلىك قىلىپ يۈرسە. رۇستەممۇ بولمايدىغان يىگىتكەن. بۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن. سېنىڭ جان دوست ئاغىنەڭ بولغاچقا، ساڭا ئوخشاشلا ئۇمۇ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. بىر ئوبدان چوكىنى تۇرۇپ يەنە تالاغا قارىسا بولامدۇ؟ ھە، ئەسلى گەپكە كەلسەك، قۇددۇس قارىم ئەلەمگە چىدىماي، ئىساق شۇجىنىڭ قولىقىنى تولغاپ مۇشۇ ئىشنى پىلانلاپتىكەن. مەسچىتتىكى جامائەتكە رۇستەم ھاراق ئىچتى، نامازغا چىقمىدى، خوتۇن - قىزلارغا چېقىلدى، دەپ ۋەز ئېيتتى. ئىساق شۇجى نامازدىن چىقىپلا جامائەتنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ ئۆيىنى چاققۇزدى. قۇددۇس قارىم تېخى رۇستەمنى بۇ يۇرتتىن قوغلىۋەتمىسىلە رازى بولمايمەن، دەۋاتقانمىش.

دانىشنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندە قاش قارىيىپ ئەتراپنى تۈن پەردىسى قاپلىغانىدى. ئىككىيلەن ئەڭ ئاخىرقى ھارۋىلاردا رۇستەم بىلەن تولغانئايىنى كۆچۈرۈپ كەلدى.

— ھازىرچە مۇشۇ ئۆي سىلەرنىڭ، — سۇلايمان مىشىلداپ يىغلاۋاتقان تولغانئايغا، بېشىنى تىزلىرى ئارىسىغا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان رۇستەمگە قاراپ دېدى، — يېڭى ئۆي بۇ يىل پۈتمەي قالدى. ئەتىيازلىققا بالدۇرراق پۈتتۈرسەك، خالىساڭلار شۇ ئۆيدە ئولتۇرساڭلار بولىدۇ. قوشنا بولۇپ ئولتۇرىمىز. تاپقاننى تەڭ يەيمىز. رۇستەم، بىز قىيامەتلىك دوستقۇ! بۇ ئۆيدە قىسىلما. قىشلاق ئەتراپىدىكى بوز تۇپراق، جاڭگال، زەي - شورلۇق بىزنىڭ، ئىگىسى بىز. خالىغانچە بىنام ئاچىمىز، باغ - ئورمان بەرپا قىلىمىز.

چارباغنىڭ قىشى ئۆتۈپ كەتتى. قارلار ئېرىپ، يەر جاھان ئىللىشقا باشلىدى. قۇرت - قوڭغۇزلار تىرىلدى. قۇياش نۇرى كۈچەيگەنسېرى كۈزگى بۇغدايلار يەردىن لەسسىدە كۆتۈرۈلۈپ، مايسا ھالىتىدىكى يېشىل رەڭگى بىلەن تۇنجى باھارغا ھۆسن بېغىشلىدى. دانىش قىشنى ئۆز ئۆيى بىلەن قىشلاق ئارىلىقىدا ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ ئازغىنا بۇغدىيىنى توپلىدى. يەرلەر ئېرىشكە باشلىغاندا بۇغداي ئېتىزلىرىغا قۇر ئارىلاپ ئوغۇت بەردى. يوغىنىغان پاخماق جىگدىلەرنى چاناپ - كېسىپ سۇلايماننىڭ ئۆيى ئەتراپىغا باستى. ساسلىق بويىغا، يانتاق، چىرىمدان ئۆسكەن بوش يەرلەرگە، يېڭى ئۆي ئەتراپىغا تېرەك، سۆگەت، جىگدە كۆچەتلىرىنى تىكتى. رۇستەمگە قىشلاق ئەتراپىدىن بىنام ئېچىش تەكلىپىنى بېرىۋېدى، تىڭشىمىدى. ئۇ تاڭ

سەھەردە دۇكانغا كېتەتتى، كەچ قايتاتتى. دانىش تولغانئاينىڭ ھەممىشە تۇمان باسقان ھاۋادەك تۇتۇق، جۇدۇن ئۆرلەپ تۇرغان قىش كۈنىدەك قەھرلىك، سوغۇق چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ئېرى بىلەن تازا ئەپ ئۆتمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

سۇلايمان ئەختەم قارىينىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتاتتى. تېۋىپ ئۇنىڭ ئىساق شۇجى، قۇددۇس قارىم ۋە رۇستەمگە قىلمىغان زىيانكەشلىك توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، ئاللا! ئاللا! قانداق جاھان بۇ؟ تەشكىل، قانۇن بار تۇرۇپ، ماۋۇ خەق ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەيدىكىنا، دەپ ئاھ ئۇرۇپ قوياتتى. كەچ ـ ئاخشاملىرى مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ شىپاخانا قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى پىلانلىرىنى سۇلايمان بىلەن ئورتاقلىشاتتى. بىر كۈنى يەنە شۇ ھەقتە سۆز بولۇۋېدى، سۇلايمان كاللىسىدا ئۇزۇن مۇددەت مۇلاھىزە قىلىپ پىشۇرغان پىكرىنى ئېيتتى:

— شىپاخانىغا سەرپ قىلىنىدىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم چىقىراي دەۋاتىمەن، قارىم. كۆڭلۈمدە ھېسابلاپمۇ كۆردۈم. 30 مىڭ كوي بولسا يېتەر دەيمەن.

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز، ئوغلۇم؟ — ئەختەم قارى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئەزەلدىن بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدى. ھەيران بولۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۇلايمانغا تىكىلدى، — سىز... سىز پۇلنىڭ گېپىنى قىلدىڭىزمۇ؟

— سىلى ئۈچ ئېغىزلىق دېدىلە، مەن بەش ئېغىزلىق بىنا بولسا دەپ ئويلىدىم. سىلى ئادىيراق قىلماقچى. مەن ھامىنى قۇرۇلۇش قىلغاندىكىن پىششىق خىش، سېمونت، گەج ئىشلىتىپ نۇسخىسىنى چىرايلىقراق، سۆيەتلىكرەك قىلغان ياخشى، دەپ ئويلىدىم. سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بولغاندا، پۇل ئازراق كېتىدۇ، ئەمما پۇل جىق كەتسىمۇ، چوڭ، كۆركەم، پۇختا قىلساقمىكىن دەيمەن. شۇڭا، مەن 30 مىڭ كوي چىقىراي، يەتمىگۈدەك بولسا پۇل يەنە بار، — سۇلايمان تېخىچە ھەيرانلىقى، ئەجەپلىنىشى يوقالمىغان تېۋىپقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئوغلۇم، سىزدە شۇنچىلىك كۆپ پۇل بارمۇ؟

— خۇدانىڭ بەرگىنى بار، قارىم. يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، قۇرۇلۇش سىلىنىڭ ناملىرىدا بولىدۇ. مەن پەقەت قولۇمدىكى ئازدۇر ـ كۆپتۇر مال ـ دۇنيانى خۇدا يولىدا، سىلىنىڭ خالىس نىيەتلىرى يولىدا سەرپ قىلىۋېتىمەن.

ئەختەم قارى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يەگادا بىر چۆرگىلەپ سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلدى. غولىچىنى كەڭ يېيىپ ئۇنىڭ دولىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ تارتىپ باغرىغا باستى. يەنە شۇ ھامان قويۇۋېتىپ قەددىنى رۇسلىدى:

— قىزىم گۈلجامال، مايەرگە كىرسىلە.

گۈلجامال ئۆز ھۇجرىسىدا ئىدى. دادىسىنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

— قارىسىلا قىزىم، سۇلايمىناخۇن شىپاخانا قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك پۇلنى ئۆزۈم چىقىرىمەن، دەۋاتىدۇ. كۆرسىلە قىزىم، ماۋۇ مەردلىكنى. ئۆيىمىزگە ھاتەم كەلگەنىكەن ـ دە. ئاھ خۇدا، مېنىڭ مەقسەد ـ مۇددىئالىرىم ئىجابەت بولىدىغان بولدى. جانابىي ئاللا بەندىسىنىڭ ئۆ-

مىدىنى يەردە قويمايدىكەن.

گۈلجامال پەقەت بۇ گۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل قىزىقسىنىش نەزەرى بىلەن سۇلايمانغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. سۇلايمان قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئەختەم قارىي خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي سۆزلەيتتى. سۇلايماننىڭ خىيالى تويۇقسىز چار باغدىكى مەسچىت ئۈستىگە يۆتكەلدى. چارباغنىڭ بەش مەھەللىسىدە يەتتە كىچىك مەسچىت بار، لېكىن ئۇنىڭغا كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغانلار زادى قانچىلىك؟ ھەتتا بەزى مەسچىتلەرگە ھېچكىم كىرمەيدىغۇ. ئىساقجى خەلقىنىڭ مەسچىت سېلىش قىزغىنلىقىنى ھەدەپ قوللاۋاتىدۇ. مۇنچە كۆپ مەسچىت سېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ شىپاخانا سېلىشمۇ چوڭ ساۋاب. كۆپرەك ئادەم كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلسا، مەسچىت سالغاندىن چوڭراق ساۋاب تاپىمەن. تولغىنىپمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان مال ـ دۇنيالىرىڭ بولسا، ئەل ـ جامائەت ئۇنتۇمىغۇدەك بىر ئىش قىلىپ قوي، دېگەنغۇ.

گۈلجامال سۇلايماننىڭ كەچلىك دورىلىرىنى ئەپچىقتى. سۇلايمان دورىلىرىنى ئىچتى. ئەختەم قارىي ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ دېدى:

ـــ ئوغلۇم، قاراڭ، مەنمۇ سىزدەك ئىنسابلىق، ھالال نىيەتلىك بىر ئوغۇلغا موھتاج ئىدىم. قېرىدىم، پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. ماڭا ئوغۇل بولۇڭ. ئۇدۇمۇمنى بېرەي، تېۋىپلىقنى ئۆگىتەي، ئىزىم يوقالمىسۇن، چىرىغىم ئۆچمىسۇن. مەندىن كېيىن مۇشۇ ئۆي، كىتاب، دەستۇر، ئۆزىگىز پۇل چىقىرىپ بىنا قىلىدىغان شىپاخانا... شۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىز ھەقدار بولۇڭ. شۇنداق بولسىلا گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتالايمەن. روھىممۇ قورۇنمايدۇ. يەنە بىر گەپ...

ئەختەم قارىي تېخىچە پەگادا ئۆرە تۇرغان گۈلجامالغا كۆزى چۈشۈپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتىۋەتتى. سۇلايمان ھايا جانلانغانىدى. ئەختەم قارىينىڭ ياخشى كۆڭلى، ياخشى نىيىتى ئۇچۇن رازى بولغۇدەك جاۋاب بېرىش كېرەك ئىدى. گۈلجامالنىڭ سىلىق دەسسەپ، بوسۇغىدىن يېنىك ئاتلاپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بوش ئاۋازدا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـــ ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەھمەت، قارىم. لېكىن... ئۆزلىرى دائىم ھەر بىر بەندىنىڭ تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى ئاللا تائالا ئۆز ئىرادىسى بويىچە بەلگىلەيدۇ، دەيتتىلە. بۇندىن كېيىنكى ئىشنىڭ قانداق تەرىقىدە بولىدىغانلىقى بىر ئاللاغا مەلۇم. بۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغانغا خۇدا بۇيرىسا گۈلجامال خېنىم بار. مەن... مەن... ئاللا بۇيرىسا سىلىنىڭ سايىلىرىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس. لېكىن... ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى ساقىيىپ كەتسەم دەيمەن.

ـــ دۇرۇس، دۇرۇس، ـــ ئەختەم قارىي قاتتىق ئۆكۈنگەنىدى. ئاۋازى ناھايىتى بوش چىقتى، ـــ ئوغلۇم، مەندىن كۆپۈرلىق ئۆتتى. دۇرۇس، ھەممىمىز ئاللانىڭ ئىلكىدىكى بەندە. جانابىي ئاللانىڭ ھۆكۈمىسىز ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. دۇرۇس... مەن...

سۇلايمان كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. ئەختەم قارىينىڭ تەكلىپ ـ ئۆتۈنۈشلىرى بۇرۇنمۇ تۇرلۇك ئىما ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغانىدى. بۇ گۈن بۇ تەلەپ ـ مۇددىئالارنىڭ بۇنداق ئېنىق ئىزھار قىلىنىشى سۇلايمانغا چۈشكە ئوخشاش تۇيۇلدى. بىر ھې-

سابىتا بۇ كۈتۈلمىگەن ناھايىتى زور ئامەت ئىدى. ئۇ گۈلجامالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېدى، گۈلجامال ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. سۇلايمان ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدىكى، ئۇنى ھېلىمۇ قىزلار ياراتمايدۇ. گۈلجامالچۇ؟ ياق، سۇلايماننىڭ ئورنى يەردە، پەستە. گۈلجامال ئاسماندا، يەتتە ئاسماننىڭ ئۈستىدە. بۇنداق زور پەرق ئۇنىڭ گۈلجامال توغرىسىدا بىرەر خىيالنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈشىگە مۇمكىنچىلىك بەرمەيتتى. كىچىكىدىن ياخشى كۆرگەن، چىندىن ئاشىق بولغان قىز تولغانئاي ئۇنى ياراتمىغان يەردە، مەشھۇر تېۋىپنىڭ، ئابرويلۇق دىنىي ئۆلىمانىڭ ئارزۇلۇق قىزى گۈلجامال ئۇنى ياريتارمۇ؟ كىمنىساچۇ، ئۇ سۇلايماننى ياراتتىغۇ. ياق، بۇ ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش ئەمەس. بۇ پەقەت ياشلىقتىكى قىزغىن ھەۋەس تۇپەيلى كېلىپ چىققان ئېزىش، خالاس. ئاھ، گۈلجامال... سۇلايمان ئىزتىراپ ئىچىدە تولغاندى. گۈلجامالنىڭ گۈزەل ھۆسنى - جامالى بارا - بارا تۇتۇقلىشىپ كۆرۈنمەي قالدى. ئەمدى تولغانئاينىڭ ئوبرازى روشەنلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى. سۇلايمان ئۇخلىيالمىدى. ئۇ تولغانئايغا ھەقىقىي ئاشىق بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل رىشتىنى مەڭگۈ ئۈزەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇ كۈنى سەھەردە سۇلايمان جۇۋىسىنى كىيدى - دە، ئەختەم قارىينىڭ بامدات نامىزىغا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ گۈلجامالغىمۇ كۆرۈنمەستىن چىقىپ كەتتى. گۈلجامال ئۇنى چۈشتە، كەچتە تاماقتا كۈتتى. ئەتىسى ئەختەم قارىي بازارغا چىقىپ ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈردى. رۇستەممۇ كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۈگۈن كېلەر، ئەتە كېلەر دەپ بىر ھەپتە ئۆتتى. ئەختەم قارىي ئۆز كۆڭلىنى ئاختۇراتتى. بۇ بالىنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلايتتى. ئۇ سۇلايمانغا مۇددىئاسىنى ئېيتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ شىپاخانا بىناسى، 30 مىڭ كوي... دېگەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. كۆڭلىدىكى شۈبھە، گۇمان كۈچەيگەنسېرى سۇلايمانغا بولغان ئىشەنچى سۇسلاشتى.

سۇلايمان قەشقەرگە كەتكەنىدى. ئەتىيازنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا كوچىمۇ - كوچا يۈرۈپ خېرىدار ئىزدىدى. ئۇ تىللا ساتماقچى ئىدى. ئۇ ئوغرى، بۇلاڭچىغا ياكى ساقچىلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئاخىر ئىككى ئەتكەسچى بىلەن تېپىشىپ مالنى ئۆتكۈزدى. 42 مىڭ يۈەن پۇلنى كونا، يىرتىق سومكىغا سالدى - دە، دەررۇ قايتتى.

ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتقان گۈلجامال ئۇنى كۆرۈپلا سۈپۈرگىنى تاشلىدى - دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى جاڭگىدە ياپتى. ئەختەم قارىي مېھمانخانىدىن ئايۋانغا چىقىپ ئۇنىڭغا تەئەججۇپ، نارازىلىق ئارىلاش بىر نەزەردە تىكىلدى:

— ئوغلۇم، سىز بارمۇ؟ مەن تېخى...

ئەختەم قارىي بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئەمەس ئىدى. سۇلايمان بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى.

— خۇدايىتائالا يولۇمنى ئوڭ قىلدى. ئازراق ئېرىق مال بار ئىدى، شۇنى سۇ قىلىمەن دەپ... ئەمدى ئىشنى باشلايمىز، قارىم.



ئەختەم قارىينىڭ ئۈنىگەدىن ھەقىقەتەن ئىخلاسى قايتقانىدى. سۇلايماننىڭ گەپلىرىگە جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئەختەم قارىي ئائىلىسى بىر نەچچە كۈنگىچە سۇ كۈتكە چۈمدى. شۇ كۈنلەردە سۇلايمان ئوتقا دەسسىۋالغاندەك ھەر بىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن باستى. ئارىدىكى ئىشەنمەسلىك بارا ـ بارا تۈگەپ، ئائىلىنىڭ تىنچ، خۇشال ـ خورام ھاياتى ئەسلىگە كەلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھال گۈلجامالنىڭ سىيلىق ھەرىكەتلىرىدە، خۇش خۇي كۈلۈمسىرەشلىرىدە، ئادەتلەنگەن قىيا بېقىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەمدى سۇلايماندىن گۇمانلىنىشقا، شۇبھىلىنىشكە قىلچە ئورۇن قالمىغانىدى. ئۇ گويا باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ قىشچە ئىسسىق ئۆيدە تۇرغان گۈل تەشتەكلىرىنى ئەپچىقىپ ھويلىدىكى تام ئۈستىگە تىزدى. ئون نەچچە تەشتەك سېتىۋېلىپ گۈلنىڭ يېڭى خىللىرىنى كۆچەۋردى. سۇلايمان سۇ باشلاپ كېلىپ باغنى قايتا ئوسا قىلدى. كاندىك ئېتىزلارنى ئاغدۇردى، ئەينەكتەك تەكشى تۈزلىدى. باغقا خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلەر تېرىلدى. گۈلجامال يېقىملىق كۈلكىلىرى، قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن سۇلايماننى زېرىكتۈرمەيتتى، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆسىدىغان جايلىرى، خۇسۇسىيىتى، رەڭگى، شەكلى، ئىشلىتىلىشى، شىپالىق رولى ھەققىدە سۆزلەيتتى. سۇلايمان كىچىككىنە بىر قىزنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىدىن ھەيران قالاتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ دانىشىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن قىشلاققا بېرىپ يېڭى ئۆينى ئۆتكۈزىۋالدى. ئۇستىلارنىڭ قېپقالغان ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىپ ئۇزاتتى. بىنا كارلىق شىر ـ كىتىدىن بىر ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ شىپاخانىنىڭ ئاددىي لايىھىسىنى سىزدۇردى ۋە شۇ

ئۇستىنىڭ ئۆزىگە كۆتۈرە بېرىشنى لايىق كۆردى. لايىھىگە ئاساسەن گۈلجامال توختام يېزىپ چىقتى، ئۇستا ئۆز ئىمزاسىنى قويدى. لېكىن، سۇلايمان ئىمزا قويۇشقا ئۇنىمىدى.

— ئىشىنىڭ ئىگىسىمۇ، پۇل چىقىم قىلغۇچىمۇ سىلى، — دېدى گۈلجامال قەتئىي رەۋىشتە، — شۇڭا ئۆزلىرى ئىمزا قويسىلىرى بولامدىكىن.

— ياق، — رەت قىلدى سۇلايمان، — قارىم ئىمزا قويسۇن، مەن ئىشىنىڭ ئىگىسى بولۇشنى، يەنە كېلىپ پۇل چىقىم قىلغۇچى بولۇشنى خالىمايمەن. مېنىڭ پۇلۇم بارلىقىنى خەقنىڭ بىلمىگىنى ياخشى.

ئەختەم قارىي كىردى. ئەھۋالنى ئۇقتى. سۇلايماننىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭ جاھىللىق قىلىپ تۇرىۋالغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ توختامنامىغا ئۆزى ئىمزا قويدى. سۇلايمان بىلەن ئۇستام ئىككىسى قورۇلۇش ئىدارىسىغا، ئەدلىيە ئىدارىسىغا بېرىپ توختامنامىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ كەلگۈچە گۈلجامال پولۇ پىشۇردى. ئۇستام خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن ئەختەم قارىي خۇشال كەيپىياتتا:

— خۇش خەۋەر، ئوغلۇم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت چاقىرتىپتىكەن، باردىم. قاراڭ، ناھىيىمىزدىن ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغان تۆت كىشىنىڭ بىرى مەن ئىكەنمەن. مانا، سائادەت قۇياشى ئۆمۈر بوستانىمغا سېخىيلىق بىلەن نۇر سەپمەكتە. ئاھ... ئاللا يادىنى تۇتقىنىمدىن بۇيان ھەمىشە مۇشۇ ئارزۇ ـ مەقسەت يولىدا ياشاپ كەلگەنىدىم. زامان ياخشىلانسا ھەرقانداق ئارزۇ ئەمەلگە ئاشىدىكەن. قېرىغىنىمدا جانابىي ئاللا ماڭا شەپقەت ـ ئىنايىتىنى كۆرسەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، دادا!

— مۇبارەك بولسۇن، قارىم!

— بالىلىرىم...

ئەختەم قارىي كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. لەۋلىرى، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. يۈزىدىكى قاتمۇ ـ قات ئۇششاق قورۇقلاردا مەرۋايىتتەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى توختاپ قالدى.

— بالام سۇلايمىناخۇن، — ئەختەم قارىي ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ قىزىغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — مەن خېلى بۇرۇنلا گۈلجامالغا ئۆيىمىزگە سۇلايمىناخۇننىڭ ئايىغى ياراشتى، دېگەنىدىم. بۇ ھەق گەپ، سۇلايمىناخۇن. سىزنىڭ ئايىغىڭىز ياراشتى. سىز مۇشۇ ئۆيدە تۇرسىڭىزلا ئىش ـ ئوقىتىمىز راۋاج تاپىدىكەن. ئەسلىدە سىز ۋۇجۇدىڭىز پاك، ھالال ئىنسان ئىكەنسىز. سىز ئەمدى ھەرگىز كەتمەڭ. ئەمدى بىزنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەڭ!

سۇلايمان بىلەن گۈلجامال ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ قارىمىنىڭ سۆزلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە تىڭشىدى.

ئۈجمىلەر بىخ چىقارغان، گۈللەر غۇنچىلاۋاتقان، ئامۇتلار چېچەك تۆكۈپ، ئۈزۈم تاللىرى بىخ يارغان مەۋسۇمدە سۇلايمان بۇ تىنچ، ئازادە ھويلىنى تاشلاپ يەنە قىشلاققا كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك غىپپىدە كېتىپ قالماستىن ئەختەم قارىينىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— كېۋەزلەرنى تېرىۋېلىپ ئاندىن كەلسەم، — دېدى.

ــــ بېرىك ئوغلۇم، دېھقانچىلىق دېگەننى ۋاقتىدا قىلمىسا بولمايدۇ. پاتراق كېلەرسىز، بېرىڭ.

كېيۇمز تېرىلىپ، ئورمانلارنىڭ سۇغىرىش ئېرىقلىرى رېمونت قىلىنىپ بولغاندا سۇلايمان ئۆيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ توپا ئېتتىرىش ماشىنىسىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى. تۆت كۈن ئىچىدە قىشلاقنىڭ ئايىغىدىكى بوزلۇقتىن ئۆزىگە ۋە رۇستەمگە ئاتاپ ئون نەچچە مو بىنام ئاچقۇزدى. سۇلايمان بىلەن دانىش كونا ئۆيدە يېتىپ قوپتى. چۈنكى، تولغانئاي يامانلاپ كەتكەن، رۇستەم تۆمۈر چىلىك دۇكىنىغا يوتقان ـ كۆرپىسىنى يۆتكەپ كەتكەنىدى. سۇلايمان ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ دانىشقا مۇنداق دېدى:

ــــ رۇستەم يېڭى ئۆيدە ئولتۇرسۇنمىكىن.

ــــ ئۆزۈڭ كۆچۈپ ئۇكام، كونا ئۆينى بەرگىنىڭمۇ چوڭ ئىش. ساڭىمۇ يېڭى ئۆي لازىم. ھەمىشە تاق ئۆتمەيسەن، توي قىلىسەن، بېشىڭ ئىككى بولىدۇ. كېلىنگە ئاشۇنداق يېڭى، چىرايلىق ئۆي يارىشىدۇ. رۇستەممۇ بىر ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، ئۆزى بىر ئامال قىلار. ئويلاپ باق، ئەختەم قارىينىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى تۇمۇچۇقنىڭ ھەممىشە سېنى ئۆز ئۆيىدە تۇتۇۋالماس. قىشلاقمۇ كېلەر. شۇ چاغدا ۋاي، ئېرىمنىڭ ھال ـ ئوقىتى، ئىگىلىكى خېلى يامان ئەمەسكەن، يېڭى سالغان ئۆيلىرىمۇ جىمجىت، پىنھان ئىكەن، تازا ياير نغۇدەك ماكان ئىكەن، دەپ قالسۇن. يېڭى ئۆيدە تولغانئاي، كونا ئۆيدە گۈلجامال ئولتۇرسا بولمايدۇ جۇمۇ ئۇكام. يېڭى ئۆيدە جەزمەن ئۆزۈڭ ئولتۇر.

ــــ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، دانىشكا، ــــ سۇلايماننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، كۆز قارىچۇقلىرىدا يوشۇرۇن دەردىنىڭ غۇۋا ئوچقۇنلىرى غىل ـ پال چاقناپ غايىب بولدى، ــــ قوي بۇ گەپلىرىڭنى، مەن ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىمايمەن. تۇمۇچۇق، گۈلجامال دېدىڭمۇ؟ ئۇ مېنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ قىلمايدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟

ــــ نېمىلا دېگەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكلىرىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولدى، ــــ دانىش تۈزۈت قىلمايلا ئۇدۇل سۆزلىدى، ــــ سەنمۇ ئۆيلىنىسەن، كېلىنىنى ئاشۇ يېڭى ئۆيگە يۆتكەيمىز.

ــــ ئاھ، دانىشباي، ــــ سۇلايمان بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتتى، ــــ سەن بىلمەيسەن، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن، مەن بىر تەلەيسىز بەندە، خۇدا مېنى شور پېشانە ياراتقان. ھەي... ئۆيلىنىشنىڭ گېپىنى قىلما. شۇ گەپ بولسىلا يۈرىكىمنى بىر نېمە غاجىلىغاندەك بولىدۇ. قارا، تولغانئاي تۇغۇپتۇ، رۇستەم ئۇنى تاشلىۋەتسە بولمايدۇ. يېڭى ئۆيدە شۇلار ئولتۇرسۇن. ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىلى، خۇدايىم بەرگەن پەرزەنت يېتىم بولۇپ قالسا... ئاھ مەنمۇ يېتىملىك دەردىنى تارتقان.

دانىش ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھايا جانغا چۆمدى.

ــــ ئۇكام، بىلدىم، سەن ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىكەنسەن. ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭچە قىلايلى.

شىپاخانا قۇرۇلۇشىدا ئىش دەسلەپكى قەدەمدە خېلى ئوڭۇشلۇق باشلانغانىدى. بىناكار ئۇستا ئەختەم قارىينىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى نەزەردە تۇتتى بولغاي، قۇرۇلۇشقا ئەستايىدىل كىرىشىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستا بۇ قۇرۇلۇشتا خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىش بېشىدا مۇقىم تۇردى. سېتىۋالغان ماتېرىياللىرىمۇ سۈپەتلىك ئىدى. ئۇل قۇرۇلۇشى كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاندى. بۇ جەرياندا سۇلايمان ئىش ئورنىدىن نېرى بارمىدى، ئەختەم قارىيمۇ كۈندە دېگۈدەك بىر نەچچە قېتىم كېلىپ تۇراتتى. سۇلايمان چۈشتىمۇ، كەچتىمۇ گۈلجامال چاقىرغىلى چىققاندىلا ئاندىن تاماققا كىرەتتى. شۇ كۈنلەردە گۈلجامال تېخىمۇ ئوماق، مۇلايىم بولۇپ كەتكەنىدى، سۇلايمانغا تارتىنماستىن كۈلۈپ قارايتتى. سۇلايمان كۈندۈزكى هارغىنلىقتىن كېيىن ئاخشىمى تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتى، بىراق بۇ ئۇيقۇ ئۇزاققا بارمايتتى، ئۇ چۈش كۆرەتتى ياكى ئويغاق يېتىپ خىيال سۈرەتتى. مەيلى چۈشىدە بولسۇن، مەيلى خىيالىدا بولسۇن، تولغانئاينىڭ سىماسى گۈلجامال بىلەن كەسكىن رىقابەتلىشىپ ئۇنىڭ چۈشلىرىنى، خىياللىرىنى باش ـ ئاخىرى يوق بىر چەكسىزلىككە باشلاپ كېتەتتى.

بۇ گۈنمۇ ئۇ شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتقۇزدى. هويلىنى سۈپۈرۈۋاتقان گۈلجامال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گويا ئاپئاق پەرىشتىدەك گۈزەل بىر قىياپەتتە كۆرۈندى. گۈلجامال ئېتەكلىرىگە رېشلىيە تۇتۇلغان ئاپئاق يەڭسىز رۇباشكا كىيگەنىدى.

سۇلايمان ئىش ئورنىدا ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ گۈلجامالنىڭ ئەتىگەنكى پەرىشتىدەك گۈزەل قىياپىتىنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلالمىدى. چۈشكە يېقىن رۇستەم كېلىپ چارباغقا سۇ ئېچىلغانلىقىنى ئېيتقاندىلا، ئاندىن ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئەختەم قارىينىڭ يېنىغا كىرىپ ئىجازەت سورىدى. بازاردىن بىر كىلو گۆش ئالدى ـ دە، ئۇدۇل قىشلاققا راۋان بولدى.

قىشلاق ياز ئاپتىپىدا ياشىرىپ ـ تاۋلىنىپ تۇراتتى. سۇلايمان ساسلىق بويىدىن تارتىپ تاكى جاڭگال ياقىسىغىچە سوزۇلغان ئورمانلارنى ئايلىنىپ چىقتى. ئورمانلارنىمۇ، بۇغدايلارنىمۇ دانىش ئاللىقاچان سۇغىرىپ بولغان، يېڭى ئېچىلغان بىنالاردىكى قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى بۇيا، ئادىراسمان بىلەن ئوغۇتلاپ، پىلەكلىرىنى تاراپ ـ رەتلەپ بولغانىدى. لېكىن، دانىش ئۆزى قىشلاقتا كۆرۈنمەيتتى. سۇلايمان كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئايلىنىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزدى، كەچتە قايتىپ كېلىپ گۆشنى پىشۇردى، دانىشنى كۈتتى. ئاخىر ئۇنىڭ نېسۋىسىنى ئەپقويدى ـ دە، ئۆزى غىزالىنىپ ئاندىن يېتىپ قالدى. سۇلايمان كېچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۆي گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. يوتقان ـ كۆرپىلەر سۇغا چىلىشىپ قالغانىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاغا چۈشتى. ئۆيگە سۇ كىرىپ كەتكەنىدى. سىيلاشتۇرۇپ كالتە چاپىنىنى تاپتى ـ دە، ئۇچىسىغا يېپىنچاقلاپ سىرتقا ماڭدى. ئايۋاندىن هويلىغا چىققۇچە سۇ كېچىپ ماڭدى. شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۆيگە كىرىپ جىن چىراغنى ياقتى. كېچىچە ياغقان يامغۇر پەسىيىپ شامال چىقىشقا باشلىدى. سۇلايمان تىترەپ ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزدى. قىشلاققا خىرە ـ شىرە يورۇقلۇق چۈشكەندە پۈتكۈل قىشلاقنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. يۈگۈرۈپ بۇغدايلىققا باردى. ئالدى سار-

غىيىشقا باشلىغان بۇغدايلار ئورغاقتا ئورغاندەك سۇغا يىقىلىپ باشتىن ـ ئاخىر غىچچە يېتىپ كەتكەنىدى. كېچىدىكى يامغۇر بىلەن شامال ھەممىنى نابۇت قىلغانىدى.

دانىش يېتىپ كەلدى. قىردا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بۇغداي غوللىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزۋېدى، بۇغداي ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئاجرىغان ھامان يەنە سۇ ئىچىگە يىقىلدى.

— ئىسست! قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ تۈنۈگۈنكى سۇنى قۇيمايدىغان گەپكەن، ھەي... — دانىش سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. كېيىن ئۆزىنى تۇختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇ بۇ ئېتىزلارغا كېچىدە ياغقان يامغۇردىنمۇ كۆپ تەر ئاققۇزغانىدى. سۇلايمان قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قىردا تۇراتتى. خېلىدىن كېيىن دانىش ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئۆيدىن ئۆتتىمۇ؟ يېڭى ئۆي قانداق بولغاندۇ؟

— بېرىپ كۆرۈپ باق، — دېدى سۇلايمان.

دانىش ۋىجىك گەۋدىسىنى يەڭگىل تەۋرىتىپ تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ ئۆي تەرەپكە كەتتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

— ئۆي بىسات ھەممىسى چۆپتەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئەپچىقىپ يايدىم. سۇنى چىقىرىۋەتتىم، — دانىش سۆزلەۋېتىپ سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — خۇدايا شۇكرى، يېڭى ئۆينىڭ بىرىدىن ئازراق تامچە ئۆتۈپتۇ، قالغىنى ساق. ئەنە قارا، يېتىپ كەتكەن، سىڭايان بولۇپ قالغان ئورمانلارنى يۆلەپ، تۈۋىنى چىڭدىۋەتتىم.

— قورساقنىڭ ئىشىنى قانداق قىلدىڭ؟ — سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — چاي ئىچتىڭمۇ؟

— ئىچتىم، — دانىش يېقىنراق سىلجىدى، — نان باركەن، گۆشمۇ باركەن، ئىسسىقلىتىپ قورساق تويدى، ئۇكام.

— پۇل لازىممۇ؟

— ياق ئۇكام، ھەرگىز ئۇنداق دېمە، — دانىش ھاياجانلىنىپ كۆڭلىدىكىنى دەۋېلىشقا ئالدىرىدى، — بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ياخشىلىق قىلدىڭ، مەن ساڭا بىر ئۆمۈر ئىشلەپ بەرسەممۇ ياخشىلىقلىرىڭنى ياندۇرۇپ بولالمايمەن. لېكىن... خۇدايىم ماڭىمۇ پۇل بېرەر، ياندۇرىمەن، ھەممىسىنى بولمىسىمۇ بىر قىسمىنى. ئۇكام، قورسىقىمدا شۇنداق خىيال بار.

— مەن ساڭا قەرزدار، — دېدى سۇلايمان، — سەن ماڭا ئىشلىدىڭ، ئەجرىڭ جىق، كېيىنچە رازى قىلىمەن. ئەمدى ئىشىڭ بولمىسا كەتكىن.

دانىش يامغۇردا يۇيۇلغان كۆكاتلار ئۈستىدىن مېڭىپ پارچە ساي تەرەپكە كەتتى.

چارباغلىقلار بۇغدايلىرىنى ئورۇپ، تېپىپ بولدى. لېكىن، سۇلايماننىڭ بۇغدايلىرى ئوبدان پىشمىغانىدى. يالغۇز سۇلايماننىڭلا ئەمەس، شۇ كۈنى بۇغدايلىرىنى سۇغارغان بىرنەچچە دېھقاننىڭ بۇغدايلىرىمۇ نابۇت بولغانىدى. سۇلايمان ئاخىر بۇغدايلىرىنى ئورىدى. باريوقى تۆت يېرىم تاغار بۇغداي چىقتى. سۇلايمان سەبرى ـ تاقەتلىك ئەر بولۇپ يېتىلگەنىدى. بىراق، بۇ قېتىم قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئۇنىڭ تۆت مو يېرىدىن 4000 جىڭ بۇغداي چىقىدۇ،

دەپ مۆلچەرلىنىپ، دۆلەتكە 960 جىڭ بۇغداي سېتىپ بېرىدۇ، دەپ بېكىتىلگەنىدى. بۇ سان بىر بېكىتىلگەنچە ئۆزگەرتىلمەيتتى. ئىساق شۇجى سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن سىرت يەنە دۆلەتكە 10 مىڭ جىڭ بۇغداي سېتىپ بەردى. مۇكاپاتمۇ ئالدى. ئۇ ھەر يىلى 30 ـ 35 مىڭ جىڭ بۇغداي ئالاتتى. دېمىسىمۇ ئەڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر شۇنىڭ قولىدا ئىدى. خىمىيۋى ئوغۇت شۇنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى. سۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېتىزىغا كىرەتتى. يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن دېھقانچىلىق تېخنىك خادىملىرى كۆن بويى ئۇنىڭ ئېتىزلىقىدىن نېرى بارمايتتى. دېھقانلار ئۇچۇن خىمىيۋى ئوغۇت، سۇ دېگەنلەر تۇتىيا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ ھوسۇل ئالسۇن، بەرىبىر ۋەزىپىلىرىنى بىر جىڭ كېمەيتمەي ساتاتتى. بەزىلەر بۇغداي ساتقان پۇلىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلماي يەنە ئەركىن بازاردىن بۇغداي سېتىۋېلىپ ئۆزۈۋقىلۇق ئاشلىقلىرىنى غەملەيتتى. ئۇلار دۆلەتكە بىر تاغار بۇغداينى 56 يۈەندىن ساتاتتى، ئەركىن بازاردىن بىر تاغار بۇغداينى 70 ـ 75 يۈەندىن سېتىۋالاتتى. ئوتتۇرىدىكى باھا پەرقى، زىيان ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە شۇنچىلىك ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار غىڭ ـ پىڭ قىلمايتتى. يەنە بەزىلەرنىڭ بۇغدىيى سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى بىلەن تەڭشىلىپ قېلىپ، ئالمىغان ـ بەرمىگەن بولاتتى، نەتىجىدە قوي ـ ئۆچكىلىرىنى سېتىپ بازاردىن ئاشلىق ئالاتتى. سۇلايماننىڭ دائىم بۇغداي تېرىيدىغان تۆت مو يېرى يىلدىن ـ يىلغا يۇقىرى ھوسۇل بەرگەنىدى. دۆلەتكە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىگە يەنە 7 ـ 8 تاغار بۇغداي قالاتتى. بۇ يىل ئۇنىڭ ئامىتى قاچتى. تۆت يېرىم تاغار بۇغداينى ساڭغا ئاپىرىۋېدى، 900 جىڭ كەلدى. يەنە 60 جىڭ بۇغداي ساتسا، ئاندىن ۋەزىپىسى ئورۇنلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەر باشقۇرۇش ھەققى، سۇ ھەققى، جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى، كادىرلار ھەققى، مائارىپ راسخوتى، يەر ئاغدۇرغان تراكتور ھەققى يەنە قانداقتۇر ھەقلەر ئۈچۈن ئۇ خېلى كۆپ پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ پۇلى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ، ئەمما ئۇ يەر بىلەن، قىلغان ئەمگەك بىلەن ھېسابلىشىشى كېرەك ـ تە. كەنت كادىرلىرى دەممۇ ـ دەم كېلىپ ئۇنى كەم قالغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا قىستاۋەردى. سۇلايمان ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئاخىر ئۇ ئالتە تاغار سامانىنى ئېشەك ھارۋىسىغا باستى. ئۇ ساڭغا ئاپارماقچى، يەردىن چىققاننىڭ ھەممىسىنى ساتتىم، ۋەزىپەم توشمىدى، كەملىگەن قىسمىغا سامىنىمنىمۇ ئېلىپ كەلدىم دېمەكچى ئىدى. يېڭى ئۆي ئالدىدا بالىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن تولغانئاي سۇلايماننىڭ بىرەر ياققا جابدۇنغانلىقىنى كۆرۈپلا يېتىپ كەلدى. تۇغۇتتىن كېيىن تولغانئاي تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ قالغانىدى. بۇرنى ئۈستىدىكى ئاخىرقى داغ ئىزلىرىمۇ ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى. پەقەت كۆزلىرىلا ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ماس كەلمىگەن كۆرۈنۈشتە ھەسرەتلىك چاقناپ تۇراتتى. سۇلايمان ئورنىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن رۇستەمگە نەسىھەت قىلىپ تولغانئاي بىلەن يارىشتۇرۇپ قويغانىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



ئابدۇراخمان ماموت دىيار

# ئوۋچى

(هېكايە)

ئەينەك تاغنىڭ قاپتىلىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرى ئىككى قېشى بۈك ـ باراقسان تاغ تېرەكلىرى ۋە چاتقاللار بىلەن چۈمكەلگەن چوڭقۇر جىلغىغا قۇيۇلىدۇ. جىلغىنىڭ ئاخىرى پەسلەپ، كىچىك قاپسىلاڭ دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. جىلغىنىڭ غەربىدىكى كېيىك جاڭگىلى دەپ ئاتالغان ئېگىز تاغدا تېكە ۋە كېيىكلەر توپ ـ توپ ئوتلايدۇ. كەپسىز تېكە ۋە كېيىكلەر چوققىلارغا چىقىۋالسا، خۇددى خادا تاشلاردەك كۆرۈنىدۇ، يامغۇر، مۆلدۈرلەرنىڭ شەپىسىدىن خەۋەر بەرگۈچى هاۋارايى مەلۇماتچىسى ئۇلا قاتارلىشىپ سايراپ ئۆتسە، قىزىل قانات، يېشىل بويۇن، قارا باش چاتقال قۇشقاچلىرى ۋىچىرلىشىپ تۇرىدۇ. تۈكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ كەتكەن داۋغانلار چىرقىرىشىپ، قارىغاي تۈۋىدىكى ئۇۋىلىرىغا مۆكۈشىدۇ. ئاللا تائالا زەر كۆمۈشلەرنى تاغنىڭ ئاستىغا، يەر يېغىنى يەتتە قات قۇملۇقنىڭ تېگىگە، ئۈنچە ـ ياقۇت، جاۋاهىراتلارنى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرغاندەك، زېمىن ئۈستىدىكى توز قانىتىدەك بۇ گۈزەللىكنىمۇ تەڭرى تېغىنىڭ كىندىكىدىكى مانا مۇشۇ پىنهان جايغا يوشۇرۇپ، رەهىمسىز ئادەملەرنىڭ دەسسەپ ـ چەيلىشىدىن ساقلىغان.

ئۆگەن دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى بولغان كىچىك قاپسىلاڭ، ئارا قاپسىلاڭ ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى قاراسقا، مۈڭگۈزبىل، لەمپە دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ تاغ، بەش جىلغا ۋە هاڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خىلۋەت، ئارامبەخش ماكانىنىڭ خوجايىنى 40 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، تاغ ئادەملىرىگە خاس چىرايى قارامتۇل باقى نىياز، ئۇنىڭ

هەمراھى 25 ياشلاردىكى قىزىل يۈزلۈك هەسەلخان. ئۇستىنى قارا قوۋزاقلىق قارىغاي ياغىچى ۋە ئەگرى ـ بۈگرى پۇتاقلىق شاخلىرى بىلەن ياپقان ئىشىكى يوق پاكار گەمە هەسەلخاننىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىرايى، تەبەسسۇملىرى بىلەن ئىللىق كۆرۈنىدۇ. شۇ پايانسىز زېمىندىكى يالغۇزلۇقنى ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئاتەشتەك مېھرى بىلەن يېڭىپ كېلىۋاتقان ۋاپادار ئەر ـ ئايالدىن باشقا ئۈچىنچى بىر ئادەم يوق. «ۋاپادارلارغا ئۆگكۈرمۇ ساراي كۆرۈنىدۇ» دېگەن مانا شۇ. قوتانغا بىر كىشى كېلىپ قالسا، خۇددى ئاتا ـ ئانىسى تىرىلىپ يوقلاپ كەلگەندەك خۇشاللىقىدىن تېنىگە پاتماي قالىدۇ ـ دە، قوي سويۇپ، بىر كېچە مېھمان قىلمىغۇچە قويمايدۇ. بۇ يەردىكى تۇرمۇش بىر خىل رىتىمدا داۋام قىلىدۇ. باقى نىياز سەھەر تۇرۇپ، تۆتكۆز، بويناقۋايلارنى ئەگەشتۈرۈپ، قويلارنى ئېگىزلىككە هەيدەيدۇ. ئەگەر ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار تاغ قاپتاللىرىدىن موگۇ باش بولۇپ تۈرۈلۈپ ئۆرلەيدىغان بولسا، ئاق مىتىس قويلارغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ ـ دە، يايلاق ئاق چاچلىق خىزىرغا ئوخشاپ قالىدۇ.

جانلىقلار ئۆز كۈشەندىسى بىلەن يارىتىلغان. باقى نىيازنىڭ هاياتىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن خالىي ئەمەس. ئۇنىڭ قويلىرىنىڭ ئارقىسىغا بىر توپ بۆرىلەر كىرىۋالغاچقا، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن سىنتىرال مىلتىق چۈشمەيدۇ، مىلتىق ئۇنىڭ هەسەلخاندىن قالسا ئىككىنچى هەمراھى، بەزىدە چوڭ ـ كىچىك قاپقانلارنىمۇ كۆتۈرۈۋالىدۇ. بۇ يەردىكى بۆرىلەر بىلەن باقى نىياز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن، باقى نىياز بۇ بىر توپ بۆرىنىڭ ئانىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇۋەتكەندىن كېيىن بۇ بۆرىلەر باقى نىيازنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، پايلاپ يۈرىدۇ. ئەپ تاپسا بۇ بۆرىلەرنىڭ باقى نىيازنىمۇ قويلىرى بىلەن قوشۇپ يەۋەتكۈسى بار. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق:

بىر كۈنى كېچىدە باقى نىيازنىڭ قوتىنىدىن 15 قوي يوقاپ كەتتى. ئۇ قويلارنى ئىزدەپ بارسا، قويلار قارىغايلىق ئارىسىدا جان تالىشىپ يېتىپتۇ. قويلارنىڭ كارنىيىدىكى بۆرە چىشلىرىنىڭ ئىزىدىن قان تامچىلاپ تۇراتتى. باقى نىيازنىڭ بىر يىللىق ئىش هەققى 15 قوينىڭ زىيىنىغا چىقىشمايتتى. باقى نىياز قويلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق هالىنى كۆرۈپ، پەيمانى پەلەككە يەتتى ـ دە، قاپقان بىلەن مىلتىقنى ئىشقا سېلىپ، بۆرىلەرنى قەتئىي ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدى، ئۇنىڭ مەقسىتى بىر تەرەپتىن، بۆرىلەرنى يوقىتىپ، قويلارنى قوغداش، يەنە بىر تەرەپتىن، بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى سېتىپ، زىياننىڭ بىر قىسمىنى تولدۇرۇۋېلىش ئىدى. باقى نىياز بۆرە ماڭىدىغان يوللارغا قاپقان قويدى.

مانا بىر جىنايەتكار بۆرە ئىتقا تالانماقتا. قاپقاندىن ئاجرىيالماي تولغىنىپ خىرقىراۋاتقان بۆرىنى ئىتلار چىشلىرى تالغىنچە تالاپ مادارىدىن كەتكەندىن كېيىن، باقى نىياز جىنايەتكارلارنى بېشىنى پەس، پۇتىنى ئېگىز قىلىپ قارىغايغا ئاستى. ئىتتىك پىچاق ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن باشلاپ تېرىسىنى گۆشىدىن ئايرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتى، قورساق، دۈمبە، بويۇنلىرى، تۆش قۇلاقلىرىغىچە تېرىدىن ئايرىلىپ بولدى. كۆزلىرىدە

غەزەپلىك ئوتلار يېنىپ پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئاغزىدىن يېنىۋاتقان شال خۇددى تاكىشدەك سوزۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جېنى تومشۇقىغا يىغىلغان ئىدى. پىچاق ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ تومشۇقىغا سانچىلدى. جىنايەتكار بۆرە غەزەپلىك ئالىيىپ تىپىرلاپ، لاسسىدە بوشاپ كەتتى. باقى نىيازنىڭمۇ ھاردۇقى چىقتى. ئۇ باشقا بۆرىلەرگە بۇ جازانى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تولۇمچىلاپ سويۇۋالغان ئانا بۆرى- نىڭ ئۆلۈكىنى قارىغايلىققا تاشلىۋەتتى. ئەتىسى پايلاپ يۈرۈپ بۆرىلەردىن يەنە بىرنى ئاتتى. ئوق ئۇ بۆرىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، مېڭىسىنى پاتقاقتەك چاچرىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇۋچىنىڭ رىسالىسىدە ئوقنى جاندارلارنىڭ بېشىغا ئېتىشقا بولمايتتى. ئوتتۇز يىلدىن بۇ- يان قوي بېقىپ، يىگىرمە يىلدىن بۇيان مىلتىقنى ھەمراھ قىلىپ كېلىۋاتقان باقى نى- ياز بىر زامانلاردا نۇرغۇن بۆرىلەرنى ئېتىپ مۇكاپات ئالغان. ئۇ ئۇۋچىنىڭ رىسالىسىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. باقى نىيازنىڭ غەزىپى بۇ رىسالىنى بۇزىۋەتكەنلىكتىن، بۆرىنىڭ مې- ڭىسىنى چۇۋۇپ، ھاردۇقى چىققاندەك بولدى.

ئارىدىن 10 كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئىتلار قاۋاپ كەتتى. قوتاندىن قويلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. باقى نىياز تۆت باتارېيىلىك قولچىرىغىنى ئېلىپ قوتانغا يۈگۈردى. ھە- سەلخانمۇ ئەگەشتى. بۇلۇڭدا بىر قانچە قوي تىترەپ تۇراتتى. قوتانغا بۆرە تەگكەن ئىدى، باقى نىياز قولچىرىغىنىڭ يورۇقىدا قوتان ئەتراپىدا بوغۇپ تاشلانغان قويلارنى كۆردى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئىز قوغلىدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى يىراقلاردا ئاڭلاندى. باقى نىياز بوغۇپ تاشلانغان قويلارنى يىغىپ سانىسا توپ ـ توغرا 180 باش چىقتى. «كەلگەن قازاغا چارە يوق، ئۆلگەن موزاينىڭ بېشى» باقى نىياز ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ، تولۇمچىلاپ سويۇلغان ئىككى بۆرى- نىڭ تېرىسىنى چارۋا مەھسۇلاتلار شىركىتىگە مىڭ يۈەنگە ساتتى. ئۇنىڭ بۇ سودىسى بىر دەمدىلا ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى قوغدىغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

* *

— باقى نىياز دېگەن سىزمۇ؟ — دېدى بىر كادىر قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— ھەئە.

— بۆرىدىن نەچچىنى ئۆلتۈردىڭىز؟

— ئىككىنى.

— نېمىشقا ئۆلتۈردىڭىز؟

— نېمىشقا ئۆلتۈردىڭىز دېگەن قانداق گەپ بۇ؟ ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، كادىر ئەپەندىم، — دېدى باقى نىياز ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، سۆزىمىز تېخى تۈگىمىدى.

باقى نىياز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، تىترەپ تۇرغان بەدەنلىرىنى ئاران بېسىپ ئولتۇردى. كادىر ئەپەندىم سومكىدىن «قانۇنلار توپلىمى» نى ئېلىپ يەنە سورىدى:

— «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» دىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ سىزنىڭ بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭىز مۇشۇ قانۇنغا خىلاپ.

— مەن ئەتىۋارلىق، پايدىلىق

هايۋانلارنى ئۆلتۈرمىدىم، يىرتقۇچ بۆرىنى ئۆلتۈردۈم. بۇنىڭ نېمىسى يامان ؟

— يىرتقۇچ بولسىمۇ ئەتىۋارلىق هايۋان. قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭىز. ئارتۇق گەپ قىلماي، بىر بۆرىنىڭ خۇنىغا بەش مىڭ يۈەندىن ئون مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەڭ.

— بولىدۇ ئەپەندىم، ئىككى بۆرىنىڭ قان ـ قەرزىنى مەن تۆلەي، 185 قوينىڭ قىممىتىگە هەر بىرىگە 500 يۈەندىن 92 مىڭ 500 يۈەننى سىز تۆلەڭ.

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ قويلىرىڭىزنى ئوبدان قوغداپ باقسىڭىز بولمامدۇ ؟

— ئوبدان بېقىۋاتىمەن. كۆتۈرۈپ باقاي دېسەم يېتىشىپ بولالمىغۇدەكمەن.

بايىتىن بېرى گەپ قىلىشماي ئولتۇرغانلارنىڭ ئاغزى ئەمدى ئېچىلدى. ئۇلار چوڭ چاتاق چىقىدىغانلىقىنى پەملەشتى ـ دە، سۆلە قىلىشقا باشلىدى.

— بۇ دەۋانى ۋىلايەتكە مەلۇم قىلايلى، — دېدى ياشراق بىرى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ياشانغانراق بىرى.

باقى نىيازنىڭ غەزىپى بېسىلمىغانىدى. ئۇ قويلارنى باقماسلىق قارارىغا كېلىپ، چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە باردى. چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باقى نىياز يولۇققان پېشكەللىكلىكتىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، سافاغا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا چاي قويدى. ئاندىن بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق هەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدىلا باقى نىيازنىڭ بەدىنى تىترەشتىن توختىدى.

*　　*

باقى نىياز بۆرە يولىغا قويۇلغان كىچىك قاپقاندا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، تىترەكلەۋاتقان كېيىك بالىسىنى كۆرۈپ، يېنىدىن پىچاقنى ئالدى. كېيىك بالىسى بېلىقتەك سېمىز ئىدى. قاپقان ئۇنىڭ بىر قولىنى قىسىۋالغان بولۇپ، سۇنمىغانىدى. باقى نىياز بۇ جانىۋارنى بوغۇزلاپ ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. بىردەمدىلا بۇ پەيلىدىن ياندى ـ دە، قۇلىقىغا ئەن سېلىپ، جېنىڭنى باق جانىۋار، سەن بەربىر مېنىڭ، دەپ قويۇپ بەردى.

باقى نىيازنىڭ قولى قىچىشىپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ قارىشىچە، كېيىكلەرنى هۈركىتىپ، تاغدىن تاغقا قوغلاپ تۇرمىسا، قوتۇر كېسىلى بېسىپ ئۆلىدىكەن. قېچىپ تۇرسا، بەدەنلىرى قىزىپ، تەرلىگەندىن كېيىن تېرە ئاستىدىكى توڭۇزلار ئېرىپ چۈشۈپ كېتىدىكەن ـ دە، قوتۇر كېسىلى بولماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. شۇڭا، باقى نىياز پات ـ پات مىلتىق ئېتىپ، كېيىكلەرنى هۈركىتىپ قوياتتى.

*　　*

باقى نىيازنىڭ ئوۋچىلىق هەۋىسى « ياۋايى هايۋانلارنى قوغداش قانۇنى » نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مىلتىقنى گەمىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئۇ مىلتىق ئاسماي يۈرگەن كۈنلەرنى تەستە ئۆتكۈزدى. مىلتىق ئاۋازىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىشقان كېيىكلەر ئوتلاپ كېلىپ قويلارغا قوشۇلۇپمۇ قالاتتى. بۇ كېيىكلەرنى كۆرۈپ باقى نىيازنىڭ قولى قىچىشىپ، بۆرىنىغا مەززىلىك گۆشلەرنىڭ

پۈراقلىرى ئۇرۇلغاندەك بولاتتى. يايلاقنىڭ ئېگىز يالتۇڭ جايلىرىدىكى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يەپ سەمىرگەن بۇ ياۋايى جانۋارلار ئادەمنىڭ نەپسىگە ئوت ياقماي قويمايتتى.

— نېمە بولسا، بولسۇن، — دېدى باقى نىياز، — ئەتە مىلتىقىمنى ئېلىۋالاي، بۇ ياۋايى جانۋارلارنى ھۆكۈمەت ساناپ دەپتەررىگە يېزىپ قويمىغاندىن كېيىن بىرەرنى ئاتقانغا كەملەپ قالامتى.

ئۇ ئەتىسى قويلارنى ھەيدىگەندە مىلتىقنى ئېلىۋالدى. قويلارنى ئەينەك تاغنىڭ ئاستىدىكى جىلغىغا ھەيدەپ قويۇپ، چاتقاللىققا كۆز تىكتى. بىر توپ كېيىك ئېگىزلىككە ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. باقى نىياز بىر قورامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، مىلتىقنى كېيىكلەرگە توغرىلىدى. ئارىلىق يېقىن، مىلتىق ئىشەنچلىك بولغاچقا، خالىغاننى ئاتقىلى بولاتتى. باقى نىياز قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان كېيىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرىنى نىشانلاپ تەپكىنى باستى. پاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا كېيىك ئېگىز تاقلاپلا يەرگە دومىلاپ كەتتى. باقى نىياز يەڭگىل تىنىپ مىلتىقنى بويىنىغا ئېسىپ، چاتقاللىققا قاراپ كەتتى. چاتقاللىقنىڭ غەربى تەرىپى چوڭقۇر ھاڭ ئىدى. باقى نىياز ھاڭدا تىپىرلاپ ياتقان كېيىكنى كۆرۈپ، قىسماق تاشلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ھاڭغا چۈشتى ـ دە، كېيىكنىڭ يېنىغا باردى.

قىزىق ئىش، قارىسا ئۆتكەن يىلى ئەن سېلىپ قويغان بالا كېيىكنىڭ دەل ئۆزى شۇ. بۇ جانۋار قاپقارا بولاقتەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، تىپىرلاۋاتاتتى. باقى نىياز پىچاق سۇغۇردى. ئىچىنى ئېلىپ تاشلاپ، دۈمبىسىگە ئارتىپ، قىسىلچاققا كېلىپ دۆڭگە ياماشتى، ئۇ ئىككى مېتىرچە ئۆرلىگەندىن كېيىن، ئۇ ئېسىلغان تاش قومۇرۇلۇپ، دەسسەپ تۇرغان تاشقا تېگىپ، ئۇنىمۇ قومۇرۇپ دومىلاپ كەتتى. باقى نىيازنىڭ بېشى قاتتى، ئۇ ئۇيان ماڭدى، بۇيان ماڭدى، ھاڭنىڭ تۆت تەرىپى ئېگىز، سىلىق، يالتۇڭ بولۇپ، خۇددى توڭمەننىڭ ئۇسكىنىدەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇ كەچكىچە خېلى ھەپىلىشىپ باقتى. يامىشىۋېرىپ تىرناقلىرى قاناپ، شىمىنىڭ تىزلىرى يىرتىلىپ كەتتى. ئۇ سۇسۇزلۇق، ئاچلىق ئۇنى قىيناۋاتاتتى. ئۇ مادارىدىن كېتىپ، ئۇخلاپ قالدى. ئويغانسا، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. خۇدا ئۇردى دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ، — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە، — قويلار نەگە كەتتى؟ ھە راست، قويلارنىغۇ ھەسەلخان سولاپ قويغاندۇ، ئەمدى بۇ بىچارە مەندىن ئەنسىرەپ يىغلاپ ـ قاقشاۋاتىدۇ. ئۇنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ... ھەي بىچارە...

باقى نىياز قاتمۇ قات قورقۇنچلۇق خىيال ـ ئويلار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇ يەنە ئۇرۇنۇپ كۆردى. يەنە دومىلاپ كەتتى ـ دە، ئەمدى جاننى قىيناشنىڭ لازىمى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، بىرەر ئادەمنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، تىۋىشلەرگە قۇلاق سالدى. چۈنكى، بۇ ھاڭ چارۋىچىلار ئۆتىدىغان داۋاندىكى چىغىر يولغا يېقىن ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى يېقىنلاپ قالدى. باقى نىياز بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

— مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار! مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!

ئۇنىڭ تونۇش ئاۋازى تاغلارغا تېگىپ ئەكس سادا ياندۇردى. مال دوختۇرى

ئىلغار قوتانلارنى ئارىلاپ، كېسەل قوي بولسا داۋالاپ كېلىشۋاتاتتى. ئۇ ئاتنى يورغىلىتىپ ھاڭنىڭ قېشىغا كەلدي ــ دە، ئاتنى ئارچىغا باغلاپ قويۇپ، ھاڭغا قاراپ توۋلىدى:

ــ ئاكامۇ سىز ؟

ــ ھەئە، مەن.

ئىلغار ئىگەرگە غانجۇغلاپ قويغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ھاڭغا تاشلىدى. باقى نىياز ئارغامچىغا ئېسىلىپ چىقتى ــ دە:

ــ ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ جېنىم بۇ جانۋارنىڭ جېنىغا تېگىشلىپ، ئۆتنە ئالەم بولامتىكىن، ــ دېدى.

ئىلغار كېيىكنى ئاتقا غانجۇغلاپ، ئاكىسىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، قوتانغا قاراپ ماڭدى. يىراقتىن ھەسەلخاننىڭ باقى نىياز! باقى نىياز! دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز بوغۇلۇپ ــ بوغۇلۇپ يىغا ئارىلاش چىقاتتى.

ــ ئاكام مانا! ــ دەپ جاۋاب بەردى ئىلغار بار ئاۋازى بىلەن. ئۇلار گەمىدە جەم بولدى. ھەسەلخان ئۆچكەن چىراغنى قايتا ياندۇرغاندەك، باقى نىياز يىتكەن گۆھەرنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىقتا چۆمدى.

ــ ئاكام ھاڭدىن چىقالماي، سىز ئاكامنى تاپالماي قىينىلىپ مادارىڭلاردىن كېتىپسىلەر، كېيىكنى سويۇپ، گۆشىنى پىشۇراي، ــ دېدى ئىلغار پىچاقنى ئېلىپ.

ياش كېيىكنىڭ گۆشى يۇمشاق، مەززىلىك پىشقان ئىدى. ئۇلار گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

چارۋىچىلارنىڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ياخشى ئادىتى. ئۇلار ھېرىپ ــ چارچىغىنىغا قارىماي، بۇ گۈنمۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئىلغار قوتاندىكى قويلارنى ئارىلاپ، تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ تەجرىبىلىك قويچىنىڭ قويلىرى بۇ يىلمۇ تەكشى ئوبدان سەمرىگەن ئىدى. كېسەل قوي تۇگۇل ئىچى سۈرۈپ قالغان قوزىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئىلغار قويلارنى ساناپ قوتاندىن چىقاردى. باقى نىياز مىلتىقىنى ئاۋايلاپ سۈرتىۋاتاتتى. چاقمىقىنى شاراقشىتىپ قوياتتى. مىلتىقنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى يەنە ئىختىيارسىز سىلاپ قوياتتى. ئاكىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران بولۇۋاتقان ئىلغار:

ــ ئاكا مىلتىقىڭىزنى تازىلاپ، تويماي قاراپ كەتتىڭىزغۇ، نېمە بولدىڭىز؟ ــ دېدى.

ــ ئۇكام، ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ تاغۇ تاشلار ئارىسىدىكى يايلاقتىكى، چىغ ــ چاكاندىلار قاپلىغان قىشلاقتىكى ۋاپادارىم، كۆڭۈل خۇشلۇقۇم ئىككى، بىرى، ھەسەلخان، يەنە بىرى، مۇشۇ مىلتىق ئىدى. ئەپسۇس، بۇ مىلتىققا باغلىغان ھەۋىسىم ئاخىر مېنى ھاڭغا تاشلىدى، خۇداغا شۈكرى، سەن كېلىپ قالمىغان بولساڭ تېنىم مادا، قوزغۇنلارغا يەم بولغان بولاتتىم. مىلتىقلا بولىدىكەن، ئاتمىسام تۇرالمايمەن، شۇڭا سۇندۇرۇپ، بۇ ھەۋەستىن بىراقلا خالاس بولاي... دېدى ــ دە، مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى.

ــ ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ...

يوغان تاشقا كۈچەپ ئۇرۇلغان مىلتىقنىڭ پاينىكى ستۇولدىن ئاجراپ، قاڭقىپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان

ئۆركەش جاببار

# قوشنام

(ھېكايە)



بۇ بىنانىڭ 4 ـ قەۋەتتىگە كۆچۈپ كەلگىنىمىزگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى، كونا بولسىمۇ بىنادىن ئۆي تەگكەنلىكىنىڭ خۇشاللىقىدا ئائىلىم ئىككىمىز ئۆيىمىزنى زامانغا لايىق بېزەشكە كىرىشىپ كېتىپ، يېڭى قوشنىلار بىلەن تونۇشۇۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغانىدۇق.

تۈنۈگۈن 1 ـ قەۋەتتىكى ئايال قوشنام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، مۇنداقلا سالاملىشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم، چىرايىنى خېلىلا قورۇق باسقان بولسىمۇ، ياش قىزلاردەك ياسىنىۋالغان بۇ ئايالنىڭ نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ كىملىكىنى تېخى بىلمەيتتىم.

بۈگۈنمۇ ئۆي بېزەش ھەلەكچىلىكىدە ئىدۇق، مېھمانخانا ئۆيگە يېڭى سېتىۋالغان سافالارنى تىزىپ بولۇپ، تورۇسقا بېكىتمەكچى بولغان رەڭلىك ئاسما چىراغنى قۇراشتۇرۇپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك ئەنسىز چېكىلدى، نېرىقى ئۆيدە بالا ئېمىتىپ ئولتۇرغان ئائىلىم مېنى چاقىردى:

— جۇرئەت، بىرى ئىشىكنى چېكىۋاتىدۇ، سىز ئېچىڭا!

ئىشىكنى ئاچتىم ـ يۇ، گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. ئىشىكتە يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، يوغان بېشىغا قارا كۆرپە ئىسپانكا تۇماقنى قىرلاپ كىيگەن، ياپما قاپاق، سەپكۈن يۈزلۈك بىر كىشى سول قولىدا بىر بوتۇلكا ھاراق، ئوڭ قولىدا سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان بىر نېمىنى تۇتقان ھالدا گىلدىڭلاپ تۇراتتى.

— بىرىنى ئىزدەمسىز؟ — دېدىم ھودۇقۇپ.

مېھمان بېشىمدىن تاپىنىمغىچە تازا زەن قويۇپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، كارتتىندە بىر كېكىرىۋەتتى ـ دە، ئوڭ قولىدىكى سۇلياۋ خالتىنى سول قولىغا ئۆتكۈزدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يېڭى قوشنا، — دېدى مېھمان قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ.

بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۇيغۇر قوشنام مۇشۇ كىشى ئوخشىمامدۇ، دېگەن خىيال كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مېھمانغا قول بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ تىنىقىدىن كەلگەن ئاچچىق ھاراقنىڭ ھىدىدىن كۆڭلۈم ئاغدۇرۇلدى.

— بەز مارىغان مۇشۇكتەك قاراپ تۇرىسىز غۇ ئۇكا! قېنى ئۆيگە باشلىمامسىز، — دېدى مېھمان بوسۇغىدىن يوغان چامداپ كىرىۋېتىپ، — ئىشىكنى يېپىڭ، بالىڭىزغا زۇكام تېگىپ قالمىسۇن يەنە. ئۆزۈم كىرىۋېرەي، ھوي، كېلىن قىزمۇ مۇشۇ ئۆي-

دىكەندە، تىنچ تۇردىڭىزمۇ سىڭلىم، بولدى، بالىڭىزنى ئېمىتىۋېرىڭ، مەن دېگەن سىزگە دادا يوللۇق ئادەم، ھېچقىسى يوق...

مېھمان قولىدىكى هاراق بىلەن سۇلياۋ خالتىنى چاي شىرەسى ئۈستىگە قو-يۇپ، سافاغا تاشلاندى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئۇنىڭ قاسماقلىشىپ كەتكەن قوللىرىدىكى ئاق تەڭگىدەك ئالا پاساقلارغا كۆزۈم چۈشۈپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— ئامىن! ياخشى جايلىشىۋال-دىڭلارمۇ، ئۇكىلىرىم؟ ھە، جۈرئەت ئۇكا، نېمانداق قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرىسىز؟ مايەرگە كېلىپ ئولتۇرمامسىز؟ مۇشۇ كۈننىڭ ياشلىرىغۇ، شۇنچە ئوقۇغان تۇرۇق-لۇق قائىدە - يوسۇن دېگەننى بىلمەيسىلەر-دە، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېسە، كىمنى ئىزدەيسىز، دەيسىز، شۇمۇ ئەپەندىنىڭ گېپى بولدىمۇ ئەمدى، قولۇم - قوشنا دېگەن ئەسسالامۇ ئە-لەيكۇم دېيىشمىسە، كىرىش - چىقىش قىلىشمىسا، بۇنى قانداقمۇ مۇسۇلماندارچىلىق دېگىلى بولىدۇ...

ھۇ قارغىش تەگكۈر، ساقىلى ئەرلوباغا يەتكىنىنى سەزمەي، ئىچىۋېلىپ ۋالاقتەككۈردەك سۆزلەپ يۈرىدىغىنىدىنىكەندە، دادا يوللۇقمىش تېخى، مەست كىرگىنىنى ئازدەپ، هاراق كۆتۈرۈپ كىرگىنىنى قارا بۇنىڭ، مۇسۇلماندارچىلىق-تىن گەپ ئاچىدۇ يا تېخى... شۇ خىياللار بىلەن بىمەنە چاغدا كىرگەن مېھماندىن بىزار بولۇپ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا دالان ئۆيگە قارىدىم، بايا بالىنى بۆشۈككە بىلەنلا كۆتۈ-رۈپ چىقىپ كەتكەن ئايالىم لەۋلىرىنى چىشلەپ، نېمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلاتتى، ئەدەبسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن ئايالىمدىن دەرھال كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىپ، مېھمانغا يۈزلەندىم.

— ھە! ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇم ئۆت-سەم، — دەپ سۆز ئالدى مېھمان ئۈچىسىدىكى سوكنو پەلتوسىنى سېلىپ تو-رۇپ، — سىلەرنىڭ قوشناڭلار بولىمەن، شەھەرلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتىدە ئىش-لەيمەن، ئىسمىم ساۋۇت سالى، خەقلەر ساۋۇت شوركا دەپ ئاتايدۇ، سىلەر كىچىك، بىلمەيسىلەر، بىز قۇراملىقلار ئىچىدە ساۋۇت شوركا دېسە بىلمەيدىغىنى يوق، — مېھمان كارتىندە بىرنى كېكىرىۋېتىپ، قوپال قىلىپ يۆگىگەن موخۇر كىسىنى تۇتاشتۇردى، ئات-دىن يېڭى سېلىنغان پالاس ئۈستىگە چىرت قىلىپ تۈكۈرۈۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلەردەك شوركا ۋاقىتلىرىمىزدا تۆت ئەركەكنىڭ بىرى سانىلىپ، شەھەرنى بېشىمىزغا كىيەتتۇق، ھە، مېنى كادىرمۇ دەمسىز؟ ئىش چىقمىغاندا كادىر، چاينى پولاپ ئىچىپ، پاراڭنى دۆك سوقىمىز، ئىش چىققاندا ھەممىگە قادىر، كۇلۇچ، ئامبۇرنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەممە كاشالنى ئوڭشايمىز، ئوقۇمىغانىنىڭ ئىشى ئۇكا، مۇنداق دېسەم، ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان قارا تو-رۇ كىمىكىن دەپ قالماڭ يەنە، شە - شە ئاتلاپ ئۆرۈمچىدىن ماكان تۇتقان بالا بىز، سىز دې-گەن بىز كۆرگەننىڭ ئونىنىڭ بىرىنى كۆرمىدىڭىز تېخى، مانا بىزنى دېسىڭىز، جا-هاندا چىقمىغان دۆك، چۈشمىگەن چوڭقۇر، ياتمىغان دەك، چەكمىگەن بەڭ يوق دەڭا ئۇكا، سىزدەكلەردىن ئوتتۇزنى ئوقۇتقۇچىلىكىمىز بار تېخى...

ئايالىم كىرىپ چاي شىرەسىنى

سۆز تۈشكە باشلىدى.

ــــ ھە، نېمە قىلاي دەيسىز سىڭلىم؟ ئۇنى ـ بۇنى قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، بۇ گۈن پېقىرنىڭ ئوقۇرى ئۈستۈن، تېخى ھېلىلا قادىر قوتازنىڭ ئاشخانىسىدىن كېلىشىم. سىز پەقەت مۇنۇ كاللىنى سۆڭەكىدىن ئايرىپ توغراپ ئەكىرىپ بەرسىڭىزلا بولىدى، ــــ دېدى ئۇ سۇلياۋ خالتىنى ئايالىمغا تەڭلەپ، ــــ ھېلىقى سەمەت زاسۇپيەزنى بىلمىسىز غۇ ئۇكا؟ ھە، شۇنىڭدىن ئالدىم، ئالايتەن سىز بىلەن تونۇشقاچ، ئىككى سەردىن قېقىشتۇرالايلى دەپ.

ــــ شۇغىنىسى، مەن ھاراق ئىچەلمەيمەن ساۋۇتكا، ــــ دېدىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

ــــ نېمە؟ نېمە دېدىڭىز، ھاراق ئىچەلمەيمەن دەمسىز؟ ــــ دېدى ئۇ مېنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك قىيسىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ــــ قوشقارنىڭ مۈگۈزىدەك تۇرغان بىر ئوغۇل بالا ھاراق ئىچەلمەيدىغان ئىشمۇ بولامدۇ جاھاندا؟ خوتۇنىڭىزدىن قورقامسىز يا؟

ــــ چاقچىقىڭىزنى قاراڭا ساۋۇتكا، خوتۇندىنمۇ قورقامدۇ كىشى؟ ــــ دېدىم مەن قىزىقچىلىق قىلىشقا تىرىشىپ.

ــــ ئەمىسە نېمىشقا ئىچمەيسىز؟ ــــ دېدى ئۇ سەپكۈن باسقان چىرايىغا مەسخىرىلىك كۈلكە ئولاشتۇرۇپ.

ــــ ئەمدى شۇ، ئىچىپ ئادەتلەنمەپتىكەنمەن.

ــــ ئاھاي ئۇكا، قويۇڭا ئۇنداق خوتۇن مىجەز قادىرخاننىڭ گەپلىرىنى. مۇشۇ ئۆيدە سىزلەردىن ئىلگىرى قادىرجان دېگەن بىرى ئولتۇرغان. قورۇپ كەتسۇن ئۇنىڭ جانلىرى! قادىرخان دېسە بولىدىكەن ئۇ غىتمە كىنى، بەئەينى خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى، يا ئىچمىگەن، يا چەكمىگەن، ئۆمرى ئۆيدە ئىككى ئەركەكنىڭ ھا ـ ھا قىلىشقىنىنى كۆرگىلى بولمىغان، خويمۇ ئۆچ بولغانىدىم. ئۇ خوتۇنىنىڭ سىزنىقدىن چىقالمايدىغان شوينىبەلگە، ئەمدى سىز قالدىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئورنىغا، ئىچمىمىز دەپ تۇرمامسىز مۇنداق ئەر كىشى بولىغاندىكىن... مەندىن سىزگە نەسىھەت بولۇپ قالسۇن ئۇكا، ئەر كىشى دېگەن خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلمايدىغان، ئىچىدۇ، چېكىدۇ، خوتۇن خەقنىڭ شىللىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئويناپ ـ كۈلەيدۇ دەپ، ئەركەك دەپ ئايرىيمىز ئادەم دېگەننى...

ئۇنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىنىڭ بېلىگە تەپكۈم، رەددىيە بەرگۈم كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مېنىڭ مېھمىنىم، كۆندە نەچچە رەت ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان قوشنام ئىكەنلىكىنى، نېمىلا دېگەن بىلەن «دادا» يوللۇق ئادەملىكىنى ئويلاپ، ئۆزۈمگە ھاي بېرەتتىم...

ئايالىم توغرالغان باش گۆشنى ئېلىپ كىرىپ، چاي شىرەسىدىكى بايىلا تىزىلغان تاتلىق ـ تۈرۈملەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويىدى، مەن پىيالىگە چاي قۇيۇپ، مېھمانغا تۇتتۇم.

مېھمان قىزىق چايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلىۋېلىپ سۆز ئالدى.

ــــ سىزنىڭغۇ داشۆدە ئەپەندىچىلىك قىلىدۇ دەپ ئاڭلىدىم ئۇكا، مۇنۇ سىڭلىنى نەدىن سورايمىز ئەمدى؟

ــــ ھە، ئۇمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

ــــ مۇنداق دەڭ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىمىز ئەپەندى دەڭلا. بۇ غۇ بولىدىغان

كەسىپ، جاپا تارتمايدىغان، لېكىنزە ئۇكا، مۇشۇ ئەپەندى خەقنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئىككى بولۇپ ئۆتكىنىنى كۆرمىدىمغۇ جاھاندا، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ چەينەكنىڭ يېنىدا تۇرغان بوش پىيالىنى قولىغا ئېلىپ سۈيىنى ساقىتتى، ئاندىن ئېلىپ كىرگەن بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىزنىڭمۇ بىر چوپىقىتىمىز بار، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەپەندىچىلىك قىلىدىغان، لېكىنزە، يىللاپ تاپقىنىنى يىغىپ كەلسە، ماۋۇ سەمەت زاسۇيپەزنىڭ بىر ئايدا تاپقىنىچىلىك چىقماسمىكىن دەيمەن، شۇنداقتىمۇ پۇل دېگەننى ھېچكىمدىن ئايىمايدۇ كاساپەت، ئوغۇل بالا دېگۇ چىلىكى بار ئۇنىڭ. ئىككى يۈز گرام قېقىۋالىدىغان بولسا، ئوقۇغۇچى دېگەننى سىيدۇرۇۋېتىدۇ... ھەي، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن ئۇكا، ئاۋۇ بىر نېمىڭىزگە مۇنى دەينى سېلىپ قويۇڭا ئاڭلايمىز، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن قاپلىق لېنتىدىن بىرنى ئېلىپ، — ئاڭلىغاچ پەيزە قىلىمىز، روزى تو خۇنىڭ دېيى، «يار سېنىڭ دەردىڭ» نى ئەجەپ ئېيتىدۇ كاساپەت...

مەن ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىنائەتمەنلىك بىلەن ئورۇندىدىم.

— ھە، قېنى ئولتۇرۇڭ ئۇكا، باشلايمىز ئەمىسە، «ئۆلپەتچىلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يوق» دەپ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز؟ مەن مۇشۇنداق كىچىك پېئىل ئادەم، مىجەزىم قاملاشسىلا ھەر قانداقى بىلەن ئولتۇرۇۋېرىمەن، بۈگۈن سىزنىڭكىگە كىردىم، ئەتە بىزنىڭكىگە كىرىسىز، جاھاندارچىلىق دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ ئۇكا. ئۆزۈم باشلىدىم ئەمىسە... شوخە!

ئۇ شۇنداق دەپلا پىيالىغا بېلىق كۆزى قىلىپ تولدۇرۇپ قويۇۋالغان ھاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا سۇ ئىچكەندەك غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى-دە، چىرايلىرىنى بىر قىسما قىلىپ، كارتىتىدە بىر كېكىرىۋەتتى، ئاندىن تەخسىدىكى باش گۆشىدىن بىر لوقما ئېلىپ كاپ ئەتتى، ئۇنىڭ شۇنچە ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتكىنىگە قاراپ، سەل قورقۇپ قالدىم، ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىشقا باشلىدى، ئۇ ئەمدى پىيالىنى ئىككىنچى قېتىم تولدۇرۇپ ماڭا ئۇزاتتى، مەن ئۇنىڭ قولىنى قايتۇرۇپ:

— رەنجىمەيسىز ساۋۇتكا، مەن پەقەتلا ئىچىپ كۆرمىگەنمەن، باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، راستىنلا ئادەتلەنمىگەنمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇشۇ پەرھىزىمنى بۇزۇشقا زورلىماڭ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە ئۆتىدىغان دەرسىم بار، ئىچەلىگەن تەقدىردىمۇ، بۈگۈن ئىچسەم بولمايدۇ... — دېدىم يېلىنىپ.

— ئاھاي، قويۇڭا ئۇكا ئۇنداق كىتابتىن ئوقۇۋالغان تەسىرلىك گەپلىرىڭىزنى، قۇرۇق گەپ قىلىپ ئىنجىقلىغىچە، گۈپپىدە ئىچمەمسىز، بىرى سىزدىن ھاراقنىڭ پۇلىنى ئالىمەن دېمىگەندىكىن، شۇڭىمىغۇ، مۇشۇ ئەپەندى خەقنى ئالدىراپ ئەركەك دېگۈم كەلمەيدۇ مېنىڭ...

توۋا، ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقامدۇ نېمە ماۋۇ ئادەمنىڭ؟ ئەدىگىلى تۇردىغۇ ئەمدى... مەن ئۇنىڭ بارغانچە چېكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان ھاقارەتلىرىگە چىداشقا، ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتەپ كېلىۋاتقان غەزەپ-نەپرىتىمنى بېسىشقا

مەجبۇر ئىدىم، نېمە ئامال، مېهمان دېگەننىڭ هەر قانداق ئېغىر چىلىقىنى كۆتۈرۈش كېرەكتە. شۇڭا، ئۇنىڭغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا تىرىشتىم، ئالا هەزەل يېرىم سائەتچە دە ـ تالاش قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇ بىر قارارغا كەلگەندەك پىيالىنى قولىغا ئېلىپ:

— بوپتۇ ئۇكا، بۈگۈن سىزگە يول قويايا، ئوقۇغان ئادەمگە گەپ تېپىپ بەرمەكمۇ تەس ئوخشايدۇ جاهاندا، ياغلىق قاپاقتىن ياغ ساقىغاندەك، ياغلىما گەپنى دېگەننى تىزنۇپتىسلەر... لېكىنزە ئۇكا، كېلەر قېتىمدا چوقۇم ئىچىسىز جۇمۇ ئەمسە؟

— هە چوقۇم، — دەۋەتتىم كېيىننى ئويلىمايلا، بۈگۈنكى ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا ئالدىراپ.

— بولىدۇ ئەمسە، ئىچتىم، شوخە ئۇكا!

— خوشە!

ئۇ، بۇ قېتىممۇ پىيالىدىكى هاراقنى گۈپپۈلدىتىپ بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ قان قۇيۇلغاندەك قىزارغان كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ، سەپكۈن باسقان چىرايى شۇنداق بىر بەدبەشرە تۈسكە كىردىكى، تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى، ئۇ يەنە بىر ئورام موخۇركا يۆگەپ تۇتاشتۇردى ـ دە، كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆچەپ شوراشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ئۈنئالغۇدىن كېلىۋاتقان ناخشىنىڭ ئۇدارى «ئاه يارەي» دە كېتىۋاتاتتى، مېهمان مۈگدىنىپ كەتتىمۇ قانداق، تۇيۇقسىزلا ئەسكى لاتىنى يىرتقاندا چىققان ئاۋازدەك بوزۇلغان ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا چۈشۈپ كەتتى:

— ئاه يارەي... يارىم... هە... ئەي... سېنىڭ دەردىڭ...

ئۇنىڭ ئالا تاغىل ۋارقىراشلىرى ئۆينى بىر ئالدى. مەن بۆشۈكتىكى بالىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىتتىك بېرىپ بىز ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويدۇم، ئۇ بۇنى سەزمىدى، ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنىڭ مۇزىكىنىڭ ئۇدارىغا چۈشۈۋاتقان ـ چۈشمەيۋاتقانلىقى بىلەن هېسابلاشماي، هەدەپ ئالا ـ تاغىل كاركىرايتتى... ئۇنىڭ تولۇق يۇمۇلغان كۆزلىرى قولىدىكى موخۇركا كۆلىنىڭ سافانىڭ ئاپئاق كىرلىكىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلا كۆرمەيتتى، مەن ئۇنىڭ يەنە ئىچىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بوتۇلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا قالغان هاراقنى ئاستا ئېلىپ، چاي شىرەسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدۇم.

— ئاي! دەردىم...

ئۇ، شۇ ئاه ئۇرۇشتىن كېيىن، نېمىدۇر بىر نەرسە ئىچىنى ئۆرتەۋاتقاندەك غىڭقىدە بىر بوغۇلۇپ، ئېغىزىنى چىڭ يۇمۇپ كېكىرتىكىگە كېلىپ قالغان بىر نېمىنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتكەندەك قىلدى.

ئىم، ئەمدى قۇسۇپ قويىدىغان بولدى، دېگەن خىيال كاللامغا كېلىش بىلەن تەڭ ئوقتەك ئېتىلىپ دالان ئۆيگە چىقتىم، ئايالىمدىن كىر يۇيىدىغان داسنى نەگە قويغانلىقىنى سوراپ تۇرغان ئارىلىقتا، غار قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاپلا، دېدىم ـ دە، قانداق تېزلىكتە چىققان بولسام، يەنە شۇ تېزلىكتە مېهمانخانا ئۆيگە كىردىم، مېهمان قوللىرىنى پېشانىسىگە تىرەپ، ئېڭىشكەن پېتى نو كەلتۈرۈۋاتاتتى، توۋا دېدىم ئىچىمدە، بايا ئۇ ئېڭىششكە ئۆلگۈرەلمىگەچكە، ئاغزىـ

دىن تۇنجى ئېتىلىپ چىققان قۇسۇق چاي شىرەسىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ مەن ئولتۇرغان سافاغا كېلىپ چۈشكەنىكەن، شۇئان ئۆي ئىچىنى ئېچىغان تاماق بىلەن هاراقنىڭ هىدى ئارىلاشقان ئاچچىق پۇراق بىر ئالدى، كۆڭلۈم ئېلىشىپ، هۆ قىلغۇم كەلدى.

— ساۋۇتكا، مانا لۆڭگە، — دېدىم ئۇنىڭغا لۆڭگىنى تەڭلەپ. ئۇ «بولدى» دەپلا قىلىچ ئويناتقاندەك ئوڭ قولىنى هاۋادا بىر سىلكىۋەتتى ـ دە، بېشىدىن قارا كۆرپە ئىسپانكا تۇمىقىنى يۇلۇپ ئېلىپ، جاۋغايلىرىدىكى شالىنى ئېرتتى، ئىسست، دېدىم ئىچىمدە ئۇنىڭ هالىغا ئېچىنىپ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، ئايالىم ئىشكتە بارمىقىنى چىشلەپ مەڭدەپ تۇرۇپتۇ. يەرگە يېڭىلا سالغان چەت ئەلنىڭ پالىسىغا ئېچىنىۋاتسا كېرەك بىچارە.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، تېز بولۇڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا يەردىكى كالا پوقىدەك يېيىلىپ ياتقان قۇسۇقنى ئىما قىلىپ. ئۇ ئېسىگە كەلدى.

— ساۋۇتكا، بۇياققىراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇڭ، مۇنۇ يەرنى تازىلىۋەتسۇن.

— هە، نېمە دېدىڭ ئۇكا؟ — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خىرىلدىغان ئاۋازدا.

— سەل بۇياققا ئولتۇرۇڭ، هە، بولدى، — دېدىم ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئورنىدىن قوزغاپ. ئۇنىڭ پاخما بېشى بويىندا ساڭگىلاپلا قالغانىدى.

ئايالىم ياغلىقتى ئاغزى ـ بۇرنىغا چەگىۋېلىپ، يەرگە ئىش ئىچىدە قۇسۇقلارنى تازىلاشقا كىرىشتى. تۇۋا، بۇ ئادەم مۇشۇنچىۋالا نېمىنى قانداقمۇ سىغدۇرغاندۇ شۇ قورسىقىغا، دېدىم ئىچىمدە يەردىكى تېخى تولۇق هەزىم بولمىغان گۆش، قورۇمىلارغا قاراپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ...

— ساۋۇتكا، ماۋۇ قىزىق چايدىن ئىككى ئوتلاڭ، يېشىلىپ قالسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، بوش قولۇم بىلەن ساڭگىلاپ قالغان پاخما بېشىنى يۆلەشتۈردۇم، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، چاينى قولىغا ئالدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئۇنىڭ خەسىدەك ئاقارغان چىرايىدا قان قالمىغان، قىيسىق كۆزلىرىنىڭ قارىسى ئىككى تەرەپكە تارتىلىپ كەتكەن، بويۇن تومۇرلىرى تانىدەك كۆپچۈپ چىققان بولۇپ، بەئەينى هازىرلا گۆردىن ئېچىۋالغاندەك قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى.

ئۇ ئاۋۋال چايدىن قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ تۇرۇپ بىر ئوتلاپ، غارىلداتىپ ئېغىزىنى چايقىدى ـ دە، يەرگە تۈكۈرۈۋەتتى، ئاندىن پىيالىدىكى چاينى قويماي ئىچىۋەتتى.

— بىز ئەركەكلەرنىڭ مۇنداق خۇيلىرىنى ئېغىر ئېلىپ كەتمەيدىغانسىز سىڭلىم؟ — دېدى ئۇ چاي شىرەسىنى سۈرتىۋاتقان ئايالىمغا قاراپ.

— هېچقىسى يوق ساۋۇتكا، بۇنچىلىك ئىشقا ئۆزرە قويمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئايالىم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ.

ئايالىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مېهمان خوتۇن خەقنى قانداق باشقۇرۇش، قانداق ئىشلىتىش هەققىدە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ۋەز ئېيتىپ، خېلىغىچە ئولتۇردى، ئۇنىڭ كالۋالاشقان تىلى هېچ بىر سۆزگە قولاش-

مايۋاتاتتى، ھېلى دەپ ئۆتكەن سۆزىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا تەكرارلاپ، ماڭا ئىزىپ ئىچۇرمەكچى بولاتتى، ئۇنىڭ تېتىقسىز سۆزلىرىدىن زېرىكىپ، بىر نەچچە قېتىم سائىتىمگە قارىدىم.

بىر چاغدا مېھمان قولىدىكى چېكىۋاتقان تاماكىسىنى چاي پىيالىسىغا تاشلاپ ئۆچۈرۈپ، ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن پەلتۇسىنى قولىغا ئالدى، شۈكرى، دېدىم ئىچىمدە، مېھمانىنىڭ قوزغالماقچى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ.

— مۇنداق قىلايلى ئۇكا، ئاۋۇ ساپلىما كەشىڭىزنى سېلىۋېتىپ، ئايىغىڭىزنى كىيىڭە، مەن بىلەن مېڭىڭ. مۇنۇ ئۇدۇلدىكى بىنادا مېنىڭ بىر ئۆلپىتىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئولتۇرىدۇ، دادىسىغا ئوخشاش مەرد نېمە، دادىسى بىلەن كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئەمدى ئۇنىڭ بالىسىنىمۇ قاتارغا قوشۇۋالدۇق. كاساپەت، دۇتار چالىدىغان بولسا، ھەممىنى تاڭ قالدۇرىدۇ، بۇلتۇر نەۋرەمنىڭ خەتنە تويىدا شۇ كاساپەت ئىككىلا ناخشا ئېيتىۋىدى، باشقا سازەندىلەر قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ بىر دەمدىلا تىكىۋېتىپتۇ...

مېھمان يەنە موخۇركا ئوراشقا كىرىشتى.

— ھە، گېپىم نەگە كەلگەنتى ئۇكا، ھە توغرا، ئۇنىڭ دادىسىنى ئەمەت توك دەيتتۇق، بالىسىغىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ لەقەم قويۇۋالدۇق، ئەيسا چاشقان دەپ، نېمىشقا دەمسىز ئۇكا، ئۇنىڭ جۇغىمۇ چاشقاندەك كىچىك، بۇرۇتىمۇ چاشقانىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە. مۇنداق قاملاشتۇرۇپ لەقەم قويۇشقا مەندىن باشقىسى بىكار دەڭا. نېمانداق يىرتىلىپلا تۇرىدۇ ما كاساپەتنىڭ قەغىزى، بۇزۇق خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىدەك، — دېدى مېھمان قولىدىكى ھېچبىر قولاشمايۋاتقان گېزىت قەغىزىنى قارغاپ، — نېمە دەۋاتقانتىم ئۇكا، ھە، كەچكىچە خوتۇن خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرغاننى ئەركەك دېگىلى بولمايدۇ ئۇكا، شۇنداق قىلىڭ، ئايىغىڭىزنى كىيىپ مەن بىلەن مېڭىڭ، دىككىدە ئەيسا چاشقانىنىڭكىگە چىقىپ، بىر دەم ـ يېرىم دەم نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ئولتۇرۇپ كىرەيمىز...

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ساۋۇتكا، ئەتىگەندە دەرسىم بولمىغان بولسا...

— ئاھاي، نېمانداق گەپ يېمەيدىغان بالا سىز، نەدىكى غەلۋىردە تۇختىمايدىغان قۇرۇق باھانىلارنى كۆرسەتكۈچە ئورنىڭىزدىن تۇرمامسىز شاققىدە.

شۇ ئەسنادا يان ئۆيدىن بالىنىڭ بۇغۇلۇپ يىغلىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، مېھمان ھېچ نېمىنى ئاڭلىمىغاندەك خىرامان ئولتۇرۇپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى، ئۆي ئىچى قاڭسىق ئىسقا تولغانىدى.

— كەچۈرىسىز ساۋۇتكا، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە دەرسىم بار، مەن راستىنلا چىقالمايمەن، — دېدىم مېھمانغا يېلىنىپ، دەل شۇ چاغدا ئايالىم زاكىلانغان بالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— جۇرئەت بالىنى بىر دەم تۇتۇپ تۇرسىڭىز، سۈسكىسىغا ئازراق سۈت ھازىرلاپ كىرىۋالاي، — دېدى.

مەن قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بالامنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، ئۇنى بەزلىگەچ، ئۆزىنى چاغلىيالمايۋاتقان مېھمانغا تىكىلىپ قارىدىم.

— ھەي، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز

تەسكەن ئۇكا، خوتۇنىڭىز سىزنى پىلىكتەك ئىگىۋاپتۇ، ـــ دېدى مېھمان ئۇچى سارغىيىپ، تۇۋى قارىداپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ.

خېلىدىن بېرى ئىچىمگە سىڭدۇرۇپ كەلگەن بارلىق غەزەپ ـ نەپرىتىم بىراقلا ئۆرتەپ، چىرايىمغا چىقتى بولغاي، مەيىزلىرىم لىپىلداپ، كۆزلىرىم ئوت بولۇپ ياندى، مېھمانغا ئالىيىپ قارىدىم.

ـــ بوپتۇ ئۇكا، سىز چىقالمىسىڭىز مەن ئۆزۈم چىقاي، سىزنى ئاشۇ قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغاچ، كۆڭلىنى ئېچىپ قوياي دېمىسەم ماڭا نېمە ؟

مېھمان غودۇرىغاندەك قىلىپ پەلتوسىنى كىيدى ...

شۇ كۈنى مېھماننى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزاتتىممۇ ياكى قاپىقىمنى تۈرۈپ تۇرۇپ ئۇزاتتىممۇ بۇ ئېسىمدە يوق.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاخشام قۇراشتۇرغان ئاسما چىراغنىڭ يەشكىنى يەر ئاستى ئۆيگە قويۇپ قويماقچى بولۇپ، بىنانىڭ ئاستىغا چۈشتۈم، ئاشۇ زىنداندەك كۆرۈنىدىغان كاتەك ـ كاتەك ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆي ماڭا تەئەللۇق ئىدى. مۇزدەك سوغۇق ئىشىكلەرنىڭ يېرىمىغا ئەينەك سېلىنغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدىكى ئەسكى ـ تۈسكى، لاقا ـ لۇقىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قايسىبىر ئۆيدىكى چىراغنىڭ يېنىق تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. بىرى قارا دېگەندەك ئىختىيارسىز بويۇنداپ ئۆي ئىچىگە قارىدىم. قارىدىم ـ يۇ، ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدىم، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش تۇراتتى.

كاتەكتەك ئۆينىڭ تۆرىدىكى پار تۇرۇبىسىنىڭ ئاستىدا راملىرى ئىگىلىپ يەرگە تېگەي دەپ قالغان كونا، ئەبگا بىر قاتلىما سىم كارىۋات تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر كىشى يوتىنى باغلىمايلا بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن قېرى قوشقاردەك كېلەڭسىز ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇستىگە سوكنو پەلتوسىنى يېپىنىپ، بېشىنى بوغجۇمغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەسكى خالتىغا قويۇپ، يۈزىنى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ ياتقان بۇ ئادەم دەل ئاخشامقى مېنىڭ مېھمىنىم، بىرىنچى قەۋەتتىكى قوشنام ئىدى، بىرى تۈيۈقسىز ياقامدىن قويىنۇمغا مۇز پارچىسى سېلىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئۆزۈمگە ئىشىنەلمىگەندەك كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قايتا قارىدىم، ئۇ دەل ساۋۇت شوركا ئىدى، ئەنە ئۇنىڭ سەپكۈن باسقان سولغۇن يۈزى، چىڭ يۇمۇلغان قىيسىق كۆزلىرى، قوسۇق يۇقۇپ قالغان قارا كۆرپە تومىقى، تووا ئاشۇ قوشنام ـــ ھە !...

ئېغىرلاشقان قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ، يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقتىم، دەل شۇ چاغدا بىرىنچى قەۋەتتىكى تۆمۈر ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئۆيىدىن ساۋۇتكامنىڭ ئايالى چىقىپ كەلدى. چىرايىنى خېلىلا قورۇق باسقىنىغا قارىماي بولۇشىچە گىرىم قىلىپ، ياش قىزلاردەك ياسىنىۋالغان بۇ چوكان ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھالدا ئىشىكلىرىنى مەھكەم قۇلۇپلاپ، «ياخشىمۇ سىز» دەپ قويۇپ ئالدىمدىن ئۆتتى ـــ دە، ياش قىزلاردەك چېكىپ دەسسەپ مېڭىپ بىنادىن چىقىپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمايىل**

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

# تەلەمەت بويلاپ

**تەلەمەت**

سەيلە قىلىپ ئويناپ كىرمەك ئاسان باغقا،
چىدىغان ئوغۇل بالا چىقار تاغقا.
خەتەرلىك ئۆتكەللىرى توسار سېنى،
ئۇچرايسەن قەدەمدە بىر كۆپ سىناققا.
نە چىچە بەل، نە چىچە ئەگىم، ياردىن ئۆتۈپ،
مىڭ تەستە چىقىپتىمىز بىر ئوتلاققا.
ئۇھ، دېدىم، پەسكە بېقىپ قايدى بېشىم،
ئۆزۈمنى سېزىپ گويا مۇئەللەقتە.
ئۇقسام بۇ تەلەمەتنىڭ يان باغرىكەن،
مەشەدىن چىققۇدەكمىز ئەمدى تاغقا.
يائاللا دېدىم ئېگىز تاغقا قاراپ،
ئوخشايتتى تىكلەپ قويغان قىڭراققا.
بۇرۇلۇپ ماشىنىمىز بىر ئەگىمدىن،
ئېپ ماڭدى گويا بىزنى پىلسىراتقا.
سۈر بېسىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم،
قاراشقا پېتىنالماي ئىككى ياققا.
ئاڭلاندى يېنىمدىكى شوخ يىگىتنىڭ
تىترەپ ئۆكسىگىنى دەم قۇلاققا...
بوۋىلار قانداق ئۆتكەن ئات-ئېشەكلىك
نېمە دەي، ئەقلىم يەتمەس بۇ سوراققا.

**بولمىسا ئەمەتنىڭ شۇ تەلۋىلىكى**

تەلەمەت ئېگىز چوققا ئاسمان پەلەك،
ئادەمزاد ئۆتەلمىگەن قۇشتىن بۆلەك.
تىكلىكى ئارقارنىمۇ ئەنسىرەتسە،
خەۋپىدىن قوتازلارنى باسقان تىترەك.
جېنىدىن جۇدا بولغان ياماشقانلار
تومۇزدا جۇدۇن بولۇپ باسسا تۈتەك.
تالاي مەرد داغدا قالغان، ئارمانلىرى
يىگىلىشىپ چۈنە كىلەردە تارتماي پىلەك.

*　　　*

بىر كىشى باركەن بۇرۇن ئەمەت ئېتى،
جېنىنى ئالماق بوپتۇ يۇرتىنىڭ بېگى.
قېچىپتۇ ئەزىز يۇرتى بولۇپ ھارام،
ھەر ياندىن كۆپ چىقىپتۇ يار-يۆلىكى.
قاچە-قاچ كەپتۇ ئاخىر بىر داۋانغا،
(كەينىدە قوغلايدىكەن بەگ چېرىكى.)
ئۆرلەپتۇ تىك داۋانغا يامىشىپ ئۇ،
گوياكى يۆلىگەندەك تاغ ئېتىكى.
چېرىكلەر دېيىشىپتۇ: تەلۋە ئەمەت،
تۈگەيدۇ ھاياتىڭنىڭ ئەمدى چېكى.
ھالقىپتۇ بۇ داۋاندىن ئاخىرى ئۇ،
قارىسا كۆرۈنمەس ئىمىش تاغنىڭ تېگى.
بۇ ئىشقا ھېچ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەي
غۇلغۇلا قىپتۇ ئەلنىڭ چوڭ-كىچىكى...
دەرۋەقە، قانداق ئۆتكەي بۇ داۋاندىن
بولمىسا ئەمەتنىڭ شۇ تەلۋىلىكى. ①

---

① تەلەمەت — «تەلۋە ئەمەت» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانىمىش.

## يۇلتۇز

بار ئىكەن تاغلارنىڭمۇ مۇنداق تۈزى،
يەتمەيدۇ چۆرىسىگە ئىنسان كۆزى.
ئۈستىدىن سىزىق سىزىپ ئوي ـ دۆڭنى،
تەكشىلەپ قويغاندەك تۈز ئۇيۇق ئۈزى.
كۆرۈنمەس ئالقانچىلىك سىدام يېرى،
پايانسىز يېشىلچىلىق كەڭ يەر يۈزى.
ئەتراپى قەۋەت ـ قەۋەت ئېگىز تاغلار،
ئۈستىدە يالتىرايدۇ ئاق قار ـ مۇزى.
غاقىلدار ئەنە توپ ـ توپ غاز ـ ئۆردەكلەر،
چايقىلار سۇدا بۇغا كۆلەڭگىسى.
بىمالال ئويناپ يۈرەر تۇرنا، ئاق قۇ،
قاراسلار قوشقارلارنىڭ گاھمۇ گۈزى.
بۆدۈنە سايرىشىدۇ قەيەردىدۇ،
ئۇ چۇشار قۇرغۇي كەلمەي جىم تۇرغۇسى...
گۈپۈلدەپ تارقىتىدۇ خۇش پۇراقلار
گۈل ـ چېچەك، ئەمەن، شىۋاق ھەم يالپۇزى.
بۇ قەيەر دەيسەن، دوستۇم، يۇلتۇز بۇ يەر،
تەڭرىتاغ ئانىمىزنىڭ بىر يۇلتۇزى.
ئەجەپمۇ پاك، يېقىملىق، گۈزەل، قارا،
ساقلانغان ئەينەنىلىكى، ئەسلى تۇسى.

## كۆل ①

بۇندا خۇددى يەر بىلەن ئاسمان يېقىن،
يېتىدۇ بۇلۇتقا سەن سوزساڭلا قول.
كۆپكۆك ئاسماننىڭ گويا بىر پارچىسى
لىپمۇلىپ زەمزەمگە تولغان كاتتا كۆل.
شېشىدەك شۇنچە سۈزۈك تىنىق كۆل سۈيى،
كۆرۈنەر باقساڭ گويا تەكتى ئېنىق.
چىقىرار چايقاپ تۆكۈلسە بىر شاكال،
يۈرىدۇ ئۇندا ئۈزۈپ مىڭ خىل بېلىق.
بىر يۇتۇم ئىچسەڭ تېنىڭ يايراپ كېتەر،
ساپلىقىغا كەلتۈرۈپ بولمايدۇ شەك.
كەلسىمۇ سەل ھېچ تېشىپ كەتمەس سۈيى،
تۇرىدۇ بىر خىل ئازايماي، شېشىدەك.
ئېھتىمال بولغاچ ئېگىزدە كۆل سۈيى،
تۇردى بۇلغانماي سۈزۈك، ساپ يىل بويى.
ئورنى يۈكسەكلەر مۇشۇنداق تۇرسا ساپ،
تېخىمۇ ئاشماسمۇ ئىززەت ـ ئابرويى.

## سېدە

سايە تاشلاپ خۇددى كۈنلۈكتەك،
قۇچاق يېيىپ ئۆسۈپتۇ سېدە.
يارىشىپتۇ ئىككى قاسناققا،
تەڭ بوي تارتىپ بولۇپ رەسىدە.
ھەر تۈپ سېدە گۈل ۋە سايىۋەن،
بېغىشلايدۇ سايىسى ھۇزۇر.
قوشۇپ يۇرتقا ئۆزگىچە ھۆسن،
قوزغار دىلدا ئىشتىياق، غۇرۇر.
بىر قەدىمىي گۈزەللىككە يار
ئۇنىڭ شەكلى، غوللىرى، شېخى.
بارچە دەرەخ تاشلىسا خازان،
تۇرار يېشىل ياپرىقى تېخى.
سەت كۆرۈنگەن ئاشۇ سېدىمۇ
كاللا قىزىپ، تورلاشقاندا كۆز.
بىز ئەسلىسەك ساۋاق بەك تولا،
نېمە دېسەك ئېقىپتىكەن سۆز.

## ئەكس ئېتەر چىنىلەردە ئاي

ئاي كېلىدۇ، چولپان كېلىدۇ
قاتارلىشىپ يېزا يولىدا.
تەپچىرەيدۇ مەگزىدىن يۇلتۇز،
دەستە ـ دەستە چۆچەك قولىدا.

---

① كۇچارنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان كۆل.

ئېلىپ كىرەر بازارغا سۈبھى،
ئېلىپ كىرەر جانلارغا لەززەت.
خام قايمىقى، پىششىق قايمىقى
گويا شەپقەت، مېھرى ـ مۇھەببەت.

قىزىپ كېتەر قايماق بازىرى
ھەر سەھەردە (ئەزەلدىن ئادەت.)
سادده، ساپ دىل قايماقچى قىزلار
دېمەس بۇنى ھەرگىز تىجارەت.

ئالدىڭىزغا كەلسە قايماق چاي،
ئەكس ئېتەر چىنىلەردە ئاي.

## سۈرەتتىكى ئادەملەر

— كۇچارنىڭ ئۇزۇن يېزىسىدىكى دېھقان سازەندىلەر ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

تىڭشىغىنە، كېلەر نەغمە ـ ساداسى،
تىڭشىغىنە، مۇقاملارنىڭ ناۋاسى.
يۈرەكلەردە چاپچىيدۇ زوق ـ ئىشتىياق،
كۆي تىڭشايدۇ يېزىنىڭ كەڭ دالاسى.

يېقىملىق ساز، يېقىملىق كۆي سېھىرلەپ،
ئېلىپ كەلدى باراڭلىق كەڭ ھويلىغا.
ھويلا ئىچى تىمتاس، شۇنچە جىق ئادەم،
غەرق بولغان مۇڭ ۋە لەززەت قوينىغا.

ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ قېرىلار،
ئېرىپ بارار گويا ئۆگە ـ ئۆگىلەر.
ياشلار قىزىپ مەرغۇلغا كەلگەندە
ئۇسسۇل ئويناپ كەڭ سورۇندا چۆرگىلەر...

ئۆزگىرىشچان شوخ پەدىلەر، ناخشىلار
داۋاملىشار بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ.
دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، غىجەك، ساتار، داپ،
نەي ۋە تاشتىن ياڭرار كۈيلەر تۇغۇلۇپ.

ئۇلار ئاددىي دېھقان، ماھىر سازەندە،
غازى ئەمەتنىڭ سۈرىتىگە ① جان بەرگەن.
شۇڭا ئۇلار ئوخشىشىدۇ شۇنچىمۇ
سۈرەتتىكى ئادەملەرگە ئۆز ئەينەن.

## مەن قويارمەن تاغلىرىمغا باش

تېمىم ـ تېمىم تامغان تامچىدىن،
مۆلدۈرلىگەن بۇلاق كۆزىدىن،
تاشلار ئاستىدىن، ئوت ـ چۆپ ئىچىدىن،
سىرغىپ، سېرىلىپ تاغنىڭ يۈزىدىن،
ئاققان ئىنچىكە، تارام ـ تارام سۇ
ھاسىل قىلار كۆپ ئېرىق ياكى ئېقىن.

تۇغۇلار ئۇندىن غول ئېقىن، دەريا،
تۇغۇلار ھايات، سانسىز گۈل ـ گىياھ.
تاغلار، سۆيۈملۈك قارلىق تاغلىرىم،
دەريالارغا ئانىدۇر ئانا،
ياشاپ كەلدۇق تاغ سۈيى ئىچىپ،
تاغ سۈيى ئانا سۈتىدۇر گويا.

كۈن تاغ كەينىدىن كۆرسىتىپ جامال،
سالام بېرەر تاغلارغا ئاۋۋال.
تاغ باغرىغا قويار بېشىنى،
خەيرلىشىپ كەلگەندە زاۋال.
تارقىلىدۇ تاغدىن ساپ ھاۋا،
تاغلار نەپەس، ئۈمىد، ئىستىقبال.

تاغلار، قارلىق تاغلىرىم، قۇياش،
بۈزرۈكگاھتۇر تېپىلماس تەڭداش.
مەڭگۈ قاياش، يېقىلماس يۆلەك
ھەر بىر ئېدىر، ھەر بىر قىيا تاش.
قىبلە نېمە، بەيتۇللا نېمە؟
مەن قويارمەن تاغلىرىمغا باش.

---

① غازى ئەمەتنىڭ «مۇقام» دېگەن مەشھۇر سۈرىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## يۇرتۇم ملك خىل تەرىپ ساڭا ئاز

مۇھەببەتتەك سۆيۈملۈك، گۈزەل،
كۆكلۈلدەك كەڭ، كۆزدەك جەلپكار.
دۇنيادەك باي جەننەتتەك سېخىي،
دەريادەك شوخ، باھاردەك رەڭدار.

ھۇزۇر، لەززەت دۇنياسى ۋەسلى،
كۆزدەك ئەلۋەك خۇددى تۆت پەسلى.
سەنئەت كانى، مەرىپەت بېغى،
ئەقىلگە باي ئەزەلدىن نەسلى...

يۇرتۇم ملك خىل تەرىپ ساڭا ئاز،
سۇباتىڭ بار تىل يەتمەس ئەسلى.
قەددىڭ، غورۇر ـ ئىززىتىڭ گويا
تۆمۈر چوققا، خانتەڭرى بەستى.

ئىراق، سەندە كۆرسەم نامراتلىق
تۇيۇلىدۇ ئەجەب ئۇياتلىق.
ساڭا مەنسۇپ، ساڭا مۇناسىپ
باياشادلىق، شادلىق، ئاۋاتلىق.

94 ـ 95 ـ يىل، كۇچار ــــ ئۇرۇمچى

قەييۇم سوپى

## چاقىرىسەن كويدەك ئۇن بىلەن

### شاۋقۇنىڭدا سۇزۇك بىر ناخشا

شاۋقۇنىڭدا سۇزۇك بىر ناخشا
يۇرىكىمنى سالدى لەرزىگە.
بويۇڭدىمەن چيەنتاڭجياڭ ① شۇدەم،
چۈمۈپ شېرىن ھايات پەيزىگە.

ئېقىشىڭدا ئەجدىھا سۈرى،
دولقۇنلىرىڭ ليۇخېتا ② غا تەڭ.
ھەيۋىتىڭدىن تىترەيدۇ توسقۇن،
سەن ئاقسەن ئېلان قىلىپ جەڭ.

گۈزەللىكىڭ ئانىسى ئۈزۈك،
ھەر تامچەڭدە ياقۇت جىلۋىسى.
قەدىمىڭدە جەننەت قالدۇ،
سەن بار راۋان ھايات كېمىسى.

سېنىڭ بىلەن ئۆرىكەن خاڭجۇ،
ئۆرىكەن ھەم باھار گۈللىرى.
تۇغۇلىدۇ كېچە ۋە كۈندۈز
سېنىڭ بىلەن يېڭىش كۈيلىرى.

شۇڭغىغاندەك ئىلى سۈيىدە
قاينىمىڭدا شۇڭغۇدۇم بىر پەس.
شېرىن ـ شەربەت سۈيىڭنىڭ تەمى
ئېغىزىمدىن كەتمىكى ھەم تەس.

ئەي چيەنتاڭجياڭ شاۋقۇنلۇق دەريا،
دولقۇنىڭنى ئاتقىن پەلەككە.
ئىلى دەريا سەن بىلەن قاتار،
يېتەر چوقۇم ھۆر كېلىچەككە.

94 ـ يىل ئۆكتەبىر، خاڭجۇ

---

① چيەنتاڭجياڭ ـــ خاڭجۇدىكى چوڭ دەريا.
② ليۇخېتا ـــ خاڭجۇدىكى مەشھۇر مۇنار.

### ئادالەت قاسىم ① بىلەن سۆھبەت

كۆردۈم سىزنى تۇرپاندا بۈگۈن،
دېدىم كەپسىز سىزمۇ سەيلىگە.
دېدىڭىز: «پۈت ۋە قولۇم جانسىز،
چىدىمىدىم كېسەل دەردىگە.

بۇ يەردە بار شىپالىق دورا،
كۆمۈلمەن قۇمغا بىر زامان».
كۆزىڭىزگە قادىلىپ قاراپ،
گېپىڭىزگە بولدۇم كۆپ ھەيران.

نەرىڭىز كەملوقماندىن سىزنىڭ،
تىبابەتتە دوكتور ئۆزىڭىز.
مۇتلەق شىپاھ بىمارلار ئۈچۈن
ھەتتا سىزنىڭ ھەر بىر سۆزىڭىز.

خەق ساقايسا ئۆزىڭىز نىچۈن
ساقايمايسىز ھېكمىتىڭىزدىن.
بۇندا ياكى باشقا سىر بارمۇ؟
يوشۇرامسىز بۇ سىرنى بىزدىن.

بۇ بىر ھەزىل دېدىڭىز كۈلۈپ،
تۇرپان قۇمى مۆجىزە چەكسىز.
بىز مۇشۇنداق ساقايتالمىغان
بىمار بۇندا كۈلىدۇ شەكسىز.

ئالتۇن قۇمنى سۈرۈپ كۆزۈمگە،
قىلغىنىمدا ھەرقېتىم تاۋاب.
قايتىمەن ئۇنىڭدىن شۇنداق،
كېسەللەرگە شىپالىق جاۋاب.

94 ـ يىل، تۇرپان

### ئۆزۈم كارىدورى

شۇ كۆپ كىردىم بىر مۆجىزىگە
داۋانچىڭدىن قايرىلىپ شۇدەم.
كارىدورلۇق بۇ يېشىل يولغا
تاڭ قالدىكەن شۇنچە كۆپ ئادەم.

ئوت پۈركىگەن ئالتۇن قۇياشمۇ
بولدى گويا مۇ كۈپ قاچقاندەك.
سالقىن شامال يەلپۈدى مېنى،
بولدى جەننەت قۇچاق ئاچقاندەك.

گىرەلەشكەن يېشىل نوتىلار،
سانجاق ـ سانجاق ئۈستۈمدە ئۆزۈم.
قاراپ ـ قاراپ ماڭىمەن ئالغا،
يول تۈگىمەس، تالدۇ كۆزۈم.

### ئىشەن، جېنىم، مۇھەببىتىمگە

يىراقتىمەن سېنىڭدىن خېلى،
ماڭا ھەمراھ چىرايلىق ئىسمىڭ.
گويا ياندىش تۇرار مەن بىلەن
خۇددى نۇردەك جىلۋىلىك جىسمىڭ.

كۆردۈم سېنى ئاخشام چۈشۈمدە،
تۇرغىدە كىسەن دەستە گۈل بىلەن.
كىرپىكىڭدە يالتىراپ ياشلار،
چاقىرىسەن كۈيدەك ئۈن بىلەن.

ئويغاندىم ـ دە، تەشۋىش ئىچىدە
تولۇنئايدىن سورىدىم سېنى.
يۈرىكىمدە ئازابلىق نىدا،
ھىجران ئوتى كۆيدۈردى مېنى.

كۈتكىن مېنى چىدام ـ غەيرەتتە،
ئايلىنىدۇ ۋىسالغا پىراق.
ئىشەن جېنىم مۇھەببىتىمگە،
سەنسىز ئۆمرۈم ئۆچكەن جىن چىراغ.

① ئادالەت قاسىم ــ تىببىي پەلسەپە دوكتورى، دوتسېنت، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا ئىبىن بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

## قورقىمەن سېنىڭ گۈزەللىكىڭدىن

نېمانچىمۇ گۈزەلسەن جېنىم،
ئوخشىمايسەن باشقىسىغا ھېچ.
سېنى دەيمەن، تانمايمەن ھەرگىز
تەگەلەنسىمۇ بويۇنۇمغا قىلىچ.

بەك قورقىمەن گۈزەللىكىڭدىن،
چۈنكى ساڭا تىكىلگەن كۆز كۆپ.
ئاشىق ساڭا ھەممە يىگىتلەر
سەن ھەققىدە بولۇنغان سۆز كۆپ.

چىرايلىقىڭنىڭ دۈشمىنى تولا،
شەمشىرىمنى بىلەپ كېتىمەن.
قىزغىنىشتا ئاھ دەپ بەزىدە،
ساڭا سەتلىك تىلەپ كېتىمەن.

95 ـ يىل يانۋار، غۇلجا

## رازىمىدۇ ئانام مېنىڭدىن

تۆت مۆچەلنى ئۆتكۈزۈپتىمەن،
خىيالدىمەن قانداق ياشىدىم؟
بەرگەندۇ ئەل قانداق بىر باھا،
رازىمىدۇ ئانام مېنىڭدىن؟

ۋىجدانىمنىڭ تارازىسىدا
ئۆلچەپ باقتىم باسقان ئىزىمنى.
ئۆستۈردۈممۇ بەيگىدە ئۈزار
قىلىپ ھەر بىر ئوغۇل ـ قىزىمنى.

يۈرىكىمنى تىڭشىسام ئۇزاق
ياخشىلىقنىڭ سالمىقى باركەن.
شۇنداقتىمۇ قەرزىم ئاز ئەمەس،
ئەلنىڭ مەندىن ئالمىقى باركەن.

خىيالدىمەن قانداق ياشىدىم،
رازىمىدۇ ئانام مېنىڭدىن؟

نۇرگۈل يۇنۇس

# ئىككى شېئىر

## بۈگۈن رىۋايەت توقۇيدىغان كۈن

### 1

تۈگىدى،
تۈگىدى ھەممە،
بەزلىمە ئۆزۈڭنى، يىغلىما ئەركەم،
ئەسلىمە ئۆتكەننى، ئۆتۈپ كەتسۇن ئۇ.
(يامغۇرلار ياغىدۇ، ياغىدۇ قارلار،)
باشلىنار يېڭى كۈن، باشلىنار كۆكلەم.
بۇ يوللار تېيىلغاق، يېپ ـ يېڭى بىر كۈي
يىرتىدۇ كۆڭلۈمنىڭ ئاپئاق بېتىنى.
يېقىملىق ئەيىبىڭ كۆڭلۈمدە قاپتۇ،
قايرىلىپ بېقىشىڭ ئۇنتۇلماس تېخى.

ئارچىزار...
تۇمانلىق سەھەرنى دەسسەپ
كېتىمەن ئايرىلىپ خىياللىرىمدىن.
كېتىمەن ئېسىمدىن،
ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئېسىل سىرلىق كۈيىدىن.

تۈگىدى
سۈپ ـ سۈزۈك يامغۇرلۇق پەسىل،
قەلبىم ئېتىزى قالدى ئاق پېتى.
سۆيمەكچى مەڭزگە خازان چۈشكەن چاغ،
يوق مەندە ئەڭ تاتلىق خىيالدىن بۆلەك

ئايدىڭدەك سوغۇق نۇر، سوغۇق ئېسەدەش،
يوق ھەتتا سۆيۈملۈك ئىسسىمدىن بىرى.

## 2

ئاي قايان، كۈن قايان مۆكۈندى جىمجىت؟
ياپيۇزلۇق قىرغاقنى باغرىمغا بېسىپ
ياتىمەن قاچاندىن خىيالغا پېتىپ؟

رىۋايەت ئەمەس تۇر توقۇغانلىرىم.
ئېسىمدە
ئۆيۈمنىڭ ئارقا تاملىرى،
يىراقتىن كۆرۈنگەن پامىر چوققىسى.
شەبنەمدەك پۇرايدۇ يۇلتۇز جىمىرلاپ،
ئۆگزەمنى قۇچاقلاپ ياتسام كېچىسى.
بولدى قوي ئەي بەڭباش يىغلاڭغۇ بالا،
كېچىنى ئويغاتما، ئويغاتما مېنى،
خىيالىي مەنزىرەم كەتمىسۇن چۆچۈپ

ئىھ، ئاتەش مەھەللەم، ئىللىق چىغىر يول،
نۇرلاردەك جىلۋىدار جىگدە چېچىكى،
شىلدىرلاپ تۇرغان شۇ قاراڭغۇ بېغىم
سەن ئىدىڭ تىنىقىم، چۈشۈم ھەم كۈلكەم.
سويىلار سايلاردىن ئالۋۇنلار رەت ـ رەت،
ئاقىدۇ دەريادەك مېھىر دولقۇنلاپ،
باشلانسا يېڭى كۈن، يېڭى بىر كۆكلەم؛

رىۋايەت
بىز ماڭغان سوغۇقتا ھاياتنى يۈدۈپ،
قېپ قالدى يىراقتا سۆيۈملۈك ماكان،
سۆيۈملۈك ئەمەسمەن ھېچكىمگە بۈگۈن.

## 3

قايتارمەن خىيالدىن قۇرۇق قول يەنە،
ئاھ، يالىڭاچ بىچارە قۇشلار
چاك ـ چېكى يېرىلغان كۆرۈمسىز ئۆتمۈش،
ئۈيقۇغا بەنت بولغان پايانسىز ئاسمان.

گۈزەل كەچۈرۈم، گۈزەل ئەيىبلەر
قېپ قالدى ئۆزۈمگە ئۆزۈمدەك بۈگۈن.

## كۈتۈش

## 1

سۈزۈكسەن ئەي گۈزەل كەچمىش،
بارالمايمەن قايتىپ يېنىڭغا.
ئاھ، ئۈزۈلسە قەلبىم تارىسى،
( كۈلكىدە كىلا ئەپسىز يىغام بار. )
نىچۈن يەنە ئۆزۈم ئەيىبلىك !؟
ئەجەپ بىر كۈن بولدىغۇ بۈگۈن
ئۆچۈپ قالدى چىراغلار بىردىن،
يوق ئېسىمدە سېنى سۆيگەن چاغ.

دېرىزەمدە كۈلىدۇ يامغۇر،
يۇيۇپ ئۆتەر ئۈنسىز كوچامنى.
ئىزلىرىڭ يوق، تېۋىشىڭمۇ يوق
قاچانغىچە كۈتىمەن سېنى؟
سۆيۈپ قويغىن كۆزۈمگە سۈكۈت،
كىرپىكلىرىم بوپ قالمىسۇن نەم.
يوللار چوقۇم ئاۋاتلاشقاندا
مىڭلىغان ئادەم توپىدىن
چىقىپ كېلىسەن تەبەسسۇم بىلەن.
ئىھ، شۇ چاغ،
سەن ئەمەسمۇ مەن كۈتكەن ئادەم.

يوق مېنىڭدە تارتۇق قىلغۇدەك
خىيالىمدىن تۆكۈلگەن ياپراق،
بىرەر پارچە سۈرىتىممۇ ھەم.
كەچۈر مېنى ئىللىق تەبەسسۇمت،
كەچۈر ماڭا قارىغان ئادەم،
بېرەلمەيمەن ھېچكىمگە سوۋغات.

شۇنداق كۈننى كۈتۈپ، كۆپ كۈتۈپ،
بىرەرىگە بەرسەم گەر كۈلكە،

بىرەرىگە بەرسەم گەر يىغا،
بوپ قالماستى قەلبىم قۇپ ـ قۇرۇق.
ئېھ، سۆيۈملۈك پەرىشتەم ساڭا
بەرگۈم كېلەر ھەممە، ھەممىنى
ھەتتا تاتلىق كۈتۈشلىرىمنى.

2

شەپەق بىلەن سەپەرداش بولۇپ،
سۆيگۈم كېلەر كەچتە دېڭىزنى.
ئۇنتۇپ قالدى بەلكىم دولقۇنلار
(نىچۈن يالغۇز يۈرگەندۇ بۇ دەپ،
ئاستا چېكىپ قەلبىم تارىنى،)
غايىب بولغان تىنىقلىرىڭنى.
تىنىقىڭدەك تىناي دەپ ئۇزاق
ئىز دەپ كەلسەم مۇناجات ئوقۇپ.
ئېھ، تۆكۈلگەن كۆز خازانلىرى
كۆمدى سېنىڭ ئىزىڭنى يېنىك.

قاچان شۇنداق يۈرگەندىمەن ھەي
ئەجەپ تونۇش بۇ يول شۇ قەدەر.
ئوخشاپ كېتەر كىشىلەر ماڭا.
چىغىر يولدەك كۈلۈمسىرىگەن
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سەپەردەك كۈنلەر
قايتىلانسا بۇ گۈن بوپ يەنە.

ھېچكىم ماڭا بىرەلمەس ئېيتىپ
سېنىڭ قانداق يۈرگەنلىكىڭنى.
ئاھ، تۇيىدۇ يۈرىكىم چوقۇم
سەن كۆزۈمدە،
ياكى ئىچىمدە
دېيەلمىگەن سۆزۈمسەن جەزمەن.

قايتقۇم كېلەر ئۆچكەن شەپەقتەك
تىنجىپ قالغان دېڭىزدىن بۇ كەچ.
قۇرۇقدىلىپ قالار شۇ سەۋەب
بىر سېنى دەپ ساقلىغان پۇرسەت.

ئوسمان قاۋۇل

## گۈلمۇ سەن، گۈلخانمۇ سەن

بۇلۇتتەك چېچىڭدىن ئىپار توزغىتىپ،
نۇرانە چېكەڭدىن قۇياش پارلىتىپ،
قىلىچتەك ئېگىلگەن قېشىڭنى ئېتىپ،
ئېسىمنى ھەر نەپەس سەن ئېلىپ قېچىپ،
ئەقلىمنى لال قىلدىڭ بۇ گۈن يۈز ئېچىپ.

جۇپ مەڭزىڭ كۆزۈمگە كۆرۈندى گۈل ـ گۈل،
شۇ ھامان كۆڭلۈمدە باشلاندى غۇلغۇل،
قۇيۇلدى يۈرەككە مۇھەببەت ئۇدۇل،
ھېسسىمدا مەن بولدۇم بىر غېرىپ بۇلبۇل،
بېگانە قالغاندەك سەن ئۇچۇپ كېتىپ.

چېچىلدى شەپەقتەك جۇلا چېھرىڭدىن،
سىماپقا ئايلاندىم، جېنىم، مېھرىڭدىن،
چوغلاندى بۇ ئالەم گىلاس لېۋىڭدىن،
ئۇرۇلدى دىماققا ئەنبەر تېنىڭدىن،
بىر كاپىر بولدۇم مەن دىنىمدىن كېچىپ.

گۈلمۇ سەن، گۈلخانمۇ زادى بىلمىدىم،
بىر كۆرۈپ ئاھ يۈرەك يېرىلدى دېدىم،
شۇنىڭدىن سۇڭرە مەن ساڭا بېرىلدىم،
ۋە سەندىن ئۆزگىنى كۆزگە ئىلمىدىم،
ئۆمۈرلۈك ئاشىقىڭ بولدۇم ئانت ئىچىپ.



مەريەم تۇردى

# تۇمان قاپلىغان جىلغا

( ھېكايە )

قارلىق تاغدا قار ياغادۇر،
بوستاندا تۇمان.
ئىچىمدە ئوت كۆيەدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.
( قۇمۇل نەزمىلىرىدىن )

شەھىرىمىزنىڭ شەرقىي ـ شىمال بۇرجىكىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاتمۇ قات تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئىچىدە قىش ـ ياز قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز چوققىلار بار. ئەنە شۇ قار ـ مۇزلۇق تاغلار ـ نىڭ ئوتتۇرىسىغا ياپيېشىل بىر بوستانلىق جايلاشقان بولۇپ، قارلىق تاغدىن ئېقىپ چۈشىدىغان بىر ئېقىن بۇ بوستانلىقنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئەسىرلەر ـ دىن بۇيان مۇشۇ ئېقىن ئەتراپىدا ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ شاد ـ خۇراملىقى، دەرد ـ ئەلەملىرى، پۇشايمان ـ ئۆكۈنۈشلىرى مۇشۇ ئېقىنغا قوشۇلۇپ، مۇشۇ زېمىننىڭ تۇپرىقىغا سىڭىپ كەتكەن.

ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى. سەھەر مەزگىلى ئىدى. شەرقىي شىمال تاغ جىلغى ـ سىنى قاپلىغان ئاقۇش تۇمان جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۆڭلۈكلەرنى يوشۇ ـ رۇپ تۇراتتى.

ئېگىزدىن پەسكە قارىسا، تۇماندىن بۆلەك ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ

يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەشكەنلىرى قويۇق تۇماننى يېرىپ ئۆتۈپ قۇلاققا كىرەتتى.

— قارا رايىلخان، سۇلايمان بىلەن خامۇشخان ئاجرىشىپ كېتىپتۇ.

— توۋا، نېمە دەيدىغانسەن ؟! ئۆتكەندىلا كەنت باشلىقى مەن سۇلايمانغا نەسىھەت قىلدىم، تەشكىل ئارىلىشىپ ئۇلارنى ئاجراشتۇرمايدىغان بولدۇق دېگەنتىغۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان. ئەمما، سۇلايمان ئاجراشمىسام بولمايدۇ، خامۇشخانغا كۆڭلۈم يوق. ئۇنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— خامۇشخان نېمە دەپتۇ ؟

— نېمە دەيتتى، بۇ خورلۇققا چىدىماي ئۇمۇ ئاجرىشىپ كېتىشكە قوشۇلۇپتۇ.

— باللارنى قانداق قىپتۇ ؟

— قارىسامسەن تېخى سۇلايماننىڭ يۈزسىزلىكىنى. چوپ ـ چوڭلا بولۇپ قالغان ئوغلىنى مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولغان بالا ئەمەس دەپ خامۇشخانغا بېرىۋېتىپ، ئىككى قىزىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، خامۇشخاننى ئۆيدىن قۇرۇق قول ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

— توۋا دېدىم، توۋا، تىلىنىڭ ئۇستىخىنى يوق دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن. سۇلايماننى سۇلايمان قىلغان خامۇشخانغۇ. سۇلايمان ئىككى سەر ئەمەلگە، تۆت تەڭگە پۇلغا ئىگە بولۇۋېلىپلا شۇنچە كۆرەڭلەپ كېتىپتىمۇ ؟! خامۇشخاننىڭ گۈلدەك چىرايى سولغاندا ئۇنىڭدىن چىنىپتىمۇ ؟!

— ھەي، خامۇشخان كىچىكىدىن تارتىپلا بەك ئاقكۆڭۈل، كۆڭلى تۈز قىز ئىدى. ئاشۇ ئاقكۆڭۈللىكى ئۆزىگە دۈشمەن بوپتۇ، ئاخىر.

— قانداقسىگە ؟

— قانداقسىگە بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بۇزغان ھېلىقى ئارزۇ قونچاق. ئۇ تۈزكور خامۇشخاننىڭ ياۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتتى.

— ھازىر جاھان نېمە بولۇپ كەتتىكىن ـ تاڭ. دۆلەت بېيىگىلار دەپ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتسە، ئەمدى ئەر ـ ئاياللارنىڭمۇ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋاتقىنى ئوخشايدۇ بۇ، ھەي...

خامۇشخان بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان رايىلخان ھەدە بىلەن ھاۋانىخان ھەدە ئەتىگەندىلا ئۆز دوستىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىك توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدى.

* *

مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر ئايالنىڭ سىماسى تۇمان ئىچىدە غۇۋا كۆرۈندى. كېيىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئاستا ـ ئاستا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ تېگى قېنىق كۆك، گۈلى ئاق يىپەك رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا چاقماق يۇڭ ياغلىق سېلىۋالغانىدى. ئۇ مەيۈس، غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ قوتانلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل قارىغايلىققا ماڭدى. ئۇ ئىمكانقەدەر قارىغاي شاخلىرىغا تېگىپ كەتمەسلىككە تىرىشاتتى. چۈنكى، تېگىپلا كەتسە شاخلاردا مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا تېمىپ، ياغلىق ۋە كىيىملىرىنى ھۆل

قىلىۋېتەتتى.

ئۇ بىر قىردىن ئۆتۈپ، سول تەرەپكە بۇرۇلدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، يوغان بىر قورام تاشقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇشۇ تاغ جىلغىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان نىياز ئاخۇننىڭ يالغۇز قىزى خامۇشخان ئىدى. خامۇشخان قورام تاشنىڭ ئۈستىدە خېلىغىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇردى. كېيىن شەبنەم چۈشكەن ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئىزىنى ئىزدەۋاتقاندەك سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەندۇ؟ بۇ يا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچقۇدەك مەنزىرىلىك جاي بولمىسا، بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا ئۇنى نېمە مەجبۇر قىلغاندۇ؟

ئىنسان ھەر قانداق قايغۇ ـ ئەلەمگە دۇچ كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنى ئەسكە ئالماي قالمايدۇ. خامۇشخان ئۇنىڭ بىلەن دەل مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىپ تونۇشقان. مۇشۇ ئورمان، مۇشۇ قورام تاش ھەم شەبنەم ئۈنچىلىرى يالتىرىغان ئوت ـ چۆپلەر ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە گۇۋاھ ئىدى، ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتىمۇ دەل مۇشۇ جايدا باشلانغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېسابلايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ بەختسىز، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېرى ئۇنى رەھىمسىزلەرچە تاشلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ تىتىلىۋاتقاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق دەۋرىگە كېلىپ قوندى...

1969 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. بۇ كۈنلەردە تاغ جىلغىسى ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. قويۇق ئۆسكەن قارىغايلىق يېشىل دېڭىزغا، كۆز يەتكۈسىز يايلاق خۇددى گۈللۈك پاياندازغا ئوخشايتتى. بۇ پەسىلدە يامغۇرمۇ كۆپ ياغاتتى. يامغۇردىن كېيىن بۇ يەرلىك كىشىلەر چىغدىن توقۇلغان چوڭ ـ كىچىك سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قارىغايلىققا كىرىپ موگۇ تېرەتتى. خامۇشخانمۇ دادىسى توقۇپ بەرگەن كىچىككىنە سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ موگۇ تەرگىلى دوستلىرى بىلەن قارىغايلىققا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار قارىغايلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. خامۇشخان يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي موگۇ تەرگىنىچە يوغان بىر قورام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. قورام تاشنىڭ ئۈستىدە بىر مۇنچە موگۇلار تۇراتتى. خامۇشخان ئەتراپقا سەپ سالدى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتماقچى بولۇۋېدى، قورام تاشنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز كەلدى.

— توختاڭ قىز چاق!

خامۇشخان ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى. قورام تاشنىڭ كەينىدىن بۇرۇتلىرى يېڭىدىن خەت تارتقان، بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بوي بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇ خامۇشخاننىڭ قېشىغا كېلىپ ناھايىتى مۇلايىم ئاۋازدا:

— سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى خامۇشخان ناتونۇش يىگىتتىن ئەيمىنىپ يەرگە قارىغان

ھالدا.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— خامۇشخان.

— ۋاي-ۋۇي، ئىسمىڭىز جىسمىڭىزغا نېمانچە مۇۋاپىق قويۇلغان، كۆرۈنۈشتىمۇ ناھايىتى خامۇش ھەم مۇلايىم كۆرۈنىدىكەنسىز. مەندىن قورقماڭ، خامۇشخان. مەن سىزگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن بۇ يەرلىك ئەمەس، ئاخشام يولدىن ئېزىپ قېلىپ، بۇ يەردە بىر كېچە قوندۇم. ماۋۇ موگۇلارنى مەن تەرگەن، ئەگەر خالىسىڭىز، بۇ موگۇلارنى سىز ئېلىپ كېتىپ، ماڭا بىر ئاز يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بەرسىڭىز، شۇ تاپتا قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى ئۇ خامۇشخانغا يېلىنغان ئاھاڭدا. خامۇشخان سادىدا ھەم ئاقكۆڭۈل قىز بولغاچقا، ناتونۇش يىگىتنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۇزۇت قىلمايلا قورام تاشنىڭ ئۈستىدىكى موگۇلارنى سېۋەتكە سالدى-دە، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

خامۇشخان ئاپىسىنىڭ چوڭ ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن پىشۇرۇپ قويغان گۆش، قايماق، نانلارنى سېۋەتكە ئاستا سالدى-دە، ئاپىسىغا يەنە موگۇ تەرگىلى بارىمەن دەپ قويۇپ، قارىغايلىققا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئانچە ھايال بولمايلا ھېلىقى قورام تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. ھېلىقى ناتونۇش يىگىت يوشۇرۇنۇۋالغان جايىدىن چىقىپ، خامۇشخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىر قولى بىلەن ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى كەينىگە تارىغاچ:

— مەن تېخى سىزنى كەلمەمدىكىن دەپتىمەن؟ — دېدى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

— مەن ئۇنداق يالغانچى ئەمەس، — دېدى خامۇشخانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ناتونۇش يىگىت خامۇشخاننىڭ قولىدىن سېۋەتنى ئېلىپ، نان، گۆش، قايماقلارنى تازا تويغۇچە يېدى. ئۇ قوللىرىنى داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە سۈرتكەچ خامۇشخانغا باشقىدىن زەن قويۇپ قاراشقا باشلىدى.

خامۇشخان ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئالمىدەك كۆكسى تېگى ئاق قىزىل تەڭگە گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قوڭۇر كۆزى ئۇزۇن قايرىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدا كۈلۈپ تۇراتتى. يىگىت ئۇنىڭغا بىر پەس تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، خامۇشخانغا:

— رەھمەت سىزگە، ئەمدى كەچ كىرىپ قالدى. ئۆيىڭىزگە تېز كېتىڭ، — دېدى.

خامۇشخان ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى داستىخانغا چىگىپ ناتونۇش يىگىتكە بېرىۋېتىپ:

— مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سورىسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. ناتونۇش يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، سوراڭ، — دېدى.

— سىز ئىسمىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بەرمىدىڭىز. يەنە سىز ماڭا يولدىن ئېزىپ قالغان دەپ يالغان ئېيتتىڭىز. مېنىڭچە سىز بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويۇپ، بۇ يەردە ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ يۈرگەن،

شۇنداقمۇ ؟ ـــ دېدى كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى
ئۇدۇللا قىلىپ. خامۇشخاننىڭ بۇ سوئاللىرى-
دىن ناتونۇش يىگىت سەل گاڭگىراپ
قالدى ـ يۇ، ئۆزىنى تېزلا تۇتىۋالدى. ئۇ نا-
ھايىتى سالماق قىياپەتتە:

ـــ كەچۈرۈڭ خامۇشخان، ئىسمىم
سۇلايمان. ئۆزۈم ئاشۇ قارلىق تاغنىڭ ئۇ تە-
رىپىدىن كەلگەن. ماڭا ئىشىنىڭ. مەن
ھەرگىزمۇ يامان ئىش قىلغان ئەمەس، سىزگە
راستىنى دېسەم، بىرەيلەن مەن بىلەن ئۆ-
چەكىشىپ، بىر قاتىللىق دېلوسىغا مېنى
چېتىۋالدى. ئۆزۈمنى ئاقلىغۇدەك بىرەر
گۇۋاھچىم ياكى ئىسپاتىم بولمىغاچقا، ئامال
يوق قېچىپ يۈرىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.
خامۇشخان سۇلايمانغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ
قاردى، شۇ مىنۇتتا ئۇ ئۆزىگە: ئۇنىڭ ئېيت-
قانلىرى راستمىدۇ ياكى ئۇ قاتىلمىدۇ، دېگەن
سوئاللارنى نەچچە رەت قويۇپ بولدى. ئۇ
گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە،
چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدى. سۇلايمان سەل
جىددىيلەشتى بولغاي، يۈگۈرۈپ بېرىپ
خامۇشخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ، يال-
ۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا:

ـــ خامۇشخان، ماڭا ئىشىنىڭ،
ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. بۇ يەرنى
سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ماڭا ياردەم
قىلىڭ، ئەتە يەنە كېلىڭ، بولامدۇ ؟ ـــ دې-
دى. خامۇشخان بېشىنى لىڭشىتىپ
سۇلايمانغا لەپپىدە بىر قاردى ـ دە، مەھەل-
لىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

خامۇشخان ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ
يىگىتكە يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بەردى.
شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىر باھانىلارنى
تېپىپ، ئۆيدىكى يەيدىغان نەرسىلەرنى ئوغ-
رىلىقچە ئېلىپ كېلىپ، سۇلايماننىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بارا ـ بارا
ئۇلارنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر
سېھىرلىك يىپ بىلىندۈرمەيلا باغلىۋالدى.

ئاشۇ دەقىقە خامۇشخانغا ئۇنتۇلماس
بىر خاتىرە بولۇپ قالغانىدى. شۇ كۈنى
كەچتە ئۇلار ئۇزاققىچە مۇڭداشتى، خامۇش-
خان ئۆيىگە قايتمىدى. ئۇلارنىڭ چوڭ بالىسى
سابىر ئەنە ئاشۇ دەقىقىنىڭ يالدامىسى ئىدى...

خامۇشخاننىڭ ئانىسى خاسىيەتخان
قىزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تېزلا سېزىۋالدى.
ئۇ خامۇشخاننى يېنىغا چاقىرىپ:

ـــ بالام، سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ. مۇشۇ
بىر نەچچە كۈندىن بېرى مېڭىشىڭمۇ كۆپە-
يىپ قالدى. قىز بالا دېگەن تولا تالادا يۈرسە،
خەقنىڭ ئاغزىغا ئاسان چىقىپ قالىدۇ. سەن
بىزنىڭ بىر تال ئەتىۋارلىق قىزىمىز. ئەگەر
سەن توغرۇلۇق بىرەر سۆز ـ چۆچەك بولۇپ
قالسا بىزنىڭ تىرىك تۇرۇپ ئۆلگىنىمىز شۇ.
سەن بۈگۈن ماڭا راست گەپ قىل. مۇشۇ بىر
نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدىكى
يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، قارىغايلىققا نېمە قىل-
غىلى بېرىۋاتىسەن ؟ ئەگەر راست گەپنى
ئېيتمىساڭ، بەرگەن ئاق سۈتۈمگە ھەرگىز
رازى بولمايمەن، داداڭغا ئېيتىپ،
ھوشۇقىڭنى چاققۇزۇۋېتىشتىن يالتاي-
مايمەن... ـــ دېدى.

خامۇشخان ئاپىسىنىڭ مىجەزىنى
ئوبدان بىلەتتى. ئۇ قىلىمەن دېگەن ئىشنى
قىلماي قويمايتتى. شۇڭا، خامۇشخان بولغان
ئىشلارنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماي ئەينەن سۆز-
لەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئاپىسى

خامۇشخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بىراق، ئالدىدا ئولتۇرغان بىردىن بىر ئەتىۋارلىق قىزى ئۆز ئېغىزى بىلەن دەپ بېرىۋاتسا، ئىشەنمەي نېمە ئامال، ئۇ ئاچچىقىدا خامۇشخاننىڭ كاچىتىغا چاڭ قىلىپ بىرنى سالدى. خامۇشخان يامغۇردەك يېغىۋاتقان تىل ئاستىدا بېشىنى سالغىنىچە لام - جىم دېمەي ئولتۇردى.

«باش يېرىلسا، بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. خامۇشخاننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خامۇشخان بىلەن سۇلايماننىڭ توينى قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى كۈن ئولتۇرۇپ، ئەل ياتارغا خامۇشخان سۇلايماننى ئۆيگە باشلاپ كەلدى. خامۇشخاننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، سۇلايماننىڭ يۈرىكى ئويناپ، قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى قىل قالدى. شۇنىڭ بىلەن پىلان بويىچە سۇلايمان خاسىيەتخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، خامۇشخان بىلەن سۇلايماننىڭ بېشى كىچىكىدىنلا باغلاپ قويۇلغانلىقى، يېقىندا نەۋرە ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى كەينى - كەينىدىن قازا قىلىپ كەتكەچكە سۇلايمان ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇلارنى پانا تارتىپ كەلگەنلىكى، بويىغا يېتىپ قالغان يىگىت بىلەن قىز بالا بىر ئۆيدە ئۇزاق تۇرسا، يېگەن ئاش - تۇزىمىز ھارام بولىدۇ دەپ بۇ توينى تېزلا قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنلىكى جامائەتكە جاكارلاندى ۋە ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ تويى بولدى، تويدىن كېيىن ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشتى. خامۇشخان سۇلايماننى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى. سۇلايمانمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. ئەگەر خۇددى يارىتىشتىلا ئىككىسىنى بىر - بىرىگە ھەمراھ قىلىپ ياراتقاندەك، بىر دەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. خامۇشخان سۇلايمانغا بىر ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇپ بەردى. ئۇ ئائىلىدىكى تالاي قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، سۇلايماننىڭ ئالدىدا بىرەر قېتىممۇ ئۆكۈنۈپ باقمىدى. ئۇ ئۆز ئېرىنى ئىككىنچى خۇدا ئورنىدا كۆردى. ئۇ بالا بېقىش، پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلاپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشلەپ تىنمايتتى. شۇنداق قىلىپ چاچلىرىغا ئاق سانجىپ، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، بەللىرى مۈكچەيگىنىنى سەزمەي قالدى. قىسقىسى، خامۇشخان ئەمدى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. سۇلايمان ئوقەت قىلىمەن دەپ شەھەرمۇ - شەھەر يۈرگەچكە، كۆزى ئېچىلىپ، شەھەرلىكلەرگە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆمۈر بويى تاغ جىلغىسىدىن چىقماي، جاھان مۇشۇنچىلىك دەپ ياشاپ كەلگەن ساددا تاغلىقلار بىلەن شەھەرلىكلەرنى سېلىشتۇراتتى. قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغۇچە ئاشۇ جىلغىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىغان، ئۆزىنى بىلگەندىن تارتىپ بىر خىل ئۆزگەرمەس مۇقەددەس تۇرمۇش قائىدىسى — ئەتىگەندە تۇرۇپ

سۇت سېغىش، سۇت قايناتىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئوتۇن توشۇش بىلەن بەنت بولۇپ كەلگەن ئايالى خامۇشخان بىلەن شەھەردىكى ئېسىل كېيىنىپ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىپ، قاش ـ كۆزلىرىنى بوياپ يۈرگەن سەتەڭ ئاياللارنى سېلىشتۇراتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىدىن ئۆكۈنەتتى. ئەگەر مۇمكىن بولغان بولسا، ياشلىقىغا قايتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە: ئەگەر مەن قايتا تۇغۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغان بولسام، ئۆز تەقدىرىمنى قالتىس ئورۇنلاشتۇرغان بولاتتىم. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دېگەن گەپ بار. قايسى بىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە «تەقدىرگە تەن بېرىش پەقەت ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرگىلا خاس» دەپتىكەن. شۇڭا، كىچىككەن بولسامۇ، ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك، دەپ پىچىرلاپ قوياتتى. ئۇ كونا كىيىملەرنى كىيىپ، چېچىنى پاخپايتىپ پاپىتەك بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن خامۇشخانغا ھەر قېتىم قارىغىنىدا ئۇنىڭدىن كۆڭلى شۇنچە سوۋۇشقا باشلىدى. ئۇ بارا ـ بارا ئاي ـ ئايلاپ ئۆيىگە قايتماس بولدى. قايتسىمۇ خامۇشخاننى كۆرمەر كۆزى يوق، كۆڭلى تالادا ئىدى. تازنىڭ خىلى چاپاق دېگەندەك، ئۇ ئاللىقاچان ئۆز خىلىنى تېپىۋالغانىدى. ئۇ: شەھەردە يۈز ـ ئابرويى بار، يولى بار ئادەملەر بىلەن بىرگە ئوقەت قىلمىساڭ، ئوقىتىڭ ئوقەت بولمايدۇ. بۇلار بىرگە ئوقەت قىلىدىغان ھەمراھلىرىم، بۇلارنى ئوبدان كۈت، دەپ، ئالىپتە ياسىنىۋالغان ھەر خىل ئاياللارنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، خامۇشخانغا كۈتكۈزەتتى. خامۇشخان ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى. ئۇ: ئېرىمنى يامان دەپ بەرسەم، باشقىلار ياخشى ئەرنى ماڭا ئەكېلىپ بېرەتتىمۇ، ئۈچ بالامنى تىرىك يېتىم قىلماي، ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىنى تۆت كۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلغىنىمىز تۈزۈك، سۇلايمانمۇ بىر كۈنى ئويغىنىپ قالار، دەپ يۈردى. بىراق، ئىشلار خامۇشخان ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى.

بىر كۈنى ئۈچ ئاي يوقاپ كەتكەن سۇلايمان تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى. ئۇ خامۇشخانغا:

— مەن ساڭا بۇ گەپنى ياخشىلىقچە دەپ كېلىۋاتىمەن، ئەگەر بۇ قېتىم ئاجرىشىشقا قوشۇلمىساڭ، ئەينى ۋاقىتتا توي قىلماي تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكىنىڭنى خەلقى ـ ئالەم ھەم بالىلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلايمەن. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭ بالىلارنىمۇ بىر كېچىدە بوغۇزلىۋېتىپ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن! — دەپ تەھدىت سالدى.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بالىلار ئۆزلىرىنى يېتىم قىلماسلىقنى تىلەپ، نالە ـ زار قىلىشتى. بىراق، سۇلايمان بۇنىڭغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلمىدى. ئۇ سوتتا باشتىن ـ ئاخىر خامۇشخاننى قارىلاپ، ئۇنى سېپىدىن بۇزۇق ئايالغا چىقىرىۋەتتى. ئۇ قىلچە تەپ تارتماستىن قانۇن ئالدىدا: سابىر مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەس، ئىشەنمىسەڭلار توي قىلغان ۋاقتىمىز بىلەن سابىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭلار دەپ

تۇرىۋالدى. خامۇشخان سۇلايماننى بۇنداق يۈزسىزلىك قىلىدۇ دەپ زادى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇلايمان تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەلبى نەپرەتكە تولدى. ئۇ باللارنى سۇلايمانغا بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. سوت خامۇشخاننىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ئويلاپ، ئىككى قىزنىڭ پۈتۈن راسخوتىنى سۇلايماننىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى جاكارلاپ، هۆكۈم كەستى.

شۇ كۈنى كەچتە سابىر غەرق مەست هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، مېنى كەچۈر، مەن بۇگۈن بارلىق دەردىمنى مۇشۇ هاراقتىن ئالدىم. ئاپا، قېنى ئېيتىقىنا، سۇلايمان دېگەن مۇناپىق مېنىڭ دادام بولمىسا، مېنىڭ دادام زادى كىم؟ ئۇ نەدە؟ — دەپ ئاپىسىغا ئېسىلىپ، هۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. خامۇشخان ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق دېمە، بالام، سۇلايمان سېنىڭ ئۆز داداڭ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ نېمە ئۇچۇن مېنى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق مېنىڭ بالام ئەمەس دەيدۇ؟

خامۇشخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قالدى...

* *

كەچ كىرىپ، قۇياش ئاللىقاچان تاغ كەينىگە مۆكۈنگەنىدى. خامۇشخان يەنىلا قورام تاش ئۈستىدە ئەسلىمە دېڭىزىغا غەرق ئىدى.

تۇيۇقسىز مەهەللە تەرەپتىن ئاڭلانغان چۇقان ـ سۈرەنلەر خامۇشخاننى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ گاراڭ هالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ مەهەللە تەرەپكە قارىدى. يەلەككە كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلدى ـ دە، قارىغايلىقتىن چىقىپ مەهەللىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يېتىپ كەلگىچە ئوتمۇ ئۆچۈرۈلۈپ بولۇنغانىدى. ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئالدىدا سۇلايمان بىر قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتقىنىچە سۇلىشىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپتىكىلەر توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— ئىسىت، هەممە نەرسە كۆيۈپ تۈگەپتۇ.

— تازا ياخشى بوپتۇ، خامۇشخانغا ئەسقاتمىغان نەرسىلەر كۆيۈپ تۈگىگىنى تۈزۈك.

— قانداق بولۇپ ئوت كەتكەندۇ؟

— خۇدا ئۆزى بىلەر...

شۇ پەيتتە بىر گەۋدە بايا خامۇشخان كەلگەن تەرەپكە — قارىغايلىققا قاراپ لوك ـ لوك دەسسەپ كېتىپ باراتتى. كەچ بولغاچقا، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى هېچكىم پەرق ئېتەلمىدى.


خامۇشخان توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ قارىغايلىق تەرەپكە ئۇزاقىچە قاراپ تۇردى. ئۇ ئىچىدە: بىچارە بالام، نېمىشقىمۇ بۇنداق قىلغانسەن، ئەمدى نەگىمۇ بارارسەن دەپ پىچىرلىدى.

مەسئۇل مۇهەررىر **سارەم ئىبراهىم**

تۇرسۇنجان ئوسمان

# چېقىر تاش

(ھېكايە)



ئابلىمىت ئاپتوموبىلنى رېمونتخانا ئالدىدا توختىتىپ ئىشخانىغا كىردى.

— ھە، ماشىنىڭىزنىڭ قەيىرى بۇزۇلدى؟ — سورىدى ئوتتۇرا ياش ئادەم سالامدىن كېيىنلا.

— پالوس ① ئۈزۈلۈپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزدە زاپاس بارمۇ؟

— يوق.

— ھە، ئەمىسە مەن ئادەم ئورۇنلاشتۇراي، بىردەم بۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

— ۋەزىپىنى ئادا قىلماسلىق بولمايدۇ، ئامال بولسا چاققانراق رېمونت قىلىپ بەرسەڭلار، — دېدى ئابلىمىت بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ.

— ھە بولىدۇ، تاماكىڭىزدىن بىر تال بېرىڭا، ئىككى شورىۋېتەي، خاتىرجەم بولۇڭ، كۆپ كەتسە ئىككى سائەتتە رولغا ئولتۇرىسىز.

ئابلىمىت ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا بەردى. ئۇ ئادەم ئۇستىلىنىڭ تارتمىلىرىغا قولۇپ سالغاندىن كېيىن، پاشىنىسى ئۇپراپ كەتكەن ئايىغىنى سۆرەپ ئىشخانىدىن چىقتى-دە، نېرىدا ماشىنىنى رېمونت قىلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— گۈزەل، بۇياققا چۈش! — دەپ توۋلىدى.

ماشىنا ئۇستىدە بىر گايكىنى بوشىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان، قوپال ئىش كىيىمى كىيىۋالغان، قارىماققا ئوغۇل بالىدەك كۆرۈنىدىغان قىز لىككىدە سەكرەپ چۈشتى.

— نېمە ئىش؟

— ئاۋۇ ماشىنىنى كۆردۈڭمۇ، — ئۇ قولى بىلەن ئابلىمىتنىڭ ماشىنىسىنى كۆرسەتتى، — پالوسى ئۈزۈلۈپتۇ، ئېلىۋېتىپ يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ بەر، چاققان بول.

— خوپ! — قىز ھەربىيلەرگە ئوخشاش پۇتىنى يەرگە تاراققىدە ئۇردى.

— چوڭايغانسېرى غەلىتە بىر قىز بولۇپ كېتىۋاتىسەن، ماڭە شاتۇر، چاققان بېرىپ ئىشىڭنى قىل.

قىز ئىچ يانچۇقىدىن قارا كۆزەينە-

---

① چاققا ئۇلانغان ئوق.

كىتتى ئېلىپ تاقىدى. ئاندىن سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاپتاپتا تۇرغان ماشىنىنىڭ يېنىغا باردى. ئابلىمىت ماشىنا يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئابلىمىتقا قاراپمۇ قويماستىن، پالۇس چېقىلغان تەرەپنىڭ گايكىلىرىنى بوشىتىشقا باشلىدى. ئابلىمىت تاماكا چەككەچ رېمونتچىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ رېمونتچىنىڭ بەزى گايكىلارغا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياردەملەشمەكچىمۇ بولدى ـ يۇ، بىراق، قېنى قانداق قىلىدۇ، دېگەن بىر قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇردى. رېمونتچى قىز بوشىمىغان گايكىغا كۈلۈچنى مەھكەم ئورۇنلاشتۇردى ـ دە، ئاندىن كۈلۈچنىڭ سېپىغا لوم تۆمۈرنى سېلىپ، ئۈستىگە چىقىپ بىر سەكرەپلا بوشىتىۋەتتى. ئۇ شۇ يوسۇندا ھەممە گايكىلارنى بوشىتىپ ئالدى. ئاندىن بولقا بىلەن ئاستا ئۇرۇپ، ئوقنىڭ چاق بىلەن گايكا ـ بولتا ئارقىلىق چېتىلىدىغان ئۇچىنى ئېلىۋەتتى. ئوق ئىچىدىن سۇنغان ئىدى. قىز سۇنغان ئوقنى ئىتتىرىپ چىقاردى. ساق ئوقنى جايىغا سېلىپ گايكىلىرىنى چىڭىتىۋەتكەندىن كېيىن، كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئابلىمىت رېمونتچىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقالماي قاراپ تۇراتتى. قىز ماتورنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ماشىنىنى تېزلا قوزغاپ، رېمونتخانا ئىچىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئابلىمىتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، زەرب بىلەن تورمۇزلاپ توختاتتى.

— ماشىنىڭىز پۈتتى. ھېسابلىشىپ قايتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ.

ئابلىمىت قىزنىڭ قىلىقلىرىغا ھەۋەسلىنىپ تۇراتتى. قىز يېڭى بىلەن يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتمەكتە ئىدى. ئاققان تەر، سۈركەلگەن ماي ئۇنىڭ چىرايىنى كۈلكىلىك بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

— سىز قىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قانداق؟ — دېدى رېمونتچى كۆزەينىكىنى ئېلىپ تۇرۇپ، — مومايمىكىن دەپ قالغانمىدىڭىز، — قىز كۆزەينىكىنى تاقىدى ـ دە، سايمانلىرىنى ئېلىپ ئىشخانا تەرەپكە كەتتى.

ئابلىمىت قىزنىڭ جاۋابىدىن تەمتىرەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ رېمونتچى قىزنىڭ بايىقى سۆزى ۋە ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ـ دە، ھېسابات قىلىش ئۈچۈن بوغالتىر ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ھېساباتنى تۈگىتىپ تالۇن كەستۈرۈپ چىققاندا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغانىدى. ئىشچىلار يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇشىۋاتاتتى. ئابلىمىت كابىنكىغا كىرىپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىردىنلا رېمونتچى قىز بىلەن تونۇشۇپ قويغۇسى، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى. ئۇ ماشىنىسىدىن چۈشۈشكە تەمشەلدىيۇ، قىز يەنە بايىقىدەك گەپ قىلسا ئوسال بولماي، دەپ جايىدا ئولتۇردى. رېمونتچى قىزنىڭ ئوغۇل بالىغا خاس سۆز ۋە ھەرىكىتى ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇ، كېتىش ياكى قىز بىلەن تونۇشۇپ قويۇش ئوتتۇرىسىدا دىلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، قىز يۇيۇنۇش ئۈچۈن لۆڭگە، سوپۇن ئېلىپ چىقىپ قالدى. قىز ئۆزىگە ئۇدۇل كەلگەندە ئابلىمىت ماشىنىدىن چۈشتى.

— ماشىنا ئوت ئالمايۋاتىدۇ، نېمە قى-
لىپ قويدىڭىز ؟ — دېدى ئۇ قىزغا قاراپ.

— ئۆزى بۇزۇق چېغى، مەن ئۇنى بىر نېمە قىلىۋەتمىدىم، — دېدى قىز، — قېنى مەن بىر ئوت ئالدۇرۇپ كۆرەي، — قىز سەكرەپلا كابىنكىغا چىقتى ۋە ئاچقۇچنى بۇراپلا گۈررىدە ئوت ئالدۇرىۋەتتى. قىز ما-
شىنىدىن چۈشۈۋېتىپ، — ئۇستىڭىز ئوت ئالدۇرۇشنى تازا ياخشى ئۆگەتمەپتىكەن، تازىمۇ ئۇششۇقكەنسىز، — دېدى.

— تولا مازاق قىلماڭ، — دېدى ئابلىمىت سەل قىزىرىپ، — سىزگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ئۇنتۇلۇپ قالغان رەھمەتنى ئېيتىپ نېمە قىلاتتىڭىز، — دېدى قىز ماي سۈر كۈلۈپ كەتكەن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، — ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇرۇق رەھمەتنىڭ نېمە كېرىكى.

— ئۇنداق بولسا سىزنى مېھمان قىلاي.

— ماۋۇ سۆزىڭىز بولىدۇ، مەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقاي، كۈتۈپ تۇرۇڭ، — قىز يۇيۇنۇش ئۆيى تەرەپكە كەتتى.

ئابلىمىت كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا پەرىدەك بىر گۈزەل قىز كېلىۋاتاتتى. قىز تولغان پاقالچاقلىرىغا ئەت-
رەك پايپاق تارتقان. ئۇستىگە ئۈيما ياقىلىق بەل پۈرمە كەك ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. قىز ماشىنىغا چەبدەسلىك بىلەن چىقتى ۋە ئابلىمىتقا قاراپ:

— قېنى ھەيدەڭ! — دېدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر ـ بىرىگە قادىلىپ قالدى. بۇ تىكىلىش ئۇشتۇمتۇت بولغاچقا، ئابلىمىتنىڭ يۈرىكى پىژ قىلىپ قالدى. قىز تۇنجى بولۇپ يىگىتنىڭ كۆزىدىن چاچرىغان ئۇچقۇننى كۆردى ۋە ئاشۇ ئۇچقۇننىڭ يۈرىكىگە چۈشكىنىنى سەزدى.

ئابلىمىت قىزنىڭ ئۇچۇق ـ يورۇقلى-
قىغا، گەپ ـ سۆزلىرىگە ھەيران ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ، ئۇنىڭدىن زادىلا كۆزىنى ئالالمىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىنچىكە، قاپقارا ئەگىم قېشىغا، قويۇق، قايرىما بوستان كىرپىكلىرىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. قىز كۆزىنى يەردىن ئېلىپ نەزەرىنى يىگىتكە ئاغدۇرغاندا ئابلىمىت كۆزىنى باشقا ياققا ئې-
لىپ قاچتى. يىگىت بەرجەس ئەرلەردىن ئىدى. كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. مۇ-
رىلىرى كەڭ، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈز گۈزەلنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ تۇرايلى، تونۇشۇپ قالدۇق، — دېدى ئابلىمىت ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ ماشىنى-
نىڭ يېنىغا كەلگەندە.

— بۇ سۆزىڭىز بولىدۇ، كۆرۈشۈپ تۇرغاننىڭ زىيىنى يوق، بىراق پايدا ـ مەنپە-
ئەت ئۈچۈن كۆرۈشسىڭىز كېيىن پۇشايماندا قالىسىز...

ئابلىمىتنىڭ قىز بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. بىراق قىز كېتىپ قالدى. ئۇ قىزنى بۆلەكچىلا بىر تۇيغۇ بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. مۇشۇنداق قىز بىلەن بىللە بولساڭ كۈنلىرىڭ شېرىن ئۆتە-
دىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. ئۇ تا

هازىر غۇنچە مىجەزى بۇنداق غەلىتە، كەسكىن، نەق گەپىنى قىلىدىغان، ئوچۇق مىجەزلىك قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ گۈزەل قىزغا راستىنلا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى.

*　　*

ئابلىمىت ھەر قېتىم كۆمۈرگە چىققاندا گۈزەل بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى. بىر قېتىم ئۇ گۈزەل بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىدىغان چاغدا گۈزەل:

— سىز بۇياققا قۇرۇقلا ماڭىدىكەنسىز، بۇ قېتىم چىققىنىڭىزدا بىر ماشىنا قوغۇن ئالغاچ چىقامسىز، — دېدى.

ئابلىمىت گۈزەلنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ ھەر قانداق سۆزىگە جان بىلەن ماقۇل دەيتتى. شۇڭا دەرھاللا قوشۇلدى.

— ماقۇل، ئۆگۈنلۈككە ئالغاچ چىقاي، — دېدى ئۇ.

— مانا بۇ تۆت يۈز كوي، مۇشۇنىڭغا لايىق ئالغاچ چىقىڭ، — گۈزەل سومكىسىدىن پۇل چىقىرىپ ئابلىمىتقا ئۇزاتتى.

— ياق، پۇل بەرمىسىڭىزمۇ ئالغاچ چىقىمەن، — دېدى ئابلىمىت.

— ئۇنداقتا بولمايدۇ. بۇنداق تەگسىز دوستلۇقنى مەن خالىمايمەن، — دېدى قىز قەتئىي قىياپەتتە، — ئەگەر ئالغىلى ئۇنىمىسىڭىز مەن باشقا شوپۇر تاپاي.

— بوپتۇ، سىز ئاجايىپكەنسىز، ئەكىلىڭ.

— ئاجايىپ دېگەن قانداق بولىدۇ، — دېدى گۈزەل كۈلگەچ.

— راستىنى ئېيتسام بۇنى دەپ بېرەلمىگۈدەكمەن.

— ئوغۇل بالا دېگەن بۇنداق گەپنى دېمەيدىغان.

ئىككىيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۆگۈنى ئابلىمىت بىر تونۇشىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىدىن بىر ماشىنا قوغۇن بېسىپ چىقتى.

— ياخشى، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم ـ ھە، — قوغۇننى كۆرۈپ ئۆزرە خاھلىق ئېيتتى قىز.

— سىز نېمىلا دېسىڭىز مەن ئۈچۈن بۇيرۇق.

قىز ئابلىمىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. قىز ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ دېدى:

— مەن سىزنىڭ باشلىقىڭىز بولۇپ قالدىممۇ نېمە، ئەمىسە ماشىنىنى مەن ھەيدەي، بازارغا بارايلى.

گۈزەل ماشىنىنىڭ رولىغا ئولتۇردى. ئۇ ماشىنىنى ئەپچىللىك بىلەن باشقۇرۇپ، بىر قوغۇنچىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ توختاتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز روزاخۇنكا قوغۇنىڭىز تۈگەپلا قاپتىغۇ، — دېدى گۈزەل ماشىنىدىن چۈشۈپ، — بىر ماشىنا قوغۇن ئېلىپ كەلدىم، ئالامسىز؟

قوغۇنچى خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، سايىۋەن ئاستىدىن چىقتى.

— نېمانداق بەلەن گەپ قىلىدىغانسەن گۈزەل، شەھەردىن قوغۇن چىقماي بۇگۈن تىجارىتىم توختاپ قالغىلى ئاز قالغانىدى. قانچە پۇل بېرىمەن؟

— سىز دائىم قوغۇن ئېلىپ ساتىدىغان ئادەم، قېنى ئۆزىڭىز لىللا بىر گەپ

قىلىڭلا.

— دانىسىغا بىر يېرىم كويدىن بېرەي، بولامدۇ ؟

— سەل ئىنساب بىلەن گەپ قىلىڭ، 200 كىلومېتىر يىراقتىن كەلگەن قوغۇن بۇ.

— ماقۇل بىر موچەندىن قوشۇپ قوياي بولامدۇ ؟

ئاگىنچە ماشىنا ئەتراپىغا ئادەملەر ئولىشىپ سالا ـ سۇلھ قىلىشتى.

— بوپتۇ، مەندىن كەتسە سىزگە كېتەر، — دېدى گۈزەل، — مانا ئەمىسە 470 دانە قوغۇن. پۇلنى ساناپ بېرىۋېتىڭ، قوغۇننى ئۆزىڭىز چۈشۈرۈۋالىسىز.

قوغۇنچى گۈزەلگە 752 يۈەننى نەق ساناپ ئۆتكۈزدى.

— ئۇستام يۇرۇڭ، بىز قورساقنى توقلايلى، — گۈزەل ئابلىمىتنى باشلاپ ئاشخانىغا ماڭدى. ئابلىمىت كۆز ئالدىدىلا گۈزەلنىڭ 350 يۈەن پايدا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، گۈزەلگە يەنە بىر قېتىم قول قويدى. ئىچىدە ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپلا قالسام مېنى باي قىلىۋېتكۈدەك، دەپ ئويلاپ قالدى.

— ماۋۇ پۇلنى سىز سېلىپ قويۇڭ، — گۈزەل ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئابلىمىتنىڭ ئالدىغا 200 يۈەننى قويدى.

— ياق ئالمايمەن، قۇرۇق چىقساممۇ يەنىلا شۇ ماي كۆيەتتى، — ئابلىمىت پۇلنى گۈزەلنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، — ئۇنىڭغا جىددىي تۇردە دېدى، — قوغۇننى سىز ئەكەلدىڭىز، ماشىنا سىزنىڭ، مەن پەقەت سۇ قىلىپلا بەردىم، مەنپەئەت ئادىل بولغىنى ياخشى.

قىز ئۇنى يەنە يامان يەردىن تۇتقان ئىدى. شۇڭا ئابلىمىتنىڭ ئالماي ئىلاجى بولمىدى.

— يەنە قوغۇن ئۇقۇشۇپ قويدۇم، ئالغاچ چىقايمۇ ؟ — دېدى ئۇ.

— ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى بولىدۇ، ھازىر بىر ماشىنا قوغۇن چۈشۈرۈلدى. ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە قوغۇن كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئەكەلسىڭىز ساتالماي قالىمىز. مەن ۋاقتىنى ئىگىلەپ سىزگە خەۋەر بېرىمەن، شۇ چاغدا ئالغاچ چىقارسىز.

يىگىت قىزغا تەشنالىق بىلەن باقاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان مۇھەببەت ئوتىنى قىز تۇيغان بولسىمۇ، ئىپادە بىلدۈرمىدى. يىگىت بولسا، گۈزەل كۆڭلۈمنى تۇيغانمىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئابلىمىت قىزنىڭ ئۆزىنى يارىتىشنى زور ئۈمىد بىلەن كۈتەتتى.

— ئەتە يەنە چىقامسىز ؟ — سورىدى گۈزەل.

— ھەئە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟

— ئەتە شەنبە، شەھەرگە كىرىپ چىقاي دېگەنتىم، ئەتە كۆمۈرنى ئېلىپ قايتاشىڭىزدا مېنى ئېلىپ مېڭىڭ، ماقۇلمۇ ؟

— قىز يىگىتنىڭ كۆزىگە خۇمارلىق قارىدى.

— ماقۇل، جان بىلەن.

— خەير ئەمىسە، ئىش ۋاقتى توشۇپتۇ، مەن ماڭاي، خوش.

گۈزەل كەتتى. ئابلىمىتنىڭ يۈرىكىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەندەك بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل خۇشاللىق مەۋج ئۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ ھامان

بىر كۈنى ئۆزىگە ماقۇل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنـنەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئەگەر مۇشۇ تېزلىك بويىچە يېقىنلىشىۋېرىدىغان بولسا، ئاخىرىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە يېتەتتى.

ئابلىمىت رولغا ئولتۇرۇپ، يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان رەڭسىز تاقىر تاغقا قاراپ ماشىنىسىنى قوزغىدى. تۆت ئەتراپ زەڭگەر تاغلار بىلەن ئورالغان. غەرب تەرەپتىكى تاغلار ئېگىز بولۇپ، تومۇز كۈنلىرىمۇ يىراقتىن تاغ ئۈستىدە ئاپئاق قار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈك تاغ بولۇپ، گىياھ ئۈنمەيتتى. يوللار، تاغلار ئارقىدا قالماقتا، كاندىن چىقىپلا ياپيېشىل ئوت - چۆپ قاپلىغان، مامكاپ، تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن جايلارغا كېلىپ قالاتتى. يولنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇنداق يېشىللىق. تاغ تېرىكى، ئاق تېرەك قاپلىغان يوللار ھاۋالىق ئىدى.

ئابلىمىت ئىدارىسىگە كېلىپ كۆمۈرنى تۆكۈۋېتىپ ماشىنىنى توختىتىپ قويۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى - دە، ئاندىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئۆيىگە ماڭدى.

... ...

ــ ئابلىمىت!

خېلىلا كېلىشكەن زىلۋا بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

ئابلىمىتنىڭ چىرايى سېكۈنت ئىچىدە ئۆزگىرىپ ئەسلىگە قايتتى.

ــ بۇگۈن بەكلا خۇشالغۇسىز، بىرەر يېڭى يار تېپىۋالمىغانسىز؟

بۇ نەستىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن، ــ دەپ ئويلىدى ئابلىمىت كۆڭلى غەش بولۇپ، ــ گۈزەل بۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ياخشى قىز، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام جەزمەن بەختلىك بولالايتتىم. بىراق مەن نېمىشقا كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويغاندىمەن، بۇنداق ئىش بىر نەچچە قېتىم داۋاملىشىپ بويىدا قالدى. شەرمەندە بولغىلى تاس قالدىم. ئاران دېگەندە ئالدۇرۇۋېتىپ قۇتۇلدۇم. ئەمدى بۇ نېمە رودىپايدەك چاپلىشىۋالدى.

ــ بۇگۈن مېنى نەدە ئوينىتىسىز؟ ــ نازلاندى قىز.

ــ خاپا بولماڭ، گۈلپىيەم، بۇگۈن ئىشىم چىقىپ قالدى، ــ دېدى ئۇ يالغاندىن باھانە كۆرسىتىپ.

ــ نېمە ئىش؟

ــ تاغام ئېغىر كېسەل، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى يوقلاپ بارماقچىدۇق.

ــ ماقۇل ئەمىسە، ــ دېدى قىز ئامالسىز، ــ ئەتە ئىشتىن چۈشكەندە كۈتەمەن.

ــ ئەگەر ۋاقتىدا كېلەلمىسەم مېنى تاغىسىنىڭ يېنىدىن كېلەلمەپتۇ دەپ بىلىڭ.

قىز ئامالسىز قايتتى.

ئابلىمىت كېچىنى تەقەززالىق ئىچىدە ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ماشىنىسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ ماي قاچىلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈك - دۈك سوقاتتى. ئۇ بىردەم ئۈنئالغۇنى ئېچىپ قويۇپ شوخ مۇزىكىلارنى ئاڭلايتتى. يەنە بىر دەمدىلا ئۆزى

بىلگەن ناخشىلارنى ئېيتاتتى.

ئۇ كانغا چىقىپ ماشىنىغا كۆمۈر قا-
چىلىدى. ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشخانىدىن تاماق يەپ،
ماشىنىغا چىقىپ ئۇخلىدى.

— ھەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!

ئابلىمىت چۆچۈپ ئويغاندى.

— ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىز،
سىزمىدىڭىز، — ئابلىمىت ئورنىدىن تۇردى.

— مۇشۇ يەردىمۇ ئۇخلىغان بارمۇ؟

— سىزنى ساقلاپ تۇرغانتىم.

— يۈرۈڭ، ماڭايلى.

چوڭ يول، ماشىنا ئۇچقاندەك چاپ-
ماقتا، ئۇنىڭ ئالغۇدىن يېقىملىق ناخشا - مۇزىكا
ياڭرىماقتا. ئابلىمىت كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا
گۈزەلگە قاراپ قوياتتى. ماشىنا سىلكىنگەندە
گۈزەلنىڭ كۆكسى كۆكلىكى ئۇستىدە بىر
سىزىق ھاسىل قىلىپ يۇقىرى - تۆۋەن
مىدىرلاپ كېتەتتى. ئابلىمىتنىڭ بۇنداق
چاغدا ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياناتتى.

— ماشىنىنى توختىتىڭ، بۇ گۈن
ئىشىڭىز چاتاق ئوخشايدۇ، مەن ھەيدەي، —
دېدى گۈزەل مەنىلىك كۈلۈپ.

گۈزەل رولغا ئولتۇردى. ئابلىمىت
بولسا، گەپنى قاياقتىن باشلاشنى بىلەلمەي
ئاۋارە ئىدى. شۇ تەقلىدتە بىردەم ماڭغاندىن
كېيىن سورىدى:

— سىز ئىشلەۋاتقىلى قانچە يىل
بولدى؟

— مەن تولۇقسىزنى ئون تۆت
يېشىمدىلا تۈگىتىپ شاگىرت تىلىققا كىرگەن،
ھازىر ئالتە يىل بولاي دەپ قالدى.

— بەك تېز ئۆگىنىپسىز غۇ.

— كۆكۈل قويسا ئۆگەنگىلى
بولمايدىغان ئىش يوق.

— ئەگەر ئىككىيلەن قوشۇلساق بەك
ياخشى بولاتتىكەن، سىز ئۇستا رېمونتچى،
مەن شوپۇر، شەخسى ماشىنا سېتىۋالساقمۇ
ياكى رېمونتخانا ئاچساقمۇ كۈنىمىز باياشاد
ئۆتىدىكەن.

قىز ئابلىمىتقا لەپپىدە بىر قارىدى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، چاق-
چاق قىلماڭ.

ئابلىمىتنىڭ يۈزى قىزىرىپ، يۈرىكى
سېلىپ كەتتى.

— چاقچاق قىلمىدىم، يۈرىكىمدىكى
سۆزنى دېدىم.

گۈزەلنىڭ كۆزى ئويناپ كەتتى.
يۈرىكى نامەلۇم خۇشلۇقتىن گۈپۈلدەپ سو-
قاتتى. يېنىدا ئولتۇرغان بۇ يىگىت ئۇنىڭغا
ھېچقانداق يامان تەسىر بەرمىگەنىدى. بىراق
شۇنداق بولسىمۇ، ئالدىراپ كۆكۈل
بېرىشكە بولمايتتى.

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي،
تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىمەن.
قاچان كۆمۈرگە ماڭىسىز؟ — دېدى قىز ما-
شىنىنى توختىتىپ.

— دۈشەنبە كۈنى، — يىگىت سەل
توختىۋالدى، — ئەتە چىقامسىز، بىللە ئايلى-
نايلى.

— كەچۈرۈڭ، چىقالمايمەن.
تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بو-
لۇپ كەتتى. ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن.

— خوش، — دېدى يىگىت دىلغۇل
بولۇپ، — يولدا كەلگۈچە دېگەن گەپلەر مې-
نىڭ يۈرىكىمدىكى سۆزلەر، ئويلىنىپ

باقسىڭىز، ـــ يىگىت يەرگە قارىۋالدى. قىزنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. ئۇ يىگىتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشىنى كۈتتى. يىگىت بېشىنى كۆتەرگەندە ماقۇل دېيىشنى ئويلىغانىدى. يىگىت بېشىنى كۆتەردى. قىز يىگىتنىڭ ئوتلۇق كۆزىگە تويماستىن قاراپ، بېشىنى ماقۇلغا لىڭشىتىپ، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

ئابلىمىت ئۇچۇن ھەر بىر مىنۇت ناھايىتى تەستە ئۆتەتتى. ئۇ گۈزەلنى كۆرۈشكە بەكلا ئالدىرايتتى. ئۇ دۈشەنبە كۈنىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. مانا دۈشەنبە كۈنىمۇ كەلدى. ئابلىمىت بىلەن گۈزەل قەلبىنى چۇلغىۋالغان تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق تەسىرىدە سۆزمۇ قىلىشماي ئولتۇرۇشاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ روھىي ـ ھالىتىدە باشقىچە بىر خىل ئېغىرلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ـــ تەلىپىمنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ـــ ئاخىرى ئابلىمىت ئېغىز ئاچتى.

گۈزەلنىڭ ماقۇل دېگۈسى، مۇھەببەتنى قوبۇل قىلغۇسى بارئىدى. يۈرىكىمۇ ئۇنى مۇھەببەتنى قوبۇل قىلىشقا قىستايتتى. بىراق ئۇ دەررۇلا جاۋاب بەرمىدى.

ـــ مەن تېخى تولۇق ئويلىنىپ بولالمىدىم. بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن جاۋاب بېرەي، ـــ دېدى قىز چوڭ بىر تىنىپ.

ـــ مەن بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

مەنمۇ بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، گۈزەلنىڭ يۈرىكىمۇ شۇنداق دەپ پىچىرلاۋاتاتتى.

* *

گۈزەل رېمونتخانىدا ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. ئۇ ئابلىمىت بىلەن كۆپ ئارىلاپ دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئابلىمىت ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈزەل ئابلىمىتتىن بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ خېتىدە گۈزەلنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، گۈزەلگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئىدى. گۈزەل خەتنى ئوقۇپ بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا ئابلىمىت بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقان كۆڭۈللۈك كۈنلىرى نامايان بولدى. ئۇ خەتنى باغرىغا باسقىنىچە ئويلىنىپ تۇرغاندا تېخنىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ـــ گۈزەل، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

گۈزەل بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، تېخنىكنىڭ سەل ياداڭغۇ يۈزىگە قارىدى. تېخنىك غەمكىن كۆرۈنەتتى. گۈزەلنىڭ چاقچاق قىلغۇسى كەلدى ـ دە:

ـــ نېمە ئويلايتتىم، بالا ئويلاۋاتىمەن، ـــ دېدى.

ـــ ئەرگە تەگمەي تۇرۇپ دېگەن گېپىنى، ـــ دېدى تېخنىكنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ.

گۈزەلنىڭ سۆزىدىن تېخنىكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقانىدى. تېخنىك ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئالغان خوتۇنلىرى باشقا ئەرگە تېگىپلا باللىق بولۇپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن بۇيان باشقىلار تېخنىكنى بالا تاپالماس دەپ مازاق قىلاتتى. شۇڭا بالىنىڭ گېپى چىقسىلا تېخنىك مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئۆزگە ئېلىپ كېتەتتى.

— ئەگەر تەگمىگەن بولسام تېگەر-
مەن، — دېدى گۈزەل چاقچاق قىلىپ، — توي قىلامدۇق؟ توي قىلساق چوقۇم باللىق بولىمىز.

— قېلىنمۇ قىزكەن بۇ، — تېخنىك قېيداپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئابلىمىت كومۇرگە چىققاچ گۈزەلنى يوقلاپ كەلدى.

— كۆزىڭىزدىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى گۈزەل ئۇلار خالىي يەرگە چىققاندا، — مېنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز، سىزگە رەھمەت. مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم. ئادەم ھامان توي قىلىدۇ. مەنمۇ چوقۇم بىر ھەمراھ تېپىشىم كېرەك. بىلمىگەن، تونۇمىغان ئادەم بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى خالىمايمەن. بىز ئارىلاشقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. سىزگە جاۋابىم، مەن سىزنى سۆيىمەن، ياخشى كۆرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. چىن دىلدىن سۆيۈش كېرەك، — گۈزەلمۇ بۇ سۆزنى دېگۈچە قىزىرىپ كەتتى.

ئابلىمىت گۈزەلدىن بۇنداق ئېنىق ۋە دادىل جاۋاب كۈتمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ شۇ تاپتا دېيىشكە گەپ تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى، لەرزىگە كېلەتتى. تېنى، قېنى قىزىيتتى، لەۋلىرىمۇ تىترەيتتى.

— مەن سىزنى جېنىم بىلەن سۆيىمەن، — دېيەلىدى ئۇ ئاران ئەستە.

— مەن سىزگە دەپ قوياي، — دېدى گۈزەل قەتئىيلىك بىلەن، — مەن باشقا قىزلاردەك ئەمەس، خەقلەردىن يامانلىق كۆرسەم ياكى سۆيگەن ئادىمىم تاشلىۋەتسە، يىغلاپ كۆزۈمنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرمايمەن. ئۆچ ئالىمەن. كۈچۈم يەتسە، جېنىنى ئالىمەن. ئاندىن نېمە بولۇپ كەتسەم مەيلى. مېنى سۆيسىڭىز ھەقىقىي چىن يۈرەكتىن، مەڭگۈلۈك سۆيۈڭ، مەنمۇ ھەم شۇنداق قىلىمەن. ئۆلگەندىلا ئايرىلايلى. ھايات ئايرىلىشنى خالىمايمەن ھەم مۇھەببەتنىڭمۇ پاك بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھېكايە، رومانلارنى كۆپرەك ئوقۇيمەن. شۇڭىمۇ مېنىڭ ئارزۇلىرىم بىر ئاز غايىۋى. ئادەمنىڭ ئارزۇسىنىڭ غايىۋى بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشىكەن. ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدىكەن. مەنمۇ شۇنداق بولسىكەن دەيمەن، — گۈزەلنىڭ چىرايى ھاياجاندىن ئېسىلىپ كەتكەندى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئابلىمىتنىڭ ئاباياتىنقى ھاياجانلىرى قاياققىدۇر تارقاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ، ئەگەر مەن گۈزەل رازى بولغۇدەك سۆيەلمىسەم نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلاپ قالدى.

— دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق، سىز دېگەندەك ياشاش كېرەك، ئاندىن ھاياتنىڭ مەنىسى بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئەستە.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ. مەلۇم ۋاقىت يۈرىمىز، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن توي قىلىمىز، — دېدى گۈزەل ئابلىمىتنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ.

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

ئابلىمىت گۈزەلنىڭ نېپىز، سۈزۈك ۋە بويىغاندەك قىزىل لېۋىگە تىكىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ لەۋلىرىنى قېنىپ-قېنىپ شۈرۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. بىراق گۈزەل ئۇنىڭ بۇنداق ھەرىكىتىگە جەزمەن قارشى

چىقىدۇ. شۇڭا ئابلىمىتنىڭ سەۋر قىلماي ئامالى يوق.

* *

قار - مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى. گەرچە تاغدا ئەتىياز كېچىنرەك باشلانسىمۇ، بۇ يەرنىڭ هاۋاسى بىلىنەرلىك ئىسسىدى. چېچەك - چوكانلار ئېچىلىپ، باهار يېتىپ كەلدى.

ئابلىمىت بىر قېتىم كۆمۈرگە چىقىپ تاغدا قونۇپ قالدى. گۈزەل بىلەن كىنو كۆرۈپ چىقىپ سەيلە قىلىشتى. هاۋا شۇنچە پاكىز ۋە ئوچۇق ئىدى. ئابلىمىت گۈزەل بىلەن ئۆستەڭ بويلاپ كۆۋرۈككە چىقتى. كېچە تولىمۇ چىرايلىق، سالقىن ئىدى. ئابلىمىت قىزنىڭ بېلىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ ئالدىغا تارتتى.

— ئۇيات، — دېدى گۈزەل ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

— ماڭا ئەمدى ئۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلماڭ، مەن شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئابلىمىت لېۋىنى ئاستا ئۈزىتىپ.

— «سەۋر قىلساڭ غورىدىن هالۋا پۇتەر» دېگەن گەپ بار، — دېدى گۈزەل ناز بىلەن سىڭايان بېقىپ.

— سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى باردۇر...

گۈزەل ئىختىيارسىز ئابلىمىتنىڭ مەيلىگە باقتى. ئابلىمىت گۈزەلنى باغرىغا مەهكەم باستى. گۈزەلمۇ ئۆمۈرلۈك هەمراهىنىڭ بويىنغا چىڭ گىرە سېلىپ، يىگىتنىڭ سۆيۈشىنى كۈتتى. ئابلىمىت خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى.

جانغا ئارام، راهەت بەخش ئەتكەن غۇر - غۇر شامال ئەمدى ئۇلارنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. كۆكگۈم قارا پەردىسىنى بارغانچە كەڭ يايماقتا. ئاسماندا كەينى - كەينىدىن يۇلتۇزلار پەيدا بولماقتا. سوغۇق ئۆتۈشكە باشلىغاندا ئۇلار ماشىنا ئىچىگە كىرىۋالدى. كېچە يېرىملاشماي تۇرۇپ ماشىنىنىڭ هارارىتىمۇ تۆۋەنلەپ تۈگىدى. ئابلىمىت سوغۇق تەسىرىدىن گۈزەلنى مەهكەم قۇچاقلىدى. مۇهەببەتنىڭ هارارىتى ئۇلارغا ئۆتمەيدىغان سوغۇقنى ئانچە بىلىندۇرۇپ كەتمىدى. ئابلىمىت هېسسىياتى بەيدىن پەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا خۇدىنى يوقىتىپ خارامۇش ئۇخلاۋاتقان گۈزەلنى سۆيۈپ كەتتى. قولى هەرىكەتكە كېلىپ، قىزنىڭ ئىنچىكە بەللىرىنى هەدەپ سىيلايتتى. قىزنىڭ كۆكسىگە قولىنى ئۇزاتتى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى گۈزەل ئۇنىڭدىن سەل يىراقلىشىپ.

— ئۆزىڭىزنى نېمانچە قاچۇرىسىز، ماقۇل دەڭە، — ئابلىمىت گۈزەلنى تېخىمۇ مەهكەم قۇچاقلىدى.

— قولىڭىزنى تارتىڭ، — خاپا هالدا بوش ۋارقىرىدى. — يەنە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالمايدىغان بولسىڭىز كاچات يەيسىز، سىزگە ئىككىنچى قارىمايمەن.

ئابلىمىتنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى.

— قولىڭىز قىچىشقان بولسا، مەڭ بۇنى ئويناپ ئولتۇرۇڭ، — گۈزەل يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ بەردى.

— نېمە بۇ؟

— قاراپ بېقىڭ.

— بىر چېقىر تاشكەنغۇ.

— مەن چېقىر تاش ھەققىدە بىر ھېـ
كايە ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلامسىز ؟

— ئېيتىڭ، ئاڭلايمەن.

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئاۋات بىر يۇرت بار ئىكەن. بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى مۇنـ
بەت، تاغلىرى ياپيېشىل ئىكەن. تاغلىرىدا ھەر خىل بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتىدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ قىز ـ چوكانلىرى پەرىشتىدەك، يىگىتلىرى بەقۇۋۋەت بەرنا ئىكەن. بۇ يۇرتـ
نىڭ ياش پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا بىلەن ئۆتـ
دىكەن. ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەنلا قىز ـ چوكانلار چوقۇم ئۇنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىـ
شىغا ئۇچرايدىكەن. ئۇ ھەر بىر قىزنى كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بولۇپلا نەۋكەرلىرىگە ئويناشقا بېرىۋېتىدىكەن. بىر نەچچە يىلدا نۇرغۇن قىز ـ چوكانلار ئاياغ ـ ئاستى قىـ
لىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەرز ـ دادلىرى ئاللانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، بۇ زالىم پادىشاھقا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن بىر پەرىشتە ـ ئەۋلىيانى ئەۋەتىپتۇ. ئەۋلىيا دىۋانىچە ياسىنىپ، پادىـ
شاھنىڭ بوسۇغىسىدىنمۇ ئاتلىيالماپتۇ. ئاخىرى ئەۋلىيا كاتتا بايلاردەك ياسىنىپ، پاـ
دىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ.

— نېمە ئىش بىلەن كىردىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ گۆھەر تاج كىيگەن پادىشاھ.

— مېنىڭ ساڭا ئىككى ئېغىز مەسلىـ
ھەتىم بار، — دەپتۇ ئەۋلىيا.

— ماڭا مەسلىھەت قىلغۇدەك قانچىلىك ئادەمتىڭ سەن ؟! — دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ دەرھال جاللاتنى چاقىرىپتۇ.

ئەۋلىيا قولىدىكى ھاسىنى بىرلا شىلتىپ، جاللاتلارنى قاتۇرۇپ قويۇپتۇ.

— يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، سەن بۇنداق زالىملىقتىن قايت، مەزلۇملارنىڭ كۆز يېشى سېنى يەپ كېتىدۇ.

— جاللات ! — پادىشاھ يەنە جاللات چاقىرىپتۇ.

ئەۋلىيانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ھاـ
سىنى بىرلا شىلتىپ، پادىشاھنى بىر چېقىر تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چېقىر تاش ھېچ كىشىنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن جاھاندا ھەر خىل چېقىر تاشلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ.

ئەل ـ يۇرت بىر زالىمدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ. قولىڭىزدىكى چېقىر تاشمۇ مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان ئىـ
كەن...

— قىزىق چۆچەككەنغۇ بۇ، — دېدى ئابلىمىت قولىدىكى تاشقا قاراپ ئولتۇرۇپ، — خۇددى بىرى توقۇۋالغانـ
دەكلا.

— چۆچەك دېگەن شۇنداق بولىدۇ. چوڭ دادام بىزگە دائىم شۇنداق چۆچەكـ
لەرنى ئېيتىپ بېرەتتى.

* *

گۈزەل ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە ياندى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرگە كەتكەنىدى. گۈزەل تاماق ئېتىپ يېمەكچى بولۇپ بازارغا كۆكتات ئالغىلى چىقتى. ئۇ كۆكتاتنى ئېلىپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئابلىمىت ئۇچراپ قالدى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرـ

سىز ؟ ــ سورىدى قىز .

ــ ماشىنامدىن يەنە چاتاق چىقتى . بۇ گۈنمۇ قونۇپ قالىدىغان بولدۇم .

گۈزەل پېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشقا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ئۆيگە بېرىڭ، تاماق ئېتىپ بېرىمەن، ــ دېدى.

ــ كەچتە چىقىڭ، كىنو كۆرەيلى، ــ دېدى ئابلىمىت.

ــ بۈگۈن ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. بېرىڭ، تېلېۋىزور كۆرىمىز.

بۇ سۆز ئابلىمىتقا ياغدەك ياقتى.

ــ ماقۇل، سىز كېتىۋېرىڭ، ئارقىڭىزدىن بارىمەن، ــ دېدى ئۇ.

گۈزەل كەتتى. ئابلىمىت يېرىم سائەتچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، نەچچە بوتۇلكا پىۋىنى سومكىسىغا قاچىلاپ گۈزەلنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ــ كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ــ گۈزەل كارىۋاتقا كۆرپە سالدى، ــ نېمانچە جۈۋاپ كەتتىڭىز، بۇ نەرسىلەرنى ئەكەلمىسىڭىزمۇ ئۆيدە بار ئىدى.

ــ ئىچەرمىز.

تېلېۋىزور تۇگىگۈچە پىۋىمۇ ئىچىلىپ بولدى. پىۋا تەسىرىدىن ئىككىيلەن خېلىلا قىزىغان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك چاقچاقلارنى تارتىنماي قىلىشاتتى. ئۈنئالغۇنى ئېچىۋېتىپ بىردەم تانسىمۇ ئويناشتى. گۈزەلنىڭ پۇت ـ قوللىرى بارغانچە پۇكۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئابلىمىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قالدى.

ــ مېنى ياتقۇزۇپ قويۇڭ. مەن مەست بولۇپ قالدىم، ــ دېدى گۈزەل خۇمارلىق كۆلۈپ.

گۈزەل راستىنلا مەست بولۇپ قالدى. ئابلىمىت گۈزەلنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى. گۈزەل يېتىپلا تاتلىق ـ تاتلىق تىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ گۈزەلنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ جامالىغا ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇردى. گۈزەل تاتلىق كۆلۈپ ياتاتتى. مەڭزىدىكى چوڭقۇر زىناقلار يۈرەكنى كۆيدۈرەتتى. ئابلىمىت گۈزەلنىڭ قولنى تۇتۇپ، يۈزىنى سىلاپ، لەۋلىرىگە سۆيۈپ باقتى. گۈزەل بۇنى تۇيمىدى. ئۇنىڭ كۆزى نېپىز كۆڭلەكنى ئوبدانلا كۆتۈرۈپ چوقچىيىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكرەككە چۈشتى. قېنى بارا ـ بارا قىزىشقا باشلىدى. ئۇ پەيدىن پەي كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا گۈزەلنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، ئىنچىكە بېلىنى، نازۇككىنا كۆتۈرۈلگەن بىر جۈپ كۆكسىنى سىلىدى. ئاپئاق مامۇقتەك يۇمشاق بەدەن ئۇنىڭغا جەننەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ كۆكسىنى تۇتۇشى بىلەن ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ تولغان ساغرىسىنى سىلىدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەي قالدى. ئۇ قىزنىڭ كىيىمىنى پۈتۈنلەي سالدۇرۇۋەتتى. كۆزلىرى قىزنىڭ نازۇك يەرلىرىگە چۈشكەندە ئۆزىنى زادىلا بېسىپ تۇرالمىدى. گۈزەل بولسا ھېچنەرسىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئابلىمىت پەقەت ئۆز قەلبىدە قوزغىلىۋاتقان كۈچلۈك بىر تەلەپنىڭ تەسىرىدە كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىۋېتىپ، قىزنىڭ كۆكسىنى مەيدىسىگە ئۇزاق باستى. ئۇنىڭ قولى ۋە بەدەنلىرىمۇ

جىددىيلىكتىن بوش تىترەيتتى. ئۇ تىترەۋاتقان قولى بىلەن قىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى تۇتۇپ سىيلاپ چىقتى. ئەۋجىگە چىققان تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ۋە پۈتۈن تېنىنى ئېرىتىۋەتتى.

كېيىنكى ئاقىبەتلەرنى ئويلاش ئابلىمىتنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. خىيالىغا كىرگەن تەقدىردىمۇ نېمە بولسا بولسۇن، شۇ چاغدا كۆرەرمەن، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ گۈزەلنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۈستىگە يوتقاننى ياپتى.

گۈزەل نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك ئەندىكتى، لېكىن ھايال ئۆتمەي يەنە ئابلىمىتقا چاپلاشتى. ئۇنىڭ ئويغاقلىقىنى ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت تاتلىق تولغىنىپ، ئابلىمىتنىڭ بويىنىغا مەھكەم گىرە سېلىۋالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك شۇنچە خۇشال، شۇنچە خاراموش ئىدى.

ئابلىمىت شۇ كۈندىن كېيىن گۈزەلگە تۈزۈك كىرەك تىكىلىپمۇ قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۆز-ئۆزىدىن نومۇس قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ گۈزەلنى دائىم كۆرگۈسى، قۇچاقلاپ باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاشۇ كېچىدىكى يەڭگىلتەكلىكى سەۋەبىدىن گۈزەلنى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئىزدىيەلمىدى. گۈزەلنى ئىزدەپ بارغاندا بولسا نېمىشقىدۇر ساراسىمىگە چۈشۈپ، بىرىدىن قورققاندەك بولاتتى، دەيدىغان سۆزىنى تاپالماي ئوڭايسىزلىناتتى. ئۇ گۈزەلدىن ئەپۇ سوراشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئەمدى ئىش ئۆتۈپ كەتتى. قىلىدىغاننى قىلىپ بولدى. ئەپۇ سوراش بىلەن نېمە ئىش پۈتىدۇ؟

گۈزەل بولسا، تاڭ ئاتقاندا بولغان ئىشنى بىلىپ، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ ئابلىمىتنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ تىللاشنى، كۈچى يەتسە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلاپ كەتتى، بىراق ئۇ شۇنداق قىلىشنىمۇ ئۆتكەن ئىش ئارقىغا يانمايتتى. ئۇ بۇنى ئويلاپ ئۆزىنى باستى ۋە بوپتۇ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولغاندىكىن ئەپۇ قىلاي، دەپ ئويلاپ، ئۇ ئىشنى ئابلىمىتنىڭ يۈزىگە سالمىدى.

*　　*

ئابلىمىت كۆمۈرنى تۆكۈۋېتىپ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇشىغا بىرى باشلىقنىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئۇدۇللا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— ھە، ئابلىمىت كېلە، ئولتۇر، — دېدى باشلىق، — ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار، — ئۇ سۆزلىگەچ بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئابلىمىتنىڭ ئالدىغا قويدى.

— نېمە گەپ؟ — دېدى ئابلىمىت سەل تېڭىرقاپ.

— سەن توقۇمىچىلىق سېخىدىكى گۈلپىيەم ئىسىملىك بىر قىز بىلەن يۈرگەنمىدىڭ؟

— ھەئە، — ئابلىمىت بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇپمۇ قالغانمۇ؟ — باشلىق بەكمۇ سالماق ئىدى. سوئالنى سورىغۇچە تەلەپپۇزىدىن ياكى بولمىسا چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلىندۈرمىدى. ئابلىمىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ،

باشلىقتىن بىر ئاز رەنجىدى. باشلىق تۇرۇپ چوڭ سۆيەت يۈرمەي نېمە دەپ بۇ سۆزلەرنى دەپ يۈرىدۇ. نېمە دەپ باشقىلارنىڭ شەخسى تۇرمۇشىغا ئارىلىشىدۇ دەپ ئاچچىقلاندى. تېنىۋالاي دېسە ئۇققان بولسا ئوسال بولماي دەپ:

— سىلىگە بىرى شۇنداق دېدى-مۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن گۈلپىيەمنى توي قىلمايمەن دەپ تاشلىۋېتىپتىكەنسەن. ئۇ ئەرز قىلدى.

ئابلىمىت گۈزەلگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، گۈلپىيەمگە، بولدى سەن بىلەن توي قىلمايمەن، دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ باشلىققا ئەرز قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— كۆڭۈل دېگەننىڭ كەينىگە كىرىدىغان نەرسە ئەمەستى ئۇ كام، — دېدى باشلىق بېشىنى چايقاپ، — ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىل، ئەگەر يېنىۋالساڭ ئىش چاتاق، ئۇنىڭ قولىدا دوختۇرنىڭ ئىسپات قەغىزى بار ئىكەن، جازالىنىسەن.

بۇ گەپ ئابلىمىتنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. ئابلىمىت ھوش كاللىسىنى يوقىتىپ گاڭگىراپلا قالدى. ئەمدى ئۇ گۈزەلگە نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭغا قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ؟ مەن نېمە دەپ بۇ ئەخمەقلىقنى قىلغاندىمەن؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن...

ئۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ توي ھەققىدىكى گېپىگىمۇ قۇلاق سالمىدى، لېكىن بۇلار ئىش بولدى، توي ئۆتتى. تويدىن كېيىن ئابلىمىتنىڭ كۆڭلى گۈلپىيەمنى پەقەتلا كۆتۈرمىدى. كۈن بويى ھاراق ئىچىپ مەستلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. گۈزەل بىلەن كۆرۈشۈشتىن قېچىپ كۆمۈرگە چىقمىدى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشەتتى-دە، ھاراقنى ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ دۇنيانى ئۇنتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەست كېلىۋېتىپ بىرىگە پۇتلىشىپ كەتتى-دە، ئۆزىگە تېگىپ كەتكەن ئادەمنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. ھېلىقى ئادەممۇ بوش كەلمىدى، تىللاش مۇشتلاشقا ئايلاندى. ئابلىمىت تەڭشىلىپ قالغان بولغاچقا، ھە دېمەيلا تاياق يېدى، ئۇ ئاچچىقىغا چىدىماي ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر نەچچە يېرىگە پىچاق سېلىۋەتتى. ھېلىمۇ جان يېرىگە تەگمىگەن ئىكەن، ساق قالدى، لېكىن ئابلىمىت ئىككى يىللىق كېسىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېتىلدى.

گۈزەل ئىككى ئايغىچە ئابلىمىت بىلەن زادىلا كۆرۈشەلمىدى. ئابلىمىتنى كۆرمىگەنسېرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىلىك خىياللار پاراكەندە قىلاتتى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانمىدۇ ياكى ماشىنىسى بىلەن بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ... مەن ئۇنى چۈشەنمەي قالدىممۇ يا، ئەخلاقى ناچار، كۆڭۈل ئوغرىسى بولمىغىيدى، قارىسا خېلى ياۋاش، ئوڭلۇق يىگىتتەك قىلاتتى. كۆڭلىنى قاندۇرۇپلا تاشلىۋەتكەنمىدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن، ئابلىمىتنىڭ ئۇنداق بولمىغۇر يىگىت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇنى ئۇنداق يامان دەپ كۆڭلىدە ئەيىبلىگەنلىكىگە خاپا بولۇپ كەتتى. ئۇ ئابلىمىتنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ساق ياكى كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇققۇسى كېلىپ،

توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ كۆمۈرگە چىققان بىر ماشىنىسىنى توستى.

— سىز ئابلىمىتنى تونۇمسىز؟ — سورىدى گۈزەل شوپۇردىن.

— تونۇيمەن، گېپىڭىز بارمىدى؟

— ئۇ بۇ ياقلارغا چىقمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ؟

— ئابلىمىت توي قىلغاندى. ئايالى كۆڭلىگە ياقمىدى بولغاي، — دېدى شوپۇر يىگىت، — هاراقنى تولا ئىچىدىغان بولۇۋالغاندى. بىر قېتىم مەستلىكتە بىرىگە پىچاق سېلىپ قويۇپ، ئىككى يىللىق كېسىلىپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈزەلنىڭ بېشى پىررىدە قايدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەر - جاهان چۆرگىلىگەندەك بولدى. قۇلىقىغا گۇلدىغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، هوشىدىن كەتكىلى قىل قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كېلىدىن سۇدىن باشقا هېچنەرسە ئۆتمەيتتى. بىچارە ئانىسى قىزىنىڭ نېمە كېسەل بولغانلىقىنى بىلەلمەي قىزى بىلەن تەڭ تۇگىشىپ كېتىۋاتاتتى. گۈزەل ئاخىرى ئۆزىگە ئۆزى هاي بەردى. قىساس ئېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ساقىيىپ ماغدۇرۇمغا كېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى كېسىلىنىڭ ساقىيىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ئەسلىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغان چېغىدا ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

گۈزەل ئەسلىگە كېلىپ قىساس ئېلىش ئۈچۈن چارە - ئامال ئويلاۋاتقان مەزگىلىدە قورسىقىدىكى بوۋاق تۆت ئايلىق بولۇپ قالغانىدى. ئابلىمىتنىڭ بىرىگە پىچاق سېلىۋېتىپ ئىككى يىللىق كېسىلىپ كەتكىنى شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى، مەن ئەمدى كىمدىن قىساس ئالىمەن؟ ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىنى ساقلايمەنمۇ؟

گۈزەلنىڭ بۇرۇنقى هۆسنى - جامالىمۇ قالمىغان، باشقا بىر قىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلسۇن؟ تۇغسۇنمۇ، ئۆزى سۆيگەن ئادەمنىڭ بالىسى دەپ پەپىلەپ باقسۇنمۇ. ياق، تۇغۇشقا بولمايدۇ. ئەمىسە قانداق قىلسۇن؟ ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالدۇرۇۋەتسۇنمۇ؟! ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشمۇ تۇغقان بىلەن ئوخشاش. بەربىر كىشىلەر ئۇقۇپ بولىدۇ. ئائىلىسىنىڭ نامىنى بۇلغايدۇ. ئۆيدە يۈزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدۇ. ئەمىسە قانداق قىلسۇن؟ ئۆلۈۋالسۇنمۇ؟ توغرا، ئۇنىڭغا ئۆلۈپلا هەممە ئازابتىن، ئىزا - ئاهانەتتىن، دەردتىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ئۇ يەنە ياشاۋېرىشكە چىدىماي قالدى. مۇهەببەت، قورساقتىكى بوۋاق، يەنە... ئۇنى بەكمۇ ئازابلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ دورا ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن ئويلاپ ئاخىرى تۇنجى قېتىم ئابلىمىت بىلەن سۆيۈشكەن يەر — كۆۋرۈكتىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشنى توغرا تاپتى. بىر كېچىسى ئۆيدىكىلەرگە تۇيدۇرماي ئۆيدىن چىقتى. غۇر - غۇر تاغ شامىلى ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ، كۆزىنى توسۇۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ چاچلارنى قولى بىلەن قايرىۋېتىشكىمۇ خۇش ياقماي بېشىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن سىلكىپ قوياتتى.

كېچە جىمجىت ئىدى. پەقەت پاقىلارنىڭ تىنىمسىز كۇر كىراشلىرى بىلەن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىلا كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا قەدەم بىلەن كۆۋرۈك ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆزىگە تونۇش يەرگە كەلگەندە توختىدى. كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يوغان ـ يوغان قورام تاشلار ياتاتتى. ئۆزىنى تاشلىسىلا بىر مىنۇتقا قالماي جېنى چىقاتتى.

ئۇ كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا چىقتى. كۆۋرۈكتىن ئۆزىنى تاشلاش ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورقۇنچلۇق بىلىنمەيتتى. چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش بەرىبىر ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى. ئارقىدىنلا كۆزىنى ئېچىپ غۇۋا ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان پاكار ئۆيلەرگە، يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان تاغلارغا، ئاخىرىدا ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا، تولۇن ئايغا قاراپ ئۇھ دەۋەتتى. ئۇ ياشاشقا، ھاياتقا شۇنچە تەشنا ئىدى، بىراق...

ئۇ كۆزىنى قايتا يۇمۇپ سالاسۇندىن ئۆزىنى پەسكە تاشلىدى. لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈنكىن ئورنىدىن قوزغالمىدى. بىر نەرسە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغاندەك قىلاتتى. كۆزىنى ئېچىپ بىرىنىڭ ئۆزىگە ئېسىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئاھ خۇدا، ئۆز ئارامىدا ئۆلگىلىمۇ بولمىسا بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى زادى؟!

ـــ گۈزەل! بۇنداق قىلماڭ!

ـــ مېنى قويىۋېتىڭ!

ـــ ياق، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئىككىلەن توي قىلايلى، بالىنى مەن باقىمەن. ئۇ سىزنى ئالدىغان بولسا، مەن ئۇنداق قىلمايمەن...



گۈزەل ئاۋازىنى تونۇدى، بۇ ھېلىقى نەچچە ئايال ئېلىپ بالا يۈزى كۆرمىگەن رېمونت زاۋۇتىنىڭ ياش تېخنىكى ئىدى. تېخنىك گۈزەلنى سالاسۇندىن تارتىپ چۈشۈرۈپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. گۈزەل بېشىنى تېخنىكنىڭ كۆكسىگە قويۇپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

* *

ئىككى يىل توشۇپ، ئابلىمىت ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن چىقتى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە دەماللا كىر گۈسى كەلمىدى. تونۇشلار ئۇچراپ قالسا ئىزا تارتىمەن دەپ كۆڭلى كەچ قىلدى. ھەممە ياق جىمىغان ئەل ياتقۇ مەزگىلدە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ھوجرا ئۆيىنىڭ

يوروۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۆيدە كىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. ئۆي ئىچىدىن گۇدۇڭشۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ، بۇ كىمنىڭ ئاۋازىدۇر دەپ دېرىزە تۈۋىگە تېخىمۇ يېقىن كەلدى.

— قورسىقىڭدىكى قانچە ئايلىق بولدى؟ — سورىدى بىر ئەر.

— ئۈچ ئايلىق، — بۇ گۈلپىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئۇنتۇپ قالما، بۇ سېنىڭ بالاڭ.

— ئېرىڭنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. ئۇ سورىسا نېمە دەيسەن؟

— سېنىڭ بالاڭ دېمەمدىمەن.

— بىراق ئۇ تۈرمىدە تۇرسا، بۇ گېپىڭگە ئىشىنەمدۇ؟

— نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەك، بويۇمدا قالغاندا ئۇنى يوقلاپ بارغانتىم. ئۇ شۇ چاغدا كېۋەزلىكتە ئىشلەۋېتىپتىكەن. شۇ يەردىلا...

— ئىككى يىلغىچە يالغۇزلۇققا قانداق چىدىغانسەن، ئاجرىشىپ نېمىشقا باشقا ئەرگە تېگىۋالمىدىڭ؟ — ئۆي ئىچىدىن يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى.

— سارا ئىكەنسەن، مەن نەدە يالغۇز، سەن ھەمراھ بولدۇڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چىرايلىق ئۆيلەردىن كەچكىم كەلمىدى. مېنى باشقۇرىدىغان قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانام يوق. ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ، ئۇنى دېمىسەممۇ بۇ ئۆيىنى دەپ... — گۈلپىيەنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى.

ئابلىمىت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بېشى قېيىپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمايىل**

(بېشى 138 ـ بەتتە)

تىن ئېيتقاندا، «قەلب تارىخى» ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى ساھەلەردە بولۇپمۇ ئىسلام دىنىي ساھەسىدە پەيدا قىلىنغان كۈچلۈك زىلزىلە تۈپەيلىدىن سىياسىي جەھەتتىكى ھەر قېتىملىق شەپە ئۇنى بىئارام قىلغان. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ 1989 ـ يىلى خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن بىر سېنتمۇ مائاش ئالمىغان. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە مال باھاسى ئۇ چاغدىكى ئۆسۈپ كەتتى، ئەمما قەلەم ھەققى ھېچقانچە ئۆسمىدى. جىددىي ژۇرناللارنىڭ قەلەم ھەققى تۆۋەنلەپ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. جاڭ چېڭجى ھازىر ئاغرىپ قالسىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان. يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتسە كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق ئۆتۈشمۇ تەستەك بىلىنىۋېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، جاڭ چېڭجى ھەر قانداق ۋاقىتتا سىرتقى كۈچنىڭ بېسىمى بىلەن ئېتىقادى ۋە يېزىقچىلىق پىرىنسىپىدا قىلچە مۇرەسسە قىلمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ھەر ۋاقىت ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ماس كەلمەيدىغان سادا ياڭرىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «باشقىلار بىلەن نېمە كارىم! مەن باشقىلارنىڭ غايىسىنى قوغدىيالمايمەن، ئۆزۈمنىڭكىنى قوغداشقا كۈچۈم يېتىپ ئاشىدۇ.»

**غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

جاببار ئەمەت

# سەن زامان باتۇرى، سەن يېڭى پەرھاد

## يېڭى ئەۋلادقا

سۆرەلمە يىللاردا ياشاپ ئۆتتۇق بىز،
ئاي - كۈنلەر قەدرىسىز، يىللار قەدىرسىز.
كۆزلەردىن خامۇشلۇق ئۇيقۇسى كەتمەي،
دىللاردىن ھۇرۇنلۇق تۇيغۇسى كەتمەي،
ھارۋىغا قېتىلغان قاشاڭ كالىدەك،
تەمتىرەپ ماڭالماي قالغان بالىدەك؛
ئېغىر قەدەملەردە كاتاڭ يوللاردا
مېڭىپ كەلگەن ئىدۇق جىمجىت، بىر خىللا.
ئۆتتۈپ كەتتى كۈنلەر لاي سۇدەك ئېقىپ،
بەختىمىزنى كۈتۈپ، ئاسمانغا بېقىپ.

سىلەر ياشاۋاتقان بۇ قۇتلۇق يىللار،
يالقۇنلۇق مېھرى بار بۇ ئۇتلۇق يىللار،
ئوخشايدۇ گويا كى نۇرلۇق قۇياشقا،
مەزمۇنى يېڭىچە، پۈتۈنلەي باشقا.
تىنىمسىز ئۆركەشلەپ ئاققان ئېقىندەك،
شىددەتلىك گۈلدۈرلەپ چاققان چېقىندەك
قەدەملىرى چاققان، شۇنچە دىلرەبا،
سۈرئىتى گويا كى ئۇچقۇر راكېتا.

ئاڭلىغىن سۆزۈمنى، ئەي يېڭى ئەۋلاد،
سەن زامان باتۇرى، سەن يېڭى پەرھاد.
بۇ ئۇچقۇر دەۋرنىڭ پاراۋۇزىسەن،
كېلىچەك نىشانىنىڭ كۆرەر كۆزىسەن.
ئۆتمۈشكە بۇ گۈننى سېلىشتۇرۇپ باق،
بىز باسقان ئەگرى يول قالدى بەك ئۇزاق.
كۆز تىكىپ يولۇڭغا دەۋر ۋە مەزگىل،
كۈتمەكتە ئېچىشنى يېڭى بىر مەنزىل.
زاماننىڭ ئۈمىدى - تىلىكى سەندە،
ئەجدادنىڭ ئارزۇسى، ئىستىكى سەندە.
ياراتقىن ئۆزگىچە يېڭى بىر دەۋران،
خەلقىمنىڭ بەختىگە گۈزەل، پاراۋان.
ئېچىلدۇر رەڭمۇ رەڭ گۈل - چېچەكلەرنى،
ئاچ نۇرلۇق باھارغا كەڭ رۇجەكلەرنى.
جاپالىق ئەجرىڭدىن يىللار كۆكسىگە،
رەڭ بېرىپ ئۆزگىچە باھار ھۆسنىگە،
باشلاپ ماڭ خەلقىمنى يېڭى مەنزىلگە،
كەلتۈرۈپ جاھاننى راسا زىلزىلىگە.

## ھەيرانلىق

ھەيران قالماق ئۈچۈن مىنۇت كۇپايە،
ھەيران قالدۇرۇشقا كېرەك قانچە يىل.
ھەيران بولىۋېرىپ ئۆتسەڭ سىپايە،
ئادەملەر ئالدىدا بولمامسەن خىجىل؟

باشقىلار يول ئالدى پىلانىتىغا،
ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ خۇشال.
سەن بولساڭ تېخىچە قاراپ ساماغا،
ياقاڭنى ئۇشلايسەن بولۇپ ھەيران ـ لال.

قولۇڭدا تۇرۇپمۇ پەننىڭ ئاچقۇچى،
ئاچمىساڭ ئىشىكنى ئېچىپ بېرەر كىم؟
ئىجاد، ئىختىرادا بىلىمنىڭ كۈچى،
بىلگەننى ئىشلەتكەن بولىدۇ ھاكىم.

ھەيران قالدۇرغۇدەك نۇتۇق سۆزلەشتىن
ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىش قىلىش ئەلا.
ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، كۈچەپ ئىشلەشتىن
يېشىلەر ھەر قانداق قىيىن مۇئەممما.

پەن ـ بىلىم ياشناتار ۋەتەن، مىللەتنى،
ئىلىمسىز مىللەتنىڭ بېشىمۇ تۆۋەن.
ئەگەر يۇياي دېسەڭ كونا ئىللەتنى،
ئىلىم دېڭىزىغا چۆككىن سەن تىرەن.

## ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال

«ئەل مېنى قاچان تاپار،
مەن ئۆزۈمنى تاپمىسام تېخى؟»①
بولۇپ ھەمىشە خامۇش،
ئۆزلۈكۈمنى ئۇنتۇسام تېخى.
كۇكۇلامدىن تۇتۇپ،
تەڭلەشتۈرسە سۇۋادان تېرەككە،
پۇتۇم يەرگە تەگمەي،
مەن ئېگىز دەپ ماختانسام تېخى.
ئەينەككە قاراپ،
ئۆز ـ ئۆزۈمنى مازاق قىلغان ئېيىقتەك،
باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىسام تېخى،
دۇنيادا ياشاش ماڭا نە ھاجەت،
يا ئەجدادىمنى،
يا ئۆزۈمنى بىلمىسەم تېخى.

## ئالتۇن ۋە ئەخلەت

تېگىشىپ بولمايدۇ
بىر تونىنا ئەخلەتكە مىسقال ئالتۇننى.
ئەگەر سەن تاپماقچى بولساڭ ئالتۇننى،
كۈتۈپ ئولتۇرمىغىن ھەرگىز كەلگۈننى،
تاغلارنى پارتىلىتىپ، تاسقىغىن قۇمنى،
ئەخلەت تېپىلىدۇ ھەممىلا يەردىن،
ئىزدەشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ ئۇنى.
ئالتۇن ـــ جاپالىق ئەمگەك مېۋىسى،
شۇڭلاشقا قەدىرلىك ھەر بىر زەررىسى.
نەرسىلەر ئۆلچىمى ۋەزنىدە ئەمەس،
بىلىنەر ھەقىقىي قىممىتىدە، بەس.

## كۆڭلۈم

ئۇستىنى قار باسقان ئاق چاچلىق تاغنىڭ
مەرمەر گەۋدىسىگە سىرداشتۇر كۆڭلۈم.
باھار يامغۇرىدا يۇيۇنغان باغنىڭ
سۇمبۇل چاچلىرىغا چىرماشتۇر كۆڭلۈم.
بوۋىلار ئۆستۈرگەن كەڭ چىمەنزارنىڭ
خۇش پۇراق ھىدىغا يولداشتۇر كۆڭلۈم.
ئىشىكىم ئالدىدىكى قېرى چىنارنىڭ
يېشىل قامىتىگە قۇرداشتۇر كۆڭلۈم.
ھەر سەھەر سايرىغان ئاشىق بۇلبۇلنىڭ
مۇڭلۇق ئاۋازىغا مۇڭداشتۇر كۆڭلۈم.
تاڭ ساباسىدا ئېچىلغان گۈلنىڭ
ئوتقاشتەك ھۆسنىگە رەڭداشتۇر كۆڭلۈم.

شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا ھەممە مۇجەسسەم،
خۇشاللىق، ھاياجان، شادلىق، قايغۇ ـ غەم.

① بۇ مىسرا ئەلشىر ناۋائىنىڭ.

### ھەر كۈن

ئۆرۈلسە كاللىندارنىڭ ۋارىقى ھەر كۈن،
باشلىنار ھاياتتا يېڭى بىر مەزمۇن.
يالقۇنجاپ چىرىغى ئۈمىدلىرىمىزنىڭ،
يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك چاقناپ كېتەر تۈن.

ھەر بىر كۈن روھىمدا بىر يېڭى غەليان
كۆتۈرەر بىر گۈزەل پەرىزاتسىمان.
ھەركىتى تېزلىشەر تومۇرلىرىمىزنىڭ
بەرگەندەك بىمارغا گويا يېڭى قان.

ئۇندا بار دولقۇنى دېڭىز ـ ئوكيانىنىڭ،
ئۇندا بار جىلۋىسى زېمىن ـ ئاسماننىڭ.
قۇيۇلار قەلبىمگە نۇرى دەريادەك،
جۇش ئۇرۇپ ئارزۇسى يېڭى دەۋراننىڭ.

يىل ئۆتسە كۆپىيەر چاچلىرىمدا ئاق،
لېكىن قەلبىم تۇرار ئاۋۋالقىدەك ساق.
قوشۇلار ئۆمرۈمنىڭ ئالتۇن بېتىگە
ئۇتۇقلار بابىدىن يېڭى بىر ۋاراق.

### سوراپ قالسا

ئەگەر سوراپ قالسا ئاناڭ سېنىڭدىن
مەن بەرگەن ئاق سۈتنى ئاقلىدىڭمۇ؟ دەپ.
خەلق ئارزۇسىنى قىلىپ تارازا،
ۋىجدانىڭنى تازا ساقلىدىڭمۇ؟ دەپ.

ئەگەر سوراپ قالسا ۋەتەن سېنىڭدىن
قىلدىڭمۇ يىگىتلىك بۇرچۇڭنى ئادا؟
ئۆمرۈڭنى بېغىشلاپ خەلق ئىشىغا،
بوۋاڭ ئارزۇسىغا بولدۇڭمۇ ھەمدا؟

ئاھ، شۇنداق سوئاللار كەلسە ئالدىڭغا،
بېرۇرسەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب؟
ئويلاپ باق، ئاخىرى، يېزىلار قانداق
ئۆمۈر دەپتىرىڭگە گۇناھ ۋە ساۋاب؟

*          *

ۋەدە دېگەن ۋەدە ھەر قاچان،
ئەمەلىيەت بۇ باشقا بىر گەپ.
بولالمايدۇ قارا قۇلۇلە
قانچە قىلغان بىلەن ئاق سەدەپ.
سۆزى باشقا، دىلى ئەگرىلەر
بېرەلەمدۇ ئادەملەرگە نەپ؟

*          *

ھېسسىياتىم
دېڭىز ئەمەس، بەلكى تامچىدۇر.
ئارزۇلىرىم
ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر ئارغامچىدۇر.
تىلىكىم ۋە نىشانەم مېنى
ئالغا ھەيدەيدىغان پولات قامچىدۇر.

ھوشۇر ئىبراھىم

## رۇخسارىمدا خىيال ئىزناسى

### ئۈمىد ئوقى

خىياللارنىڭ ئۇۋىسى بار مېڭىدە،
مېڭىمىزنى خىيال يېپى ئورايدۇ.
ئۇ چۇقۇرلۇقى گويا نۇردىن قېلىشماس،
ئادەم ئۆزى تىزگىننى بۇرايدۇ؛

خىياللارغا ئالدانسا گەر ئادەملەر
ئۆمۈر قۇشى يىگىلەيدۇ، خورايدۇ.
خىيال سۈرمەس ئادەملەر دەل ئۆلۈكتۇر،
خىيال يېپى ئارزۇلارغا ئۇلانغان.

قۇرۇق خىيال نابۇت قىلسا ئادەمنى
ئۈمىدلەرنىڭ باغرى ئۇندا داغلانغان؛
ئىرادىنى شۇ تا قىلسا ئەگەر كىم
خىياللىرى زەپەر بىلەن باغلانغان.

مەن خىياللار تۇلپارىغا مىنگەشىپ،
قىقنۇستەك قىچقىرىمەن، ئۆرلەيمەن.
زەپەر مېنىڭ خىيالىمغا تۇ گۈنچەك،
داۋانلاردىن ھالقىشنىلا ئويلايمەن؛
ئىرادەمنىڭ ۋاخىنىسى مۇستەھكەم
مۇشكۈللەرنىڭ تۇلكىسىنى قوغلايمەن.

خوراتمايدۇ خىياللارنىڭ دەرياسى
چۈنكى، خىيال ھايات بىلەن چىتىشلىق.
قۇرۇق خىيال دۈۋىسىدىن يىراقمەن،
خىيال مەپەم تۇلپارلارغا قېتىقلىق؛
ئۈمىد ئوقى ئىجادىمغا جان بېرىپ،
ئىرادەمنىڭ مىلتىقىغا بېسىقلىق.

## دولقۇنلانغان نەپەسلەر

سۆزۈك ئايدىڭ،
ئەجەب جىمجىت كۆل بويى
دىلنى قۇچار شوخ ناخشىلار ئۈچكەندەك.
ئەجەب تەكشى، ئەجەب تىنىق كۆل سۈيى
زۇمرەت بۇلۇت كۆكتىن كۆچۈپ چۈشكەندەك.

يېنىك يەلدىن شىۋىرلايدۇ يوپۇرماق،
مەجنۇنتاللار چاچ سىلكىشىپ ئوينايدۇ.
شۇنچە لەرزان، شۇنچە يەڭگىل قەدەملەر
تەكشى رىتىم ئىچرە كۆلنى بويلايدۇ.

مەي جامىنىڭ گىرۋىكىدەك قىرغاقتىن
سۇ تەكتىدە قوشماقلارنىڭ سىماسى.
ئوتلۇق دەملەر گويا ئوققا ئوخشايدۇ،
لەۋلەر ئارا ئاي نۇرىنىڭ جۇلاسى.

قوش يۈرەك كىلەر يېلىنجىغان يانغىن ـ دە!
پاك روھنى ھەم پاك سۆيگۈنى تاۋلايدۇ.
چىن ئەقىدە، ئېتىقادنىڭ رىشتىسى،
يۈرەك كىلەرنى يۈرەك كىلەرگە چىرمايدۇ.

ئاھ، ھاياجان دولقۇنلانغان نەپەسلەر
دىلغا پاتماس قىيانلارنىڭ قاينىمى.
كۆل بويىدا قاناتلانغان ھەۋەسلەر
چاپچىپ تۇرغان گۈزەل ياشلىق بايرىمى.

## يۇلتۇزلارمۇ قوندى كىرپىككە

چېچىلدى بەت، چېچىلدى مىسرا
ئانا يەرگە چۈشكەن ئۇرۇقتەك.
بىخ سۇرۇشتى، بوي تارتتى كۆككە
سەپ ئالدىدا ماڭغان تورۇقتەك.

يۇلتۇزلارمۇ قوندى كىرپىككە،
ئاي شولىسى رۇخسارىدا جەم.
قۇياش تەپكەن ماڭلىيىدا قۇت،
ئەلنىڭ قەلبى ئۇندا مۇجەسسەم.

پەرۋىش تاپقاچ ئاچتى مول چېچەك،
مېۋىلىرى تاڭدىكى زۇھەل.
دىلنى مەپتۇن ئەيلىدى تەمى،
ھەر يۈرەكتە ئارزۇ بولدى ھەل.

تۇپراق ئىسىل، خەلقىمىز ئىشچان،
شۇڭا روناق تاپتى شېئىرىيەت.
ئەجدادلاردىن قالدى بىزلەرگە
شېئىر يېزىش بولۇپ ئىرسىيەت.

## غەزەللەر

### 1

جېنىم ئانا، سەن دەرەخ مەن بىر يۇمران ياپراقمەن،
سەن كەڭ زېمىن ھوسۇللۇق، ئالىقانچىلىك تۇپراقمەن.
ئەزىم دەريا سەن ئۆزۈڭ مېھرىڭ قاينام ئۆركىشى،
بۇژغۇنىڭدىن ياشارغان مەن ياپيېشىل قىرغاقمەن.
سەن قۇياشسەن دىللارنى نۇرى بىلەن يورۇتقان،
مەن ئالدىڭدا ناتىۋان خىرە يانغان چىراغمەن.
سەن قىزىلگۈل باغدىكى جېمى گۈللەر سەرخىلى،
ئىلاھ بولاي، شاھ بولاي ئالدىڭدا ئوت ـ قىياقمەن.
ئالتۇن جامسەن ئەزىزىم ئەتىۋالىق، قىممەتلىك،
مەن خۇمداندا پىشمىغان ئاددىي ساپال تاۋاقمەن.
سەن مۆتىۋەر سۇلتانىم، بەختىم، قىبلەم، يۆلەنچىم،
تاھارىتىڭ سۈيىچۈن ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقمەن.
ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، تېنىڭ ساق بولسۇن ئانا بەختىمگە،
جايىنامازدا دۇئاغا قول كۆتەرگەن بوۋاقمەن.

### 2

سەن ئۇلۇغ ئادەم بىراق، ئالداشنى ئادەت ئەيلىمە،
ئاي تۇرۇپ ئالدىڭدا ئاي يانداشنى ئادەت ئەيلىمە.
ۋەدىگە قىلماق ۋاپا ئادەمگە خاس خىسلەت پەقەت،
دىلنى يالغان تىل بىلەن بۇلغاشنى ئادەت ئەيلىمە.
گۈل نېمە، گۈلدىن گۈزەل سۆيگەن نىگارنى تەرك ئېتىپ،
گۈل سۈپەت ئازغان ـ تىكەن تاللاشنى ئادەت ئەيلىمە.
ئازغۇسى ئادەم دېگەن، شەيتان كىشىنى ئازدۇرار،
راستنى يالغان سۆز بىلەن بابلاشنى ئادەت ئەيلىمە.
ئادىمى بىر كەلدىمۇ، قايتا تۆرەلمەك يوق پەقەت،
بىر ئۆمۈر يالغاندا جان ساقلاشنى ئادەت ئەيلىمە.

### 3

يېنىپ تۇرغان چوغمىسەن مېھرىڭ ئىللىق نۇرانە
پەرىلەرگە تۇغمىسەن ئاجايىپ ئۈز يېگانە.
چېھرىڭدە نۇر، لېۋىڭدە جىنە ستىنىڭ ئەندىزى،

كۆزلۈك چاقنار قۇياشتەك مەن ئىنتىزار پەرۋانە.
ئىشقىڭدا تەن كاۋاپتۇر تونۇر دىمەن ـ ئوتتىمەن،
بو سۇ غاڭدىن كېتەلمەي بولۇپ قالدىم دىۋانە.
ۋىسال قۇشۇم ئەگىيدۇ ئۆگزەڭدىكى پەغەزنى،
پەرۋازىم يوق ئۆز گىگە، سەن قەلبىمدە يىگانە.
ئەگىيمەنۇ ئەگىيمەن مەھەللەڭدىن كېتەلمەي،
مەي ئوتلىماي، ئىشقىڭدا بولۇپ قالدىم مەستانە.
ۋىسالىڭغا تەشنامەن كۆرۈنگىنسەن ئاي بولۇپ،
بولۇپ قالاي ئۆمۈرلۈك ساڭا مۇشتاق دىلخانە.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

## ئۇستازلىرىمغا

سوۋغا قىلاي تاڭنى سىلەرگە،
بېشىڭلارغا تۆكسۇن قۇياش نۇر.
يەلپۈپ ئۆتسۇن سالقىن شاماللار،
توزۇپ كەتسۇن چېكەڭلەردىن بور.

سوۋغا قىلاي يۇلتۇزلارنى ھەم
پىراقىڭلار تۇتسا تۈنلەردە.
تاراپ قويسۇن چېچىڭلارنى ئاي،
قەلەم تۇتقان ھارغىن دەملەردە.

سوۋغا قىلاي يېشىل كۆكلەمنى،
قونۇپ كەتسۇن كۆكسىڭلەرگە گۈل.
ئاق كۆڭۈلدەك سۈزۈك دەريالار
سېلىپ ئاقسۇن ئۆمرىڭلەرگە يول.

سوۋغا قىلاي قۇشلار كۈيىنى
ياز تاڭلىرى باغلار بىلەن تەڭ.
ئەجرىڭلەرگە تۆكسۇن قەسىدە،
(قۇشلار ساددا، پەيلىدە يوق رەڭ.)

سوۋغا قىلاي تاغنى سىلەرگە،
بەرسۇن مەڭگۈ پۈكۈلمەس قامەت.
چوققىلاردا يانتقان ئاپئاق قار
سىلەرنىڭلا قەلبىڭلار پەقەت.

غالىبلىقىم سىلەرگە مەنسۇپ،
چۈشلىرىمگە سىلەر ھۆكۈمران.
شۆھرىتىمنىڭ ئانىسى سىلەر،
ئۇستازلىرىم مەڭگۈ قەدىردان.

پەرھات جامال

## قاناتسىز بولسامۇ ئاسماننى قۇچتۇم

### كىمدىن ئۆتتى سەۋەنلىك بولۇپ قالسۇن تېپىشماق

ئاسان ئەمەس قوشۇلماق، ئايرىلماقمۇ تەس ئەمەس،
تۇخۇم باسقان ئۇۋىنى تاشلاپ چىققان قۇش سىياق.
ئەمما دىلدا مۇڭ قالار، قەلبلەردە جاراھەت،

ئايلار ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ ئۇنتۇلىدۇ دەرد ـ پىراق.

ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈ كىلەر سويلاپ چىقار قوللاردىن،
قاقشال شاخقا ئايلىنار نۇر تاراتقان بارماقلار.
شېرىن ئاچچىق ئەسلىمە تېرىۋېلىپ يوللاردىن،
بىزگە يەمچۈك تاشلايدۇ ھېسلار تۇغۇپ قارماقلار.

پىنھانغىنا ئۆي ئىچرە ۋاراقلايمىز ئالبۇمنى،
دۆۋە ـ دۆۋە كۆللەرگە ئايلىنىدۇ كەچمىشلەر.
چەكسىز كەتكەن بىر بوشلۇق يۇتۇپ بارار قەلبىڭنى،
سىڭىپ كېتەر تۇپراققا كۆزدىن ئاققان چەشمىلەر.

بۇ ئايرىلىش ئېپ كېلەر بەلكىم ماڭا جۇدالىق،
شۇۋاق باسقان جەزىرە بولۇپ قالار روھنات.
ئەمما قەلبىم شۇندىمۇ پەيلىرى بار جۇلالىق
بوز تورغايغا ئايلىنىپ سايراپ بۇزار سۇكۇنات.

گۇگۇم كېلەر ئاستىلاپ، خەۋەر يوقتۇر قەمەردىن،
يورۇ تالماس ئۆتمۇشنى مەيلى ياقاي مىڭ چىراغ.
موھتاج ئەمەس ئىزاھقا بۇ ھاياتلىق ئەزەلدىن،
كىمدىن ئۆتتى سەۋەنلىك بولۇپ قالسۇن تېپىشماق.

### قانات

بەلكىم يار المىشتا تەنھا يارالغاچ،
ھايات يەكلەپ تۇرار بىزنىمۇ پات ـ پات.
بەلكىم، قەلبىمىزمۇ كەگرى بولمىغاچ،
ئىگەم بىلىپ شۇڭا بەرمىگەن قانات.

نېمە دەي دۇنيانىڭ ئىشلىرى چاغلىق،
بەربىر كائىنات زەررىسى ئۆزۈم.
يۈرەك كاللىندارىدا كۈنلەر ساناقلىق،
باسقان ھەر قەدىمىمگە تىكىلگەن كۆزۈم.

شۇ كىرىكىم زېمىندا ھېلىھەم يۇتۇم،
ھايات يەكلىسىمۇ ئۇ قىلدى شەپقەت.
مىڭبىر كېچىلەردە مىڭبىر تۇغۇلدۇم،
ئويغاق كىرپىكلەرنى تۈنلەرگە مىلەپ.

قاناتسىز بولسامۇ ئاسماننى قۇچتۇم،
قانىتىم ئاسمىنىم بولدى مۇھەببەت.

### ئىز

بو سۇغا مىنىڭ ئالدىدا رەتسىز
كېچە ياغقان قارنىڭ ئۈستىدە
چۇشۇپ قاپتۇ قەدەم ئىزلىرى.
قانداق كەلگەن، قانداق كەتتى ئۇ
نېمىلەرگە باغلاپ ھېسسىنى؟
بەلكىم كەلگەن دوستلىرىم چىللاپ،
كېچىدىكى ئىچىشۋازلىقتا،
غىڭشىغانچە سۈرۈپ خۇش كەيپ.
لېكىن كېلىپ ئىشىك ئالدىغا،
چۈشلىرىمنى بۇزماسلىق ئۈچۈن،

### كېتىپ قالغان

ئۆز ـ ئۆزىگە قويغانچە ئەيىب.
بەلكىم كەلگەن رەقىبىم مېنىڭ،
قوللىرىدا يالتىراپ شەمشەر.
لەۋلىرىمدە كۆرۈپ تەبەسسۇم،
كۆتۈرەلمەي قولىنى مەزمۇت،
كېتىپ قالغان كەينىگە بەدەر...
مەيلى كىم ئۇ، دوستمۇ ـ رەقىبمۇ؟
قۇش ئەمەس تۇر بەربىر ئىنسان.
قانداق كەلسۇن، قانداق كەتمىسۇن
مەۋجۇتلۇقۇم شۇنىڭدىن ئايان.
بوسۇغامغا قەدەم بېسىلغان،
ھايات دېگەن شۇدۇر ئېھتىمال؟

### ماۋزۇسىز

ئۆز قەلبىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ،
بىلەلمىگەن بىتەلەي قىز چاق.
شاماللارغا ئەگىشىپ يۈرگەن،
يامغۇرى يوق قۇرغاق بۇلۇتسەن.
چوققىلاردىن ھالقىيسەن ئاخىر،
بۇلۇتلۇقۇڭنى بىر كۈن ئۇنتۇيسەن.
يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىسەن،
ساڭا نېسىپ بولماي مۇھەببەت.
ھېچ گەپ ئەمەس.
قالسىلا بولدى،
دىل قېتىڭدا بىر قەترە نەپرەت.
ھايات تونار ئىككى نەرسىنى:
بىرى نەپرەت، بىرى مۇھەببەت.

مۇتەللىپ خۇرسەندى

## ئەتكىن

خۇدا ھېكمەت غارىغا بىر مېنى تەنھا چىراغ ئەتكىن،
نە چىراغ، يەتتە ئىقلىمنى يورۇتقان كۈن سىياق ئەتكىن.
بىتىمگە يات شامالارغا چاۋاك چالغان دەرەخ بولماق،
سۇناي سۇنسام، بوۋايلارنى يۆلەپ ماڭغان تاياق ئەتكىن.
ئىمانىمنى تالاش قەستى بىلەن كەلسە شاياتۇنلار،
ئىرۇر يەڭمە كىلىكىم پەرىز، غۇرۇرۇمنى ياراغ ئەتكىن.
سۇسىز قالغان مۇساپىرلار ئۇچۇن چۆللەر ئۆلۈم بولمىش،
تىتىپ كۆكسۈم سۇزۈك شەربەت ئېقىپ تۇرغان بۇلاق ئەتكىن.
پىسەنتىڭدىن جاھان كۆر كى يىراق بولسا قاچانكىم بىر،
سىزاي مەپتۇنلىقىڭ قوزغاپ، قاراقىمنى بوياق ئەتكىن.
توزان باسسا مايا كلارنى قىياغا سال سوقۇلماق بار،
سۈپۈرمەككە ئۆزۈم ھازىر، يۇلۇپ ساچىم شۇۋاق ئەتكىن.
مېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇم ئەللەر تىلىدا شان تاپار بەرھەق،
نېمە قىل مەيلى، بىر شەرتىم نادانلاردىن يىراق ئەتكىن.

ئىسمايىل تۆمۈرى

## تارىخىي رومان — «ئويغانغان زېمىن» توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن باشلىنىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر خۇددى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بەزى ژانىرلار گويا كى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكتەك ئىزچىل راۋاجلانغان بولسا، بەزى ژانىرلار مىسالى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا گاھى - گاھىدا غىل - پاللا كۆزگە چېلىقىپ كەلدى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا شېئىرىيەت غوللىنىيە بولۇپ كەلگەن. نەسىرچىلىك، پروزىچىلىق، جۈملىدىن رومانچىلىق بىزنىڭ تەشنالىقىمىزنى قاندۇرالماي كەلگەنىدى.

ھالبۇكى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيان، خۇددى كەمبەغەل ھېيتتا گۆشكە تويۇنغىنىدەك، كىتابخانلىرىمىز رومان ژانىرىدىن ئوبدانلا بەھىر ئالدى. بۇنىڭدا لەززەتلىكرەك بولغىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانى بولسا كېرەك.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاپتور شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ماھىيەتلىك ۋەقەلەرنى دەۋر، تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى، جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى تراگېدىيىنى قۇمۇلدىن باشلانغان خەلق قوزغىلىڭىنى غول لىنىيە قىلغان ئاساستا بىر قەدەر ئىخچام يورۇتۇپ بېرەلىگەن. بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تولۇق ئازادلىققا چىققانلىقىنى، ھۆرلۈك، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى بېشارەت بىلەن تونۇتۇش — مانا بۇ تارىخىي رومان — «ئويغانغان زېمىن» ھاسىل قىلغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھەم بەدىئىي قىممەت.

يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى، مۇرەككەپ تاشقى ۋە ئىچكى ۋەزىيەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزم، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم بويىچە تەھلىل قىلىپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئىككى مىڭ يىللىق فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، يىگىرمىنچى ئەسىرگە خاس ئازادلىق، تەرەققىياتقا يۈزلىنىش

ئالدىدا تۇرغان بىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭنىڭ 30 ـ يىللار تارىخىدىن رەڭدار تارىخىي كارتىنا سىزىپ چىقىش، شۇنىڭدەك ئۆز تارىخىنى يازما ھالەتتە يېزىپ قالدۇرۇشقا سەل قاراپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بىر بەدىئىي تارىخ يارىتىش ــ «ئويغانغان زېمىن» نىڭ يەنە بىر بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىپ كەتكىنىمىزدەك، تارىخىي رومانچىلىق بىزدە 80 ـ يىللاردا بوسۇغا ئاتلىغان بولغاچقا، تارىخىي تونۇش، تارىخىي جەمئىيەت، تارىخقا نىسبەتەن قانداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىش، بەدىئىي تارىخنى قانداق يارىتىش، تارىخىي مەسىلىلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش، تارىخنى بۈگۈن ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر تارىخىي رومانچىلىققا قەلەم تەۋرەتكۈچى يازغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئىجادىيەت مۇشكۈلچىلىكى ئىدى. «ئويغانغان زېمىن» بۇ جەھەتتىمۇ بىزگە نەمۇنىلىك ئەسەر بولۇپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئېچىنىشلىق بىر تارىخ، تراگېدىيىلىك ۋەقەلەر كۆپ كۆرۈلگەن بىر دەۋر. بۇ دەۋر ھەر خىل زور ۋەقەلەرگە تويۇنغان بولۇپ، ھەر خىل مۇرەككەپ زىددىيەتلەر زاھىر بولغان، ھەر رەڭ، ھەر شەكىلدىكى تارىخىي شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل غەرەزلىرىگە كەڭرى ئىمكانىيەت. شارائىت ۋە زېمىن ھازىرلىغان دەۋر. شىنجاڭنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۈملىدىن خەلقنىڭ ھال ـ كۈنى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. بۇ دەۋردە زۇلۇم ئىزچىل داۋاملاشقان. شۇڭا زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان. شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىلا ئېلىپ ئېيتساق، تورپاقلار يېغىلىقى، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى، ئەمەت قوزغىلىڭى، لىگاڭلار يېغىلىقى، خوجىنىياز قوزغىلاڭلىرى بولۇپ ئۆتكەن. ۋەھالەنكى 30 ـ يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى دەۋرگە خاس بەزى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولغان ھالدا راۋاجلانغان بولسىمۇ، نىھايەت ئاخىرى يەنىلا تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتى.

شىنجاڭ رايونى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدىكى تارىخىي سورۇقچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، بوستانلىق رايونلاردا جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشى، دىنىي ئىختىلاپلارنىڭ پات ـ پاتلا يۈز بېرىشى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تالان ـ تاراجلىرىدىن ئامان بولالماسلىقى، چەت ـ چېگرىغا جايلاشقانلىقى، سىياسىي بىشەملەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى قاتارلىق تارىخىي، ئىجتىمائىي، دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ھالسىراپ، يىلىكى ئۈزۈلگەندى. مانا بۇلار 30 ـ يىللاردىكى تراگېدىيىلەرنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى ئىدى.

ئەنە شۇنداق ئەھۋالدىكى شىنجاڭ زېمىنىدا 30 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سىياسىي زۇلۇم ـ ئېكسپۇلاتاتسىيە، تەڭسىزلىك كۈچىيىپ، پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە، خەلق قوزغىلىپ، زېمىن ئويغىنىپ، ئىستىبداتلىققا، زۇلۇمغا قارشى خەلق كۈرەشلىرى

مەيدانغا كەلگەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانى ئەنە شۇ 30 - يىللاردىكى مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەبىت مىللىتارىستلار زۇلمىغا قارشى تەڭلىك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىگە باغلانغان.

20 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن جۇڭگو زېمىنىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 2 مىڭ يىللىق فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا خاتىمە بېرىلدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا جۇڭگو زېمىنى مىللىتارىستلارنىڭ دائىرە بۆلۈشۈۋېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. مەملىكەت بويىچە شىمالىي مىللىتارىستلارغا قارشى ھەيۋەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە 1928 - يىلى يازدا بېيجىڭ مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلدى. بىراق ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىنى جياڭ جېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭچىلار قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇردى. چوڭ - چوڭ مىللىتارىستلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك مۇستەقىل كىنەز بولۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ياڭ زېڭشىنمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىش يولى بىلەن ئۆز ھۆكۈمىتىنى يەنە ساقلاپ قالماقچى بولدى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى تەركىبىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ تەركىبكە كىرەلمىگەن پەن ياۋنەنچىلەر ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى نەتىجىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى.

جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ، ئالدى بىلەن ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان قۇمۇل دىيارىنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى دېگەن قۇرۇق مەنسەپ بىلەن نەزەربەند قىلىپ قويدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ۋە چېرىكلەرنى قۇمۇلدا كۆپلەپ تۇرغۇزۇش نىيىتىدە قۇمۇلدىكى تارخان جاساقلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلەرنى موغا ئالدى. تارخان جاساقلىق تۈزۈمى بويىچە، قۇمۇل دىيارىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋاڭ - بەگلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇلارغا ھەقسىز تېرىپ بېرەتتى. بۇ يەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە ئېلىنمىغاچقا، ۋاڭ - بەگلەر ھۆكۈمەتكە غەللە - پاراق تۆلىمەيتتى. ئاز ساندىكى باشقا مىللەت دېھقانلىرى تۆلىگەن غەللە - پاراق ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قۇمۇلدىكى ھەربىي قوشۇننى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. بۇ قوشۇننى بېقىشقا تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي مالىيىسىدە كۆرۈلگەن قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ خەزىنىسىدىن پايدىلانماقچى ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبلەر بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ سىياسەت بويىچە يەرنى كىم تېرىسا، شۇ كىشى ھۆكۈمەتكە مەلۇم ساندا پۇل تۆلەپ يەر خېتى ئېلىشى، يەرگە ئىگە بولغان كىشى ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە تېگىشلىك يەر

بېجى تۆلىسىلا، بۇ يەرنىڭ ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولۇپ قېلىشى لازىم ئىدى. بۇ، كۆپچىلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى بولغاچقا، بۇ سىياسەت ئۇلارنىڭ ھىمايىسگە ئېرىشكەنىدى. بىراق بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلار ھەدېگەندىلا مۇنبەت يەرلەرنى پارا ھېسابىغا خەنزۇ سودىگەرلىرى بىلەن گۆرۆكەش ۋە ھاي خۇرجالارغا ئەرزان باھادا مولاپ بەردى؛ جىن شۇرېننىڭ يۇرتىدىن كۆچۈرۈپ چىققان تەخمىنەن يۈز ئۆيلۈك كۆچمەنگە ئەڭ ياخشى يەرلەرنى بېرىپ، ئىككى يىللىق باجنى كەچۈرۈم قىلدى. تاللىنىپ قالغان يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قىممەت باھادا مولاپ بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ باج تاپشۇرۇشقا قىستىدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. دەسلەپتە بۇ سىياسەتتىن خۇش بولغان خەلق ئەمدى ئۇنى ئۆز بېشىغا كەلگەن بىر بالا ـ قازا دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى ①.

جىن شۇرېن دائىرىلىرى ئېلىپ بارغان يەرنى موغا ئېلىش ھەرىكىتى ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا مىللىي زىددىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ھەقتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مۇنۇ بايانىنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن: «گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ‹ نەسىلداش ئۇرۇق › دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپۇلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى... بۇ ـــ چوڭ خەنزۇچىلىقتا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياسەت» ②.

ئۇنىڭدىن باشقا چېرىكلەرنىڭ قومۇل خەلقىنى ھەددىدىن زىيادە بوزەك قىلىشلىرى، چېرىك باشلىقلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئۆيلىنىش زورلۇقلىرى، تۇز كانلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىشى، بىھۇدە قان تۆكۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىرى، تاغلىقلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈككە ئىشلىتىدىغان ئاشلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشلىرى ئاخىرى قومۇل خەلقىنى قولىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان.

تارىخىي رومانچىلىقتا تارىخ چىنلىقىغا ئەمەل قىلىش، تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاپتور 30 - يىللارنىڭ بېشىدا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، دەل يۇقىرىقى نۇقتىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تارىخنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلىگەن. بۇنىڭ بىرى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي زۇلۇمى ۋە ئېكسپۇلاتاتسىيىسى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مىللىي زىددىيەت

---

① بۇ بايانلار «ئۇيغانغان زېمىن» 1 ـ كىتاب 134 ـ 135 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى

② «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم. ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 1860 ـ 1861 ـ بەتلەر

مەسىلىسى، يەنە بىرى «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك، شامەخسۇت ئۆز ھاكىمىيىتىگە خەلق تەرىپىدىن تەھدىت يەتكەندە ئوردا بەگلىرى بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت چېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، پۇقرالارغا ئوق ئاتقان بولسا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ۋاڭلىق ئوردىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقاندا، بۇ بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ خەلق بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت چېرىكلىرىگە قارشى تۇرغانلىقىدۇر. مەنپەئەت مەسىلىسى گۇرۇھ، شەخسلەرنى ھەر خىل قىسمەتكە دۇچار قىلىدۇ. بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزىگە خاس مەنتىقىسى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ تارىخىي رومانچىلىقتا كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىگە تەئەللۇق بولغان بۇنداق نۇقتىلارنى ئەينەن تەسۋىرلەش شوئارچىلىق، مېتافىزىكىلىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىن قول ئۈزۈشنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر.

30 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۈچ مۇھىم شەخس بولۇپ، بۇلار خوجىنىياز ھاجى، شېڭ شىسەي ۋە ماجۇڭيىڭلاردىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ شەخس «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىكى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن پېرسوناژلاردۇر. بەدىئىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژلارنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش يازغۇچىدىن مول بىلىم قۇرۇلمىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ تارىخىي شەخسلەر ئوبرازىدا شۇنداق. تىپ دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئىندىۋىدۇئاللىقىنى، مىللىيلىكىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇشى شەرت. «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ ئاپتورى تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرىدە يېتۈك ئالىم بولغانلىقى، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن 20 يىللاپ ماتېرىيال توپلىغانلىقى، تارىخ ئۆگەنگەنلىكى نەتىجىسىدە يۇقىرىدىكى ئۈچ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

خوجىنىياز ھاجى ئاددىي مېھنەتكەش ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مىللىي قەھرىمان، قوزغىلاڭ يېتەكچىسى. ئۇنىڭ ئوبرازىغا خەلق قەھرىمانلىرىغا خاس قەيسەر، قارامىلىق، شىجائەت، زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغان جاسارەت مۇجەسسەملەشكەن؛ خەلقنىڭ كۈلپەت ـ ئازابىغا، ئاھۇ ـ زارىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغان خەلقپەرۋەرلىك روھ سىڭدۈرۈلگەن. خوجىنىياز ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق پەرقلەندۈرىدىغان ھوشيار، سەگەك يولباشچى؛ ئاچچىق ساۋاقنى كۆڭلىدە ساقلىيالايدىغان تەجرىبىلىك ئۇۋچى. بۇ تەرەپلەر تۆمۈر خەلىپىنىڭ «يىقىلغاننى تەپمەك يوق» دەيدىغان «كەڭ قورساقلىق» ىدىن، «جاجىسىنى خۇدا بېرەر» دەيدىغان رەھىمدىللىكىدىن، «تەقدىر شۇنداق» دەيدىغان ئىلاھىي تەقدىرچىلىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئاپتور خوجىنىيازنى ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە قەھرىمان سۈپىتىدە سىرلىقلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىسە (بۇ ھال خەلق قەھرىمانلىرى ئوبرازىغا خاس ئەھۋال. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا غېنى باتۇر ھەققىدىمۇ شۇنداق رىۋايەتلەر پەيدا بولغان)، بەزىدە ئاددىي ـ ساددا تاغلىقلار قىياپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. خوجىنىياز قوپال، مىجەزى چۇس، ئاچچىقى يامان

ئادەم. ھەيدەر ئەپەندى ئۇنى « ئۆي قاپلىنى » غا ئوخشاتقانىدا، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سۆھبەت سورۇنىدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ بەشىرنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمى ئاددىي خەنزۇ پۇقراسىنى بوزەك قىلغانىدا، خوجىنياز ئۇنى نەق مەيداندىلا ئېتىۋېتىدۇ؛ ياسىن گاچا تاشقى موڭغۇلىيىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ئېتىپ قويغانىدا، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېرىتىلگەن تىللانى قۇيىمەن دەپ چىلك تۇرۇۋالىدۇ؛ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى شېڭ شىسەيگە چاققان روزى موللىنى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز قولى بىلەن ئېتىۋېتىدۇ ... مانا بۇلار خوجىنياز پىسخىكىسىدىكى چۇسلۇق، ئاچچىقى يامانلىقنى ئېچىپ بەرگەن.

خوجىنىياز چوڭ خوتۇنى قەمەرخان ئايالىغا كۆڭۈل بەرمەيدۇ. بىراق پىداكار ھەمشىرە خەلچە خېنىم بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا توي قىلىۋالىدۇ، ماجۇڭيىڭ بىلەن توقۇنۇشقان بولسىمۇ، بىراق مۇسۇلمانغا ئوق ئاتمايمەن دېگەننى 2 ـ 3 قېتىم تەكرارلايدۇ ئۇرۇش قىلىشقا دۇچ كەلگەندە ئالدى بىلەن شەرتنى ئەتتىن، جۈملىدىن قۇرئاندىن دىنىي ئۆلىمالارغا نەقىل ئېيتقۇزىدۇ. شېڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغانىدا، كېچىلەپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇششاقتالدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قارشى تەرەپتىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى خوجىنياز ئۆز ئادەملىرىگە كۆمدۈرىۋېتىدۇ. بۇ تەرەپلەر خوجىنياز ھاجىنىڭ تەقۋادارلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ئاپتورنىڭ خوجىنياز ھاجىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ، ئۇنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتىكى يەنە بىر تىرىشچانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

رومانىدا بېرىلگەن بەزى دىئالوگلارمۇ خوجىنياز ھاجىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان. مەسىلەن، قەشقەر خەلقى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقتىن تارتىپ ھەممىسى دېگۈدەك غازى خوجىنيازنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ سورۇن تەييارلايدۇ. بۇ سورۇندا ھاجى مۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ:

— ھوي ئاخۇنۇم، — دېدى ھاجىم، — بازاردىكى داكىنىڭ ھەممىسىنى بېشىڭىزغا يۆگىۋالدىڭىزمۇ نېمە؟ ھەممە ئاخۇنلىرىمىز شۇنداق قىلغىلى تۇرسا، قەشقەر دېگەن شەھەردە ئۆلۈكلەرنى يۆگەيدىغانغا داكا تېپىلماي قالامدۇزە؟

— مىلتىق ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ — سورىدى ھاجىم مۇھىبۇللاخاندىن. مۇھىبۇللاخان پەقەت ھەربىي مەشق ئۆگىنىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— مىلتىق بولسىلا ھەربىي مەشقنى پاتما خوتۇنمۇ قىلالايدۇ، — دېدى ھاجىم، ئاندىن مەھمۇت نەدىمدىن سورىدى:

— ياردارلارغا داكا يېتەمدۇ؟

مەھمۇد نەدىم دەرۋەقە داكا يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ھاجىم، — قەشقەرلىك ئاخۇنلارنىڭ سەللىسى بەك يوغان بولىدىكەن. ياردارلارنىڭ يارىسىنى شۇلارنىڭ سەللىسى بىلەن تېڭىپ تۇرۇڭ. » ①

① « ئويغانغان زېمىن » 2 ـ كىتاب 301 ـ بەت

بۇ دېئالوگلار ئارقىلىق ئاپتور خوجىنىيازنىڭ تۈز گەپ قىلىدىغان، گەپكە گەپ ئۇدۇل كەلگەندە ئۆز سۆزىنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان مىجەز ـ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

خوجىنىياز ھاجى ئۆزى تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىمۇ، سەللىسى يوغان، قورسىقىدا ئىلمى تايىنلىق، خەلققە نەپ بەرمەي، ئەكسىچە دىنني ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى خۇراپاتلىققا باشلايدىغان موللا، ئاخۇنلارنى ياقتۇرمايتتى. بىراق ئۆز قوشۇنىدا نەمەت خەلپەتتەك دىنني ئۆلىمالارغا مۇناسىپ ئورۇنمۇ بېرىپ، ئۇلارنى قەدىرلىگەنىدى.

زىددىيەت ـــ توقۇنۇشلىرى ئىككى خىل ئادەم، ئىككى خىل تەبىقە، ئىككى سىنىپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن پېرسوناژلار خاراكتېرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ خوجىنىياز ھاجىدەك تارىخىي شەخسلەر ۋۇجۇدىدا نامايان قىلىنىشى دەل بىزنىڭ تارىخىي رومانچىلىقىمىزدىكى بىر ئۇتۇق دېيىشكە بولىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ئەسلىدە زۇلۇم ـ ئىستىبدات ساھىبلىرى بولغان ئوردا ۋاڭ ـ گۇڭلىرىغا، ئەكسىيەتچى سىياسەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەتكە باشتىن ـ ئاخىر قارشى تۇرغۇچى بولسىمۇ، لېكىن گېزى كەلگەندە ئوردا بەگلىرى بىلەن بىرلىشىدۇ. گېزى كەلگەندە شېڭ شىسەي بىلەن، ھەتتا ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ماجۇڭيىڭ بىلەنمۇ بىرلىشىدۇ. ئۇ بەزىدە «مۇسۇلمان» دېگەننى ئالدىنقى شەرت قىلىپ (ماجۇڭيىڭغا نىسبەتەن)، خۇيزۇ قورالىق كۈچلىرىگە ئوق ئېتىشقا قوشۇلمايدۇ. بەزىدە خەلقنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ سۈلھىگە كېلىدۇ. ئۇ بەزىدە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، بەزىدە ئىرادىسى بوششىپمۇ قالىدۇ.

ئاپتور ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پېرسوناژى ـــ خوجىنىياز ھاجىغا مايىللىق خاھىشىدا ئىككىلىنىلىكىنى گاھى ـ گاھىدا ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ، بىراق ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىغان. ھەتتا ئۆز خاھىشىگە قارشى ھالدا ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تارىخنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە قاتتىق رىئايە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى خاراكتېرى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. گەرچە خوجىنىياز ھاجى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىن قاتتىق ساۋاق ئالغان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھىيلە ـ نەيرىڭىگە قەتئىي ئالدانمايدىغاندەك ئەلپازدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شەخس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ تەقدىرى تۆمۈر خەلپىنىڭكىگە ئوخشاشلا تراگېدىيە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

ئېنگېلس: «ئاساسلىق پېرسوناژ مۇئەييەن سىنىپىي خاھىشچانلىقنىڭ ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى نۇقۇل ھالدا پەقەتلا شەخسىي ھەۋەس ـ مۇددىئانىلا چىقىش نۇقتىسى قىلمايدۇ. بۇ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەر ئۇلار مەنسۇپ بولغان تارىخىي ئېقىمدىن كېلىپ چىقىدۇ» ① دەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ جىلد، 343 ـ بەت.

ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولۇپ، تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىشى خوجىنىيازغا ئوخشاش
يولباشچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى تارىخىي ساۋاقنى ئېسىدە چىڭ ساقلىمىغانلىقىدىن ئەمەس.
بەلكى دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن شۇ قوراللىق كۈچنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجىزلىقلىرى،
ئۇلاردا توغرا، ئېنىق سىياسىي پروگراممىنىڭ بولماسلىقى، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە زامانغا
خاس ئىلغار ئىدىيىلىك يېتەكچىلەرنىڭ ئىنتايىن كەمچىل بولۇشى قاتارلىق ئىچكى ئامىللار
ۋە كۈچلۈك دۈشمەن، تاشقى كۈچلەر تەسىرى قاتارلىق تاشقى ئامىللارغا باغلىق ئىدى.

خوجىنىياز ئوبرازى ئەسەردە بەزىدە گىگانت تاغ يىراقتىن كۆرۈنگەندەك ھەيۋەتلىك
سۈرەتلەنسە، بەزىدە ئەۋلىيادەك، رۇستەمدەك تەسۋىرلىنىدۇ؛ بەزىدە خۇددى پېرسوناژ تى-
لىدىن «ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى يىراقتىن كۆرسە بولىدىكەن، خۇددى
ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ ھەيۋەتلىك تاغقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ كۆ-
ڭۈلنى ئاينىتىدىغان بىر نېمىلەر چىقىپ قالامدۇ تېخى» دەپ بېرىلگىنىدەك، ئۇنىڭ
ئىندىۋىدۇئاللىقىغا خاس كەمچىلىكلەرمۇ چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، خوجىنىياز تارىخ، دەۋر ياراتقان بىر شەخس. مۇنداق بىر
شەخس خاراكتېرىنى يارىتىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئاپتور ئۆزىدىكى قابىلىيەت ۋە جاپالىق
ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ تارىخىي شەخسنىڭ خاراكتېرىنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇ-
نىڭدا دەۋر خۇسۇسىيىتى، سىنىپىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك ۋە مىللىي خۇسۇسىيەت،
ئىندىۋىدۇئاللىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن. تارىخىي شەخسلەر
ئوبرازىنى يارىتىشتا بىزگە نەمۇنە تىكلەپ بەرگەن.

ماجۇڭيىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا
غەربىي شىمالدىكى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭدىن ئىبارەت تۆت ئۆلكىدە پائالىيەت
ئېلىپ بارغان مۇھىم ھەربىي شەخس. ئۇ 1931 ـ يىلى شىنجاڭغا ئىككى نۆۋەت ئەسكەر
باشلاپ چىقىپ، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيلەر بىلەن زېمىن تالاشقان؛ ئۆزىگە خاس
روشەن سىياسىي پروگراممىسى يوق، يېتەكلىگەن قوشۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان بىر كىچىك مىللەتچىرىست. ماجۇڭيىڭ 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭنىڭ
سىياسىي سەھنىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان شېڭ شىسەي، خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن
تىركەشكەن تارىخىي شەخس بولۇپ، «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىكى تىپ دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ.

ئاپتور ماجۇڭيىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى قارام ـ قەيسەرلى-
كى، شىجائەتلىكى، قورقۇمسىز، پاراسەتلىك بالا بولۇپ يېتىلگەنلىكىدىن باشلايدۇ.
ئىككىنچى باسقۇچتا ئۇنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى سەپەر قىلغاندا، چۆل ـ باياۋاندا سۇسىز قې-
لىپ، ئاران دېگەندە بىر بۇلاققا ئۇلاشقانلىقى، ھەر كىم ئۆز مەيلىچە سۇغا ئۆزىنى ئۇرسا،
چۆلدە كۆپ ئادەم خاراپ بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن ماجۇڭيىڭنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن
ئۆزى باش بولۇپ سۇنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق قول،

پاراسەتلىك ، تەدبىرلىك ياش ھەربىي قوماندان ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ . ئۇچىنچى
باسقۇچتا ئۇنىڭ قومۇل ، بارىكۆلدىكى ئۇرۇشلاردا پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ھەربىي
ئولجىلارغا ئېرىشىپ ، ئۇنى خوجىنىياز قوشۇنىغا بېرىشتىن باش تارتىپ ، ئۆز قوشۇنىنىڭ
كۈچىنى ئۇلغايتقان ۋە ئاخىرى ۋەزىيەتكە قاراپ گەنسۇغا چېكىنگەنلىكىنى بايان قىلىپ ،
ئۇنىڭ ئاچكۆز ، يامان غەرەزلىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن . تۆتىنچى باسقۇچتا ئۇنىڭ
شىنجاڭغا قايتا كەلگىنىدە يەنە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن گۇچۇڭ ـ جىمساردىكى غەلبە مېۋى-
سىگە ئۆزىلا ئىگە بولۇۋالغانلىقى ؛ ۋەزىيەتكە مۇناسىپ ھالدا يولۋاس ، جاڭ پېيىۋەنلەرنى
ئۆزىگە تارتقانلىقىدىن ئىبارەت تادانلىقىنى ، قارا نىيەتچى شەخس ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بې-
رىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ كېلىشكەن چىراي تۇرقىنى ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇناسىپ
ئورۇنلاردا تەسۋىرلەپ بارىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ
مەسلىھەتچىسىنى ، تۈركىيىلىك كامال كازىمدەك ئادەملەرنى ئۆز يېنىدا ئىشلەتكەنلىكىنى ،
جاڭ جېشىغا بېقىنىپ ، ئۆز قوشۇنىنى 36 ـ دېۋىزىيە نامىدا ئاتىغانلىقىنى ، ھەتتا سوۋېت
كونسۇلى ۋە ئەنگلىيە كونسۇللىرى بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ ، خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە ماس-
لىشالايدىغان شەخس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ، گەنسۇدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تاكى
مەككە ـ مەدىنىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئىستىكى بولغان سى-
ياسىي تەۋەككۈلچى ئىكەنلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلەپ بەرگەن .

ماجۇڭيىڭ ئوبرازى ھەقىقەتەن مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە بىر ئوبراز . ئۇ ئەينى
شارائىتتا شىنجاڭدىكى ئۈچ ئاساسلىق كۈچنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ ۋەزى-
يىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن . « ئويغانغان زېمىن » رومانىدا مۇنداق بىر تارىخىي
شەخس ئوبرازىنىڭ ئوڭۇشلۇق يارىتىلىشى تارىخىي رومانچىلىقىمىزدىكى بەدىئىي مۇۋەپپە-
قىيەت ھېسابلىنىدۇ .

شېڭ شىسەي 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭنىڭ
سىياسىي سەھنىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاساسىي شەخسلەرنىڭ بىرى . بۇ ئوبرازنىڭ
قانداق يارىتىلىشى « ئويغانغان زېمىن » رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش ـ چىقماسلى-
قىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىدى . شېڭ شىسەي ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلاردەك كونا
فېئودالىلىق ئۇسۇل بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بولماستىن ، بەلكى زامانغا ماس ھالدا
ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتقان بىر سىياسىئون ، ئەينى زامان شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن
ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىدى . شېڭ شىسەي جىن شۇرېن
دەۋرىدە قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتا ۋە ماجۇڭيىڭ كۈچلىرى بىلەن ئېلىشىشتا بىر قانچە قې-
تىم غەلىبە قىلىپ ، ئۆزىنىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىشىغا دەسمايە تاپقان . ئۇ دەسلەپتە
قوزغىلاڭچىلارنى تامامەن يوقىتىۋېتىشكە بەل باغلىغانمۇ ئەمەس . ئۇ ئۆزىنىڭ « غەلىبە قىل-
غاندا توختىماي سۈرۈپ كېتىۋەرمەسلىك ، مەغلۇپ بولغاندا ھودۇقۇپ كېتىپ
چېكىنىۋەرمەسلىك ، ئۆز كۈچىنى دۈشمەندىن كۆپرەك ساقلاپ قېلىش ، ئۆز كۈچىنى

ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن ئۆز ئورنىنى قوغداپ قېلىش » دېگەن مەنتىقىسى بويىچە ئىش كۆرگەن . بۇ شېڭ شىسەينىڭ دۆبەن بولۇشتىن ئىلگىرىكى ماھىيەتلىك خاراكتېرى ئىدى . شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەملەشكەن بىر مۇنچە يېقىنلىرىنى ، گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشىلەرنى ، ھاكىمىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتى بار دەپ قارىغان يات كۈچلەرنى ئۈزلۈكسىز يوقىتىپ بارغان . بۇ ئۇنىڭ قارا نىيەت ، زالىم شەخس ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان .

شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىمىغانمۇ ئەمەس . لېكىن نەنجىڭ تەرەپ ئۇنى قەستەن چەتكە قاققاچقا ، ئۇ بۇ يولنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان . ئەگەر ياپونىيىگە يېقىنلاشسا ، ياپونىيىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن يول تاپالماسلىقىدىن غەم قىلمايتتى . لېكىن ئۇنداق بولغاندا ، يەنىلا ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ مىلتىقنى ئۇنىڭغا قارىتىشى تۇرغان گەپ ئىدى . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . شېڭ شىسەي ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەندى . بۇ شېڭ شىسەينىڭ زامانغا بېقىپ ئىش كۆرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

ھاكىمىيەت تۇتقان ئادەم خەلق رايىنى ئۆزىگە مايىللاشتۇرۇشنى ئويلايدۇ . شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش دېگەن شوئار كېڭىيىپ ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ، تىنچلىقنى ساقلاش ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ، دىيانەتلىك بولۇش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ، « 6 چوڭ سىياسەت » دەپ ئاتالدى . بۇ سىياسەتلەر شېڭ شىسەينىڭ غەرىزىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھەقىقەتەن خەلق قەلبىگە ياققان ۋە دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان ئىدى . شېڭ شىسەينىڭ بۇ چارىلىرى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن . بۇ تەرەپلەر شېڭ شىسەينىڭ ساختىپەز ، ئىككى يۈزلىمە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن ئىدى .

شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىنچىل ھالدا يېقىنلاشقان . ئۇ بەزىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگىمۇ يېقىنلاشقان . بەزىدە خوجىنىياز ھاجىنىمۇ ئۆز يېنىغا تارتقان . بەزىدە جياڭ جېشى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن . قىسقىسى ، شېڭ شىسەي ئوبرازى ناھايىتى مۇرەككەپ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئىچىدە بارلىققا كەلگەن تارىخىي شەخس ئوبرازى بولۇپ ، ئۇنىڭدا دەۋر خۇسۇسىيىتىمۇ ، مىللەتلەر رايونلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرمۇ ، سىياسىئونغا خاس ئىقتىدارمۇ ، ھەربىي مۇتەخەسسىسكە مۇناسىپ ئارتۇقچىلىقلارمۇ ، زالىم ھۆكۈمدارغا خاس تەرەپلەرمۇ مۇجەسسەملەشكەن . ئاپتور ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقاندا ، سەلبىي پېرسوناژلارنى سۈپەتلەشتىكى قېلىپبازلىقتىن قول ئۈزگەن

ھالدا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە خاراكتېر يارىتىش يولىنى تۇتقان. شېڭ شىسەي ئوبرازىنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ھەقىقەتەنمۇ «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ يەنە بىر زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، تارىخىي رومان — «ئويغانغان زېمىن» دىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىدا، ماھىيەتلىك ۋەقەلەر بايانىدا، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە زاھىر بولىدۇ.

مەيلى «ئىز» رومانى، مەيلى «ئويغانغان زېمىن» رومانى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىدە زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى غول لىنىيە قىلىنغان. ئەسەردە گەرچە ئوخشاشلا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئاقىۋىتى بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنسىمۇ، لېكىن ئىككى روماندىكى ۋەقەلىكلەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، پېرسوناژلار، دەۋر ئۆزگىچىلىكى، خاسلىققا ئىگە ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك، «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى ئىككى خىل تارىخىي ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بولۇپ، قارىماققا نىسپىي تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولسىمۇ، بىر - بىرىگە ياندىشىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئاپتور «ئويغانغان زېمىن» ۋەقەلىكىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، «ئىز» رومانىغا قارىغاندا بىر قەدەر كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا، مۇرەككەپلىككە ئورۇن بەرگەن. بۇنىڭدا خەلق بىلەن ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش، يەرلىك ھۆكۈمرانلار بىلەن مىللەتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئىچكى كۈرەشلەرگە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قول تىقىشى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرى، ھەر مىللەت ئىچىدىن چىققان خەلق ئىنقىلابچىلىرى ۋە ھەر مىللەتتىن بولغان خەلق دۈشمەنلىرى، ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر مۇناسىپ تەسۋىرلەنگەن. غول لىنىيە ۋە كېسەك لىنىيىلەر، ئايرىم ھادىسىلەر ۋە ئومۇمىي ھادىسىلەر، كىچىك ۋەقەلەر ۋە ماھىيەتلىك ھادىسىلەر بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن ھالدا «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىنى غايەت زور تورسىمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، 30 - يىللاردىكى مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت خېلى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى تراگېدىيىلىك ۋەقەلەرگە تويۇنغان تارىخ. كۆپلىگەن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرى، خەلق كۈرەشلىرى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان. ئاپتور تارىخىي رومانچىلىققا يول تۇتۇپ، ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تارىخىي چىنلىققا ماس كېلىدىغان بەدىئىي شەكىل — تراگېدىيىنى تاللىۋالغان. بۇ ئارقىلىق تراگېدىيىنىڭ مىللىيلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنى تارىخىي رومانچىلىققا ئېلىپ كىرگەن. بۇ ھال خەلق قەھرىمانلىرىنى ھامان ئۆلمەيدىغان قىلىپ يارىتىشتەك يېقىنقى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە بىر مەزگىل كۆرۈلگەن شۇئارچىلىققا مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرغان.

ئاپتور «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا ھەر مىللەت، ھەر تەبىقە، ھەر يۇرت،

ھەر خىل ئەل، ھەر خىل ياشقا تەۋە بولغان كۆپلىگەن پېرسوناژلارنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭى، تۇرمۇشى، كىيىم - كېچەكلىرى، گەپ - سۆزلىرى، نىيەت - غەرەزلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مول بىلىملىرىنى زاھىر قىلىپ، تارىخىي شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىشتا، ئېتنوگرافىيىلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا نەمۇنىلىك تەرەپلەرنى كۆرسەتكەن. ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا گاھىدا تارىخقا ئىچكىرىلەپ كىرسە، گاھىدا تارىخ ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىققان. باش تېمىنى ئېچىپ بېرىشتە گاھىدا ئېپىگرافلىق نەقىللەر كەلتۈرسە، گاھىدا رىۋايەتلەر، تارىخىي قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشتا شۇ پېرسوناژ ياشىغان مۇھىت، زامان - ماكانىنى بەزىدە چەكلىك شارائىتتا تەسۋىرلىسە، بەزىدە ئومۇملاشتۇرۇش، مۇجەسسەملەش، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش يولى بىلەن ئۇنىڭدىكى دەۋر خۇسۇسىيىتى، مىللىي ئالاھىدىلىك، ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. قىسقىسى، ئاپتور ئۆزىدىكى مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە جاپالىق ئەجىرگە تايانغان ھالدا تارىخىي چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنى ئىپادىلەشتە، پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشتا، تارىخنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئۆز ئەسىرىدە نەمۇنىلىك تەرەپلەرنى خېلى كۆپلەپ نامايان قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي رومانچىلىققا ھەر تەرەپتىن بىر قەدەر پۇختا ئاساس سالغان.

«ئويغانغان زېمىن» رومانى ئۆزىدە ھاسىل قىلغان يۇقىرىقىدەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن بىرگە بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ زاھىر قىلىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرىمىز:

(1) «ئويغانغان زېمىن» 1 - كىتاب 16 - بابىنىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجى ئۆز قىسمى بىلەن ئىچكىرى بىر تاغ ئىچىدە جىلغىغا قاپسىلىپ قېلىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئۆزىنىڭ يەر شارائىتىغا پىششىقلىقى، قەيسەرلىكى ۋە پەم - پاراستى بىلەن داۋاندىن ئېشىپ كېتىدۇ. قورشىۋالغان شېڭ شىسەيگە بولسا، يالغان تەسلىم بولغان ھالەتتە ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈش ھىيلىسىنى قوللىنىدۇ. بۇ ھىيلە كارغا كېلىپ، خوجىنىيازلار خەتەردىن قۇتۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئاپتور ئەسلىدە خوجىنىيازنىڭ دۈشمەنگە قەتئىي بوي ئەگمەس جاسارىتى ۋە قوماندانغا خاس ئەقىل - پاراستىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. بۇ مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولغان. بىراق ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كۈچلۈك سەلبىي ئوبرازنىڭ شۇ كونكرېت ۋەقەدىكى ئىپادىسىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى سۇسلاشتۇرۇلغان.

ھەر قانداق ئىشنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئامىللىرى بولىدۇ. سۇبيېكتىپ ئامىلدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ خەتەردىن قۇتۇلغانلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق. شۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ قوغلاپ زەربە بېرىش - بەرمەسلىكى ئوبيېكتىپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىي شارائىت مۈشكۈللۈكى ۋە ئۈرۈمچىدىن شېڭ شىسەينىڭ قايتىپ

كېلىشى ھەققىدە تېلېگراما كەلگەنلىكى سەۋەبلىك شىڭ شىسەي قوغلاپ زەربە بېرىشتىن يالتىيىپ چېكىنىدۇ. بۇمۇ تارىخىي چىنلىق. ئەمما ئەسلى ماھىيەتتە، شېڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقماستىن بۇرۇنقى مەنتىقىسى «غەلىبە قىلغاندا توختىماي سۈرۈپ كېتىۋەرمەسلىك، مەغلۇپ بولغاندا ھودۇقۇپ كېتىپ چېكىنىۋەرمەسلىك، ئۆز كۈچىنى دۈشمەندىن كۆپرەك ساقلاپ قېلىش، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن ئۆز ئورنىنى قوغداپ قېلىش» ئىدى. ھالبۇكى ئاپتور شېڭ شىسەينىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ ماھىيەتلىك بىر نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش پۇرسىتىگە سەل قارىغان. ئەسەر ئاياغىدا شېڭ شىسەينىڭ چېكىنىشىنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تېلېگراممىغا باغلىغان بولسىمۇ، «شېڭ شىسەي خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغان» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. نەتىجىدە شېڭ شىسەينىڭ ئەسلى خاراكتېرى مەزكۇر سەھىپىدە خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇلغان. ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىن شېڭ شىسەينى قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە يوللانغان تېلېگراما دەل ئۇنىڭ مەنتىقىسىگە تازىماس كەلگەن «تۇيۇقسىز ئامەت» ئىدى. ئۇنى شۇنداق ئەھۋالدا «خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەش خاراكتېر يارىتىش ئىزچىللىقىدىكى بىپەرۋالىقنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

(2) خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىنى قورال ـ ياراغ ۋە تەمىنات بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۆز كۈچىنى ساقلاش ۋە زورايتىپ مېڭىشىدا تاشقى ياردەم ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. دەسلەپكى ئەھۋالنى بايان قىلغاندا، ئاپتور پەقەت تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئېلىنغان ياردەمنىلا تىلغا ئالغان. شۇ چاغدىكى تارىخىي ئەھۋالدا شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىچكى ـ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناھايىتى بېيىغان گېمپىر كىن دېگەن ئاق ئورۇس بولغان. ئۇ شىنجاڭدىكى ئورۇس پاراكەندىچىلىكى ۋەھىمىسىدىن ئەنسىرەپ، بىر قىسىم ماللىرىنى 400 تۆگىگە يۈكلەپ ئىچكىرىگە ماڭدۇرغاندا، بۇ كارۋان خوجىنىياز ھاجى ۋە بېشىرلار ھەرىكەت قىلىۋاتقان رايوندىن ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا بۇ ماللار بېشىرنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، بېشىر بىلەن خوجىنىياز بۇ ماللارنى بۆلۈشۈۋالغان ئىدى ①. بۇ ماللارنىڭ خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى ۋە زورىيىشىدا مۇئەييەن تەسىرى بولغان. ئاپتور بۇ مەسىلىنى ياندايپ ئۆتۈپ كەتكەن (ئاپتور بەلكىم بۇ مەسىلە خوجىنىيازدەك قوزغىلاڭچىلار باشلىقىنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق تارىخىي چىنلىقتىكى ھالقىلىق ھادىسىلەرنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇشقا بولماس).

(3) خوجىنىياز ھاجىنىڭ قورالىق كۈچلەرنى باشلاپ شەرقتىن ـ غەربكە سىلجىشى قۇمۇلدىن باشلانغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يانغىنلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ۋە ئۇلغايتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىدى. شۇنداقلا بۇ خەلق ئىنقىلابىي بورىنىنىڭ ئۇلغىيىش ۋە بېسىقىپ قېلىشىدا ئۇنىڭ ئىچكى ئا-

① بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 301 ـ بەتكە قارالسۇن.

مىللىرىمۇ مۇئەييەن رول ئوينايتتى. بۇ ھالقىلىق مەسىلە ھەققىدە روماندا پەقەت مەلۇم بىر تەرەپلا ئېچىپ بېرىلىپ، يەنە بىر تەرىپى ئېچىپ بېرىلمەي قالغان.

قۇمۇل قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشتا جىن شۇرېن كېيىنچە لى خەيرۇ بىلەن شېڭ شىسەينى زور كۈچ بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتكەن. لى خەيرۇ ۋەزىيەتكە بېقىپ، سۈلھى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، سۈلھى كېڭىشى ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى ۋە يولۋاسقا ئەلچى ئۆمىكى ئەۋەتكەن. «بۇ قېتىم لى خەيرۇ سۈلھىگە ئادەم ئەۋەتكەندە، يولۋاسنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، خوجىنىياز لى خەيرۇنىڭ ۋەكىلى بىلەن شەرتلەر توغرىسىدا پۈتۈشكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆلكە تەرەپ ئۇلارغا 400 دادەن بۇغداي يۆتكەپ بېرىش، ئۆلكىنىڭ كومۇش ھېسابىدىكى چېكىدىن 4 تۈمەن سەر بېرىش؛ خوجىنىياز تەرەپ ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملارغا 2 مىڭ 100 تال مىلتىق تاپشۇرۇش؛ بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەقەگە قاتناشقانلاردىن ئۆتكەندىكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، باشقىلارغا مۇۋاپىق ۋەزىپە بېرىش، بۇلارنىڭ قىسىملىرىنى ئۆلكە قىسمىغا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان.

ئۆلكە تەرەپ بۇغداي، پۇللارنى ئېلىپ كېلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسىدە يولۋاس بىلەن خوجىنىياز ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئېتىشقان. ئۆلكە قىسىملىرى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان. لېكىن بۇ جەددىي پەيتتە يولۋاس بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ، گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن تۇتاشقان جايغا يۆتكەلگەن؛ خوجىنىيازمۇ تاغدا قامىلىپ يېتىشنى خالىماي، ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ پىچان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، شۇ ئەترابتىكى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈچلەر بىلەن بىرلەشكەن. شۇنداق قىلىپ قۇمۇل ۋەقەسىدىكى ئاساسىي كۈچ 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا غەربكە كۆچكەن» ①.

بۇ يەردە رومان ئاپتورى خوجىنىيازنىڭ غەربكە سىلجىشىنى پەقەت تۇرپان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى چىللاپ كەلگەنلىكىگىلا باغلاپ، ئۇنىڭدىكى ئىچكى ئامىللارنى تەپسىلىي، ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزىلىك بايان قىلىشتىن يانداپ ئۆتۈپ، تارىخىي رومانچىلىقتا تارىخىي چىنلىققا ئەمەل قىلىش مەسىلىسىدە مۇشۇ مۇھىم تەرەپكە ئېتىبارسىز قارىغان. نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ غەربكە سىلجىشىنى كېيىنچە شىنجاڭنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا كېڭىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 30 - يىللار ۋەزىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن كۈچكە ئايلىنىشىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش ھادىسىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويغان.

ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجى تۆمۈر خەلىپىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا قەتلى قىلىنغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش، قۇمۇل دىيارىدىكى زۇلۇمنى يوقىتىپ، خەلقنى ئاسايىشلىق كۈنگە ئۇلاشتۇرۇشنىلا مەقسەت قىلىپ قوزغىلاڭنى قايتا ئەۋج ئالدۇرغان بىر ئاددىي دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى. ئۇنىڭ قوزغىلاڭنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە كې-

---

① بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 306 ـ 307 ـ بەتلەر.

گەيتتدىغان ، ئۆز ئالدىغا يۇرت سوراپ ، « تاج كىيىدىغان » نىيىتى يوق . شۇنداقلا ئۇنىڭدا
يىراقنى كۆرەرلىك سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى بىلىم ، ئېنىق سىياسىي پروگراممىمۇ بولغان
ئەمەس . ئۇنىڭ قۇمۇل تاغلىرىدىن چىقىشىغا ، قوزغىلاڭنى ئۇلغايتىشىغا ئىچكى ـ تاشقى ئا-
مىل ، بولۇپمۇ ئىچكى جەھەتتىكى جىددىي ۋەزىيەت سەۋەب بولغان . بۇ تەرەپلەر تارىخىي
چىنلىق ئىدى . چۈنكى خوجىنىياز ھاجى ئۆز خاھىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان شەخس ئە-
مەس ، بەلكى تارىخ ياراتقان شەخس ، خالاس .

( 4 ) خوجىنىياز ھاجى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قورال ـ ياراغ ، كىيىم ـ كېچەك ،
مەسلىھەتچى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ياردىمىگە ئېرىشكەندە 30 دەك ياشنى تاشقى موڭغۇل-
يىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن . بۇ ئىش روماندا باشتىلا تىلغا ئېلىنغان . بۇ ياشلار 1936 ـ يىلنىڭ
باشلىرىدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ۋە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن خىزمەتلەرگە قويۇلغان ①.
بىراق « ئويغانغان زېمىن » نىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا ( تېگىشلىك پەيت تېپىلغاندىمۇ ) ئاپتور
بۇ ئىشنى تىلغا ئالمايدۇ .

رومان ئىجادىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەھمىيەتلىك دەپ قارىلىپ ، تىلغا ئېلىنغان
ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسى كولمىناتسىيە راۋاجىدا چوقۇم مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلى-
نىشى شەرت . ئاپتور بۇ نۇقتىغا سەل قارىغان .

( 5 ) شېڭ شىسەي قۇمۇلدىن تۇرپانغا قايتىش ئارىلىقىدا ئۇرۇمچى ، گۇچۇڭ
تەرەپلەردىن تۇرپانغا ئەسكەر يۆتكەلگەن ( بۇ ھەقتە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ « مۇز-
لىدى » ناملىق شېئىرى بار ) . تۇرپاندا شىددەتلىك جەڭلەر بولۇپ ، تۇرپان
قوزغىلاڭچىلىرى غەلىبە قازانغان . كېيىن بۇ غەلىبە قۇمۇلدىن يانغان شېڭ شىسەي كۈچ-
لىرى تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغان . تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى شۇنىڭ بىلەن تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدىكى ، ئۇ شەرقتىن غەربكە قاراپ كېڭەيگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
داۋامى يولىنى ئېچىشتا مۇھىم رول ئوينىغان . ئەپسۇسكى روماندا پەقەت غول لىنىيىگىلا
ئەھمىيەت بېرىلىپ ، بۇ تەرەپلەر ناھايىتى كەم بايان قىلىنغان .

( 6 ) رومان ۋەقەلىكى بايانىدا ، خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇرۇمچىگە
كېلىۋېتىپ توقسۇندىن تۇرپانغا بۇرۇلۇپ ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت
قىلىدۇ . ئاپتورنىڭ بايانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى باغرىغا يېقىن دېيىلىدۇ . بۇ
يەردە بىر تارىخىي ئۇقۇم خاتالىقى كۆرۈلىدۇ ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى ئەسلىدە
تۇرپان يېڭىشەھەر « ئاياغ مەسچىت » نىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى « شېھىتلىك » تە بولۇپ ،
1962 ـ يىلى ئاندىن باغرىغا يېقىن بولغان قەبرىستانلىققا يۆتكەلگەنىدى .

( 7 ) « ئويغانغان زېمىن » 1 ـ كىتاب ، 16 ـ بابنىڭ 2 ـ بۆلىكىدە تۇرپان خەلقىنىڭ
ۋەكىلى سۈپىتىدە مەخسۇت مۇھىتىلار قۇمۇلغا ــــ تاغقا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن
كۆرۈشىدۇ . مۇشۇ ۋەقە بايانىدا ئاپتور بۇ ۋەكىللەرنىڭ تۇرپاندىن قۇمۇلغا ئۈچ كۈندە ئاتلىق

① بۇرھان شەھىدى : « شىنجاڭنىڭ 50 يىلى » 297 ـ بەتكە قارالسۇن .

يېتىپ بارغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . تۇرپان بىلەن قومۇلنىڭ ئارىلىقى 500 كىلومېتر بولۇپ ، كونا مۇساپىدە 12 ـ 13 مەنزىل ھېسابلىنىدۇ . ئاتلىق ھەر قانچە تېز يۈرگەندىمۇ ياكى سوقماق يول بىلەن ماڭغاندىمۇ تۇرپاندىن قۇمۇلغا ھەرگىزمۇ ئۈچ كۈندە بېرىش مۇمكىن ئەمەس . تارىخىي رومانچىلىق ياكى باشقا رومانلار ئىجادىيىتىدە جۇغراپىيىلىك نام ـ ئاتالغۇ ، ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەرگە سەل قاراشقا ئەسلا بولمايدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا روماننىڭ بەزى جايلىرىدا قىسمەن مەسىلىلەر ، مەسىلەن ، « مىللىي قەھرىمان دېگەن باشقا گەپ ، مىللەت داھىيسى يەنە باشقا گەپ دېگەن ھۆكۈم توغرا ئوخشايدۇ » ① دېگەندەك سۆزلەر گەرچە خاتىرە دەپتەردىن ئېلىنغان تەرىزدە بېرىلسىمۇ ، بايانچى تىلىدا مەسىلىلەرنى ئاپتور ئۆزى يېشىپ بېرىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ . ( بۇ ئەھۋال ئەسەردە بىر قانچە يەردە كۆرۈلىدۇ ) .

يەنە سۆز ئىستېمالىدىمۇ بەزى يېتەرسىزلىكلەر چېلىقىدۇ . مەسىلەن ، « شېڭ دۇبەنىنىڭ ئۆز گەدىسىدە تۇرۇشىغا ئىشىنەملا ھاجى ئاكا ؟ » ② بۇ جۇملە تۇرپانلىق مەھمۇد مۇھىتى ئاغزىدىن بېرىلىدۇ . بۇ يەردە لەھجە خاتا قوللىنىلغان . تۇرپان شېۋىسىدە « ۋەدىگە گۇيا قىلىش » دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ . « ۋەدە » دىكى « ۋ » « گ » تاۋۇشىدا كەلمەيدۇ . بەلكى « ۋاپا » سۆزىدىكى « ۋ » ـ « گ » تاۋۇشىغا ئالمىشىدىغان ئەھۋال بار .

يۇقىرىدا ئۆزۈم ھېس قىلغان بەزى يېتەرسىز تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم . بۇلارغا باشقا كىتابخانلار قانداق قارايدۇ ، بۇ تەرىپى نامەلۇم . يولداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمەن .

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

① « ئويغانغان زېمىن » 2 ـ كىتاب 418 ـ بەت .
② « ئويغانغان زېمىن » 2 ـ كىتاب 145 ـ بەت .

ئىبراھىم ئىزاقى

# ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلە، تۈپ مەسىلە، يادرولۇق مەسىلە، ماھىيەتلىك مەسىلە، لېكىن ئاشۇنداق كۆپ فىرلىق مۇھىم مەسىلىگە بولغان تونۇش ھېلىمۇ بىردەك ئەمەس. مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش شوئارى قويۇلۇۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتىمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى ساھەسىدىكىلەر بىلەن بىردەك بولماسلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە قايسى ئۆلچەملەرگە ئاساسلىنىپ باھا بېرىش لازىم؟ بۇ ھەقتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر قايسى سىنىپ، ھەر ھايسى تەبىقە، ھەر قايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھقا مەنسۇپ بولغان، تۈرلۈك پەلسەپىۋى قاراش ۋە ھەر خىل سەنئەت چۈشەنچىسىگە ئىگە تەتقىقاتچى، تەنقىدچىلەر ھەر خىل تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىدە ( ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ) قوللاندى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى ئاشۇ تەشەببۇسلار ۋە قاراشلارنىڭ تىپىك خىللىرى ۋە ئاساسىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، چىنلىق - ئىجتىمائىي مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ئېستېتىك تۈيغۇنى ئۆلچەم قىلىش: ئىككىنچى، ياخشىلىق - گۈزەللىكنى ئۆلچەم قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنى ئۆلچەم قىلىش؛ تۆتىنچى، ئېستېتىك قىممەتنى ئۆلچەم قىلىش؛ بەشىنچى، ئېستېتىكا ۋە تارىخىي نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش نۇقتا قىلىش: ئالتىنچى، سىياسىي ئۆلچەم ۋە بەدىئىي ئۆلچەمنى ئاساس قىلىش؛ يەتتىنچى، ئىدىيىۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى سىياسىي ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش؛ سەككىزىنچى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي نۇقتىدىن باھا بېرىش ھەم بۇ باھا سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قاراش؛ توققۇزىنچى، سەنئەت نۇقتىسىدىنلا باھا بېرىپ، بۇ باھا ئەسەرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنى ۋە بەدىئىي شەكلى، ئىپادىلەش سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قاراش.

يۇقىرىقى تەشەببۇسلار ۋە قاراشلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەلۇم دەرىجىدە ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان دوگمىلىقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن

خالىي ئەمەس.

ئەدەبىيات ئاڭ فورمىسى بولغىنى بىلەن نوقۇل تەشۋىقات ۋاستىسى ياكى قورالى ئەمەس. ئۇنىڭ پەقەت نۆۋەتتىكى سىياسەت ۋە قائىدە ـ نىزاملارنىلا تەشۋىق قىلىدىغان ۋەزىپىسىمۇ يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ پەقەت تەربىيىۋى رولىدىن ئىبارەت بىرلا رولىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى، بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ رولى بار، ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن باشقا ئۈچ خىل رولىنى سىياسىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

توغرا، ئەدەبىيات دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىرەر سىنىپنىڭ ئىرادىسى ۋە غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئەمەس. دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ كونكرېت زاماندىكى يۈزلىنىشىنى ھەم پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ئېڭى ۋە روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك.

نوقۇل سىياسىي ئۆلچەم بىرلەمچىلىكىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىر مەزگىل ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىپ، كالتەككە ئايلىنىپ قالغانلىقى، سىياسىي ھەركەتلەر قىزىغان دەۋرلەردە يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويغانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىت.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھازىرمۇ بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ، ئەدەبىي ئىجادىيەت قەدىمى بىلەن ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىمىزنىڭ نامۇۋاپىقلىقى ھەمدە ئۇنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىدىندۇر. بىزنىڭچە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، سەنئەت ماھىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى، ئەدەبىي تەنقىد قانۇنىيىتىگە ماس كېلىشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ توغرا، ئىلمىي، ئەڭ مۇۋاپىق ئۆلچىمىنى بەلگىلەشكە بىرەر سىنىپقا ۋەكىللىك قىلغۇچى بىرەر سىياسىي گۇرۇھ ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزى (يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى، ۋەزىپىسى) ھوقۇقلۇق. زامانىۋى ۋە مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، ماھىيىتى، تەلىپىگە كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش، لەززەتلىنىش تەجرىبىلىرىگە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسلانغاندا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئېستېتىك ئۆلچەم بولۇشى لازىم. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئېستېتىك ئۆلچەم ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ھەققىدىكى توققۇز خىل تەشەببۇس ۋە قاراشنىڭ جەۋھىرى ھەم يادروسى. ئەدەبىي تەنقىد، ماھىيەتتە، ئەدەبىي باھادىن ئىبارەت. ئەدەبىي باھا تەسىرات ۋە چۈشەنچىنى ئاساس قىلىدۇ. چۈشەنچە ۋە تەسىراتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىنتىلىش ۋە قىزىقتۇرۇشتۇر. كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىمۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئېستېتىك قىزىقىشتۇر. ئېستېتىك قىزىقىشنى شەرت قىلىدىغان ئەدەبىي باھامۇ ئېستېتىك ھادىسىدۇر.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىلىش رولى، تەربىيىۋى رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولى ۋە ئېستې-

تىك روللىرىدىن ئىبارەت تۆت خىل رولىنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ خىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولى ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىجتىمائىي رولى پەقەت ئېستېتىك رولى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى مەنىۋى بايلىق يارىتىش پائالىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مەنىۋى گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتىدۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى، گۈزەللىك ھېسسىياتى، گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تەربىيىسىمۇ بېرىدۇ. ھەتتا مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەدىيە قىلىدۇ. شۇڭا زوقلىنىش پائالىيىتىمۇ ئېستېتىك پائالىيەت دېيىلىدۇ.

بېلىنىسكى توغرا ئېيتقان: «گۈزەللىك سەنئەتنىڭ زۆرۈر شەرتى، گۈزەللىكسىز سەنئەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. تەنقىدنىڭ دەسلەپكى ئىشى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى، دەرىجىسىنى ئېنىقلاش بولۇشى لازىم. ئەسەر ئېستېتىك تەھلىلگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن، بۇنداق ئەسەر تارىخىي تەنقىدكىمۇ لايىق بولالمايدۇ» بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىد ئېستېتىكىدىن خالىي بولالمىسلىقى كېرەك. ئېستېتىكىدىن خالىي بولغان ھەر قانداق ئەدەبىي تەنقىد بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئاددىي تەنقىددۇر. ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئۆزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىدىغان ئېستېتىكا؛ ئېستېتىكىدىن مۇستەسنا ئەدەبىي تەنقىد مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر مەۋجۇت دېيىلسە، ئۇ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەدەبىي تەنقىد بولالماستىن، بەلكى ئىمجان ۋە ھەرىكەتسىز ـ ئۆلۈك ئەدەبىي تەنقىددۇر. بۇنىڭدىن شۇنداق پىكىر تۇغۇلىدۇكى، ئېستېتىكا ـــ ئەدەبىي تەنقىد تومۇرلىرىدىكى قان.

ئەدەب ـ سەنئەتكارلارنىڭ بەلگىلىك سەنئەت ئەسىرىدىكى ئومۇمىي غايىسى ئادەتتە سىياسىي غايە، ئىجتىمائىي غايە، بەدىئىي غايە ۋە ئېستېتىك غايە قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ غايىلەر ھەر قانداق كونكرېت ئەدەبىي ئەسەردە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ. لېكىن ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرگە ئەدىبنىڭ ئېستېتىك غايىسى سىڭگەن بولىدۇ. ھەر قانداق كونكرېت ئەدەبىي ئەسەردە ئېستېتىك غايە بولىدۇ. چۈنكى ئېستېتىك غايىسىز باشقا غايىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايلا قالماي، باشقا غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردىكى ئاساسلىق غايىسىنىڭ ئېستېتىك غايە ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باشقا ئۆلچەملىرى مەلۇم زامان ۋە ماكاندىكى مەلۇم ئىدىئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما ئېستېتىك ئۆلچەم بولسا ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندىكى ئىدىئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئېستېتىك ئۆلچەم شۇ دەرىجىدە ئۇنىۋېرساللىققا ۋە مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگىكى، ئۇ ھەر قانداق ئېقىم ۋە مەزھەپكە تەۋە يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ھەر قانداق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ يازغان ھەر قانداق ئۇسلۇبتىكى ھەر قانداق ژانىر تۈرىگە مەنسۇپ بولغان ئەدەبىي ئەسەرنى ئۆلچەشكە باب كېلىۋېرىدۇ. ئۇ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مۇتلەق

ھەقىقەتكە ئوخشمايدۇ.
ھەر قانداق پەننىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىسى بولىدۇ. ئېستېتىكا ـ سەنئەت
پەلسەپىسىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېستېتىك ئۆلچەم يەنە سەنئەتنىڭ پەلسەپىۋى ئۆلچىمىـ
دۇر. تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن سەنئەت رېئاللىقىنىڭ مۇناسىۋىتى سەنئەتكارلارغا ئايان.
تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن سەنئەت رېئاللىقىنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتۇر. يەنى
تۇرمۇش رېئاللىقى ـــ سەنئەت رېئاللىقىنىڭ زۆرۈر شەرتى. سەنئەت رېئاللىقى تۇرمۇش رېئال-
لىقى ئارقىلىقلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. سەنئەت رېئاللىقى نېمە ئۈچۈن گۈزەل؟ چۈنكى تۇرمۇش
رېئاللىقى گۈزەل، بۇ ئىككى خىل گۈزەللىكمۇ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتىكە ئىگە. ئەگەر ئېستېـ
تىك ئۆلچەمدە پەلسەپىۋى پۇراق قويۇق بولسا، يۇقىرىقى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى توغرا
بىر تەرەپ قىلىشقا (ئەلۋەتتە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئۈچۈن) تۈرتكە بولالمايدۇ. ھەر قانداق ئەدە-
بىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىدىيىسى تۇرمۇش رېئاللىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان سەنئەت
رېئاللىقى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىدىيىسى
مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا پەلسەپىۋى مەزمۇن ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىدۇر. بۇنىڭدىن ئېستېتىك
ئۆلچەمنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئىدىيىۋى ئۆلچەمنىڭمۇ رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
سەنئەت گۈزەللىكىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىدىغان پەن بولغان ئېستېتىكا
ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى مەنىۋى پائالىيىتى ۋە سەنئەت ئەمەلىيىتىنى تەبىرلەش،
ئىزاھلاش ۋە چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئېستېتىكا ئىنسانىـ
يەت سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت تارىخىنى توغرا يەكۈنلەپ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت
تارىخىدا ھەل بولماي كېلىۋاتقان تۈپ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئىنسانىيەت سەنئىتى ۋە
مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەڭ
مۇۋاپىق ئۆلچىمى پەقەت ئېستېتىك ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشقا بولغان مۇناسىۋىتى ئېستېتىك مۇناسىۋەت. ئەدەبىياتنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يادروسى بولغان ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئېستېتىك
مۇناسىۋەت. دېمەك ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات بىلەن ۋە ئەدىبلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ
ئېستېتىك مۇناسىۋەت. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەقەت ئېستېتىكىلا توغرا تەگشەپ تۇرالايدۇ.
ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرگە گۈزەللىك ئۆلچىمى قويۇلىدۇ. شەكىل گۈزەللىكى ئەدەبىي
ئەسەردىكى پۈتۈن گۈزەللىكنىڭ تاشقى پوستى. ئېستېتىك ئۆلچەم ـــ گۈزەللىك ئۆلچىمى.
بۇنىڭدىمۇ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئالدى بىلەن ئېستېتىك ئۆلچەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن مەنە
كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما بىز نۇقۇل ئېستېتىك ئۆلچەمنىلا قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز.
چۈنكى نوقۇل ئېستېتىك ئۆلچەمدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تاشقى پوستىلا ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ماھىـ
يىتى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ ھەم (نوقۇل ھالدىكى ئېستېتىك ئۆلچەمدە)
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى شەكىل گۈزەللىكىسىز بەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ دېگەن
چۈشەنچە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا شەكىل گۈزەللىكى ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇلغان

سېھرىي كۈچ كىتابخانلارنىڭ تۇيغۇ ـ ھېسسىياتىنى ئويغىتىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ ۋە روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سالىدۇ دېگەن قاراش قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىنىدۇ.

شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بىرەر ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدە (ئېستېتىك ئۆلچەم بويىچە) تەھلىل يۈرگۈزگەندە ۋە بىرەر ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بەرگەندە شۇ كونكرېت ئەسەر شەكلىنىڭ ئاممىباپلىقى ياكى ئەمەسلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە خەلقنىڭ دىتىغا ياقىدىغان ـ ياقمايدىغانلىقىنى، ئۇزاق زامانلارغىچە كىتابخانلارنى ئۆزىگە ھازىر قىدەك جەلب قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى، غايە ۋە خاھىش جەھەتتە ئاپتورنىڭ دەۋرنىڭ ئېڭى، مىللەتنىڭ روھى بولالايدىغان ـ بولالمايدىغانلىقىنى، كۆتۈرۈپ چىققان تېمىسىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تېما ياكى ئەمەسلىكىنى، مەزمۇنىنىڭ ساغلام ياكى ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇشى لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەقدىرىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېستېتىك ئۆلچەم بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە باھالاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئەدىب ـ سەنئەتكارلارغا ئۆزلىرىنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. تەشەببۇسلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۈگۈنكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ تەلىپى ۋە تەشەببۇسى ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇنەۋۋەر، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا چاقىرىق قىلىشنى ئېچكى مەزمۇن قىلىش لازىم.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار تۆۋەندىكى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئورۇن ئالغان. 1) يۈكسەك غايە ۋە ھەقىقەتكە تەلپۈنۈشنى ئىپادىلىگەن؛ 2) ئىنسانىيەت ئازابىغا بولغان ھېسداشلىق ۋە چوڭقۇر ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن؛ 3) ئىنسانىيەتنىڭ روھىي گاڭگىراشلىرى ۋە روھىي كىرزىسىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن؛ 4) ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان تەشۋىشىدىن ئىبارەت زور مەسىلىلەرنى تۇتقا قىلغان؛ 5) ئالاھىدە شەكىل بىلەن مىللەتنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى، مىللىيلىك ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ 6) سەنئەت جەھەتتىكى ئىجادىي بۆسۈش ۋە پەۋقۇلئاددە بەدىئىي ئىزدىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

دېمەك، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى مۇقام ۋە سادايىمىز پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى مۇقام ۋە ساداسىغا ئاھاڭداش، ۋەزىنداش بولۇشى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى كەڭلىككە قاراپ يۈرلىنىشى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئېستېتىك ئۆلچەمدىن ئىبارەت دۇنيا ئەدەبىياتىغا يۈزلەنگەن ئۆلچەمگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇنى ئەقلىي جەھەتتىن تولۇق بىلىدىغان ھەم ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدە ئىجرا قىلىدىغان دەۋر ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى.

شاۋ يەنجۈن

## جاڭ چېڭجى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ھەققىدە توختىلىدۇ

تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك زەربىسى ئاستىدا ئەسلىدە تېز سۈرئەتتە سودىغا يۈزلەنگەن جۇڭگو مەدەنىيىتى بازارغا تېخىمۇ يېپىشتى. 1993 - يىلى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ تەۋرەپ كېتىشى بەزى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن «يۇقىرى پەللىگە چىقتى» دېيىلدى. جىددىي ئەدەبىيات ژۇرناللىرى بەس - بەستە نىشانىسىنى ئۆزگەرتتى. يېڭى ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشۈپ كەتتى. 93 - يىلى شېنجېندا ئەسەرلەرنى بەسلەشتۈرۈپ سېتىش پائالىيىتى بولۇۋېدى، خىلمۇ - خىل گەپ - سۆزلەر چىقتى. يازغۇچىلارنىڭ «توختام بىلەن ئۆزىنى سېتىش» ۋەقەسى كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى، ساپ ئەدەبىيات ئىستېھكامىنى ئاخىرغىچە ساقلاپ كەلگەن جىددىي پوزىتسىيىلىك بىر مۇنچە يازغۇچىلارمۇ «بىرلىكتە قورال تاپشۇرۇپ»، ئەسلىدىكى بەدىئىي ئىزدىنىشى ۋە قىممەت قارىشىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ۋاز كەچتى ھەمدە بىۋاسىتە پۇل ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولغىلى بولىدىغان كىنو سىنارىيىسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتىگە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەرىپەت روھىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پۇچەكلىشىپ كەتتى. ۋاڭ شو ۋە كىملىك قىلغان گەپتانلىق ئۇسلۇبى تېلېۋىزىيە ئېكرانىنى قاپلاپ قالماستىن، بەلكى خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى بەزى مۇقەددەس مىزانلار ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى بىر مەھەل داغدۇغا قوزغىغان، جياڭ پىڭئاۋ يازغان «تاشلاندۇق شەھەر» دە ئېچىپ بېرىلگەن «ھاياتنى ئەيشى - ئىشرەت ئىچىدە مەنىسىز ئۆتكۈزۈش» تەك روھىي ھالەت دەل زىيالىيلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەينەن تەسۋىرىدۇر.

بۇ ھالەتكە قارىتا جاڭ چېڭجى غەزەپلىنىۋاتقانلىقى ۋە ئېچىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى: «ئانىسىغا ئوخشايدىغان بىر مەدەنىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىل تەرەققىي قىلىپ ئاخىرىدا مۇشۇنداق بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئاساسىي بولۇۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىن خالىغانچە دەپسەندە قىلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۈلكىلىك ۋە ئېچىنارلىق ئىش. مەن بۇ كىشىلەرنى يازغۇچى دەپ تونۇمايمەن. ئۇلار ماھىيەتتە پايدا - مەنپەئەتنىڭ مۇرىتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ پۇل ۋە شۆھرەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قارشى تۇرالماسلىقى پۈتۈنلەي قارشى تۇرۇش ئىستىكى

ۋە تەلـپىنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەردە ھەتتا ئەقەللىي ئار ـ نومۇس تۇيغۇسى، ھەق ـ ناھەق كۆز قارىشىمۇ يوق. ئۇلار ئۆزلىرى نەپ ئالالىسىلا، باشقىلارنىڭ مىللىتىمىز گە تاجاۋۇز قىلىشى، ۋەتىنىمىزنى پارچىلاپ بۆلۈۋېلىشى بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر تۈر كۆم پرىنسىپسىز، ئەخلاقسىز ئەدىبلەر ، ئەدەبىيات ساھەسىنى ئىگىلىۋېلىپلا قالماستىن، يەنە خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ، تېلېۋىزىيە ئېستانسىسى، گېزىت ـ ژۇرناللار بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋالدى، مەدەنىيەت ساھەسىگە زومىگەرلىك قىلىدىغان بىر خىل «كۈچ» نى شەكىللەندۈرۈپ، بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليون ئاھالىسى بار بۇ چوڭ مەملىكەتنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسىنى تېز گىنلىۋالدى. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە ۋە قورقۇنچلۇق ئىش بارمۇ؟ بۇ جۇڭگودىكى كۆپ يىللىق دوگما سىياسىي تەربىيىگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ مەسخىرە.

جاڭ چېڭجى مۇنداق دەپ قارىدى: ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ مۇشۇنداق چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېتىقاد ئاساسىنىڭ بوشلۇقىدا. مېنىڭ «قەلب تارىخى» نى ئىجاد قىلىشىمغا دەسلەپكى قەدەمدە تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم خىيالىمنىڭ بىرى دەل مۇشۇ.

جاڭ چېڭجى بەزىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىدىيىۋى ئېتىقادىدا تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى: گەرچە مەن بىر خۇيزۇ بولسامۇ، لېكىن مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ئۇنچىۋالا تار دائىرىدە پىكىر قىلىپ باقمىدىم، كەلگۈسىدىمۇ ئۇنداق قىلمايمەن. مېنىڭ جېنىمنى تىكىپ قويۇپ «قەلب تارىخى» نى يېزىشىمغا جان بېقىشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان، ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان باقىدىغان، بەرىسەك يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەيدىغان، ئۆلگۈچە مەنىۋى ئېتىقادىدىن قايتمايدىغان بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ئەھمىيىتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زورلۇقىنى بايقىغانلىقىم سەۋەبچى بولغان. جۇڭگولۇقلاردا ھازىر ئەڭ قورقۇنچلۇق بولۇۋاتقىنى ئېتىقادنىڭ كەمچىللىكى. مەن ھەممە كىشىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى تەلەپ قىلماقچى ئەمەس، لېكىن ئادەم ھامان بىر نېمىگە ئەقىدە باغلىشى كېرەك، ھېچ بولمىغاندا چىغناق ـ تاغاق يېزىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار چىغناق ـ تاغاق يېزىقىغا، تىل تەجرىبىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تىلغا ئېتىقاد قىلسۇن، ھەممە ساپراق بولسۇن. ھەممىلا نەرسە ساختا بولۇپ كەتسە، ھەممىلا نەرسە كونا كىيىمدەك خالىغان چاغدا تاشلىۋېتىلسە بولمايدۇ. ھازىرقى زىيالىيلار بەك بىزەپلىشىپ كەتتى. ھەتتا پاكلىقنى نومۇس، بىزەپلىكنى شەرەپ، چاكىنىلىقنى مودا دەپ بىلىدىغان بوپقالدى. «پاكىز» دېگەن سۆز ئاممىۋىي ھاجەتخانىلار ۋە ئەخلەتخانىلاردىلا ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ قەدىمكى جۇڭگودا بىر ئادەمنىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم كۆز قاراش ئىدى.

جاڭ چېڭجىنىڭ تەبىرىدىكى پاكىزلىكنىڭ ئەھمىيىتى ساداقەت، ئىشەنچ ـ ئەقىدە، ۋىجدان، باتۇرلۇق ۋە بىزەپلىك بىلەن نومۇسنىڭ تۈپتىن قارىمۇ قارشىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: مەدەنىيەتتە ھەممىدىن ساپ بەزى ئاملىلار بولىدۇ، پەقەت شۇلا چېچىلىپ كەتكەن، ئۇمىدسىزلەنگەن كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خاراب لاشقان مىللەتنى خەتەرلىك

ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسى قالدۇق تۇغرا كەيپىياتنى ھازىرچە يات كۆرمەيدىغان، زەئىپلەشكەن بىلىم ئىگىلىرى ئۆزىنى سېتىشقا ئامال تاپالماي پايپاسلاپ يۈرگەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېتىقاد مەسىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھېلىقىدەك «پاكىز روھ» ئۈچۈن ئاجىزراق بولسىمۇ ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جاڭ چېڭجى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاخبارات ساھەسى بىلەن تەنقىد ساھەسىنىڭ جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغانلىقىنى قاتتىق سۆكۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىر كىچىك گېزىت مۇخبىرىنىڭ تەسىر كۈچى بىر يازغۇچىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمما ئاخبارات ساھەسى مۇنداق ئەھۋالغا ھەدەپ گۇپپىيا ئىچىلىق قىلىۋاتىدۇ ۋە بەزى مۇخبىرلار ئاشقان-تاشقان پايدىدىن نەپ ئېلىش كويىدا «پۇلدار» كىشىلەرنىڭ كەينىدىن سو كولداپ قوغلىشىۋاتىدۇ. تەنقىد ساھەسىمۇ شۇنداق زەئىپلىشىپ كەتتى. باشتىن-ئاخىر غىچە ھەقىقىي ئۆتكۈر، ۋىجدانەن، پرىنسىپلىق تەنقىد ئوتتۇرىغا چىقمايۋاتىدۇ.

ئۇ زامانىمىز ئەدەبىيات ساھەسىدە ھەممىدىن زۇرۇر بولۇۋاتقىنى لۇشۈندەك بىر مەدەنىيەت ئەربابىنىڭ نومۇسسىزلار ھېيىقىدىغان مەنىۋى بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇر، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى ئورنى ۋە تەسىرى بار بىر نەچچە ئەربابقا مۇشۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئۈمىد باغلىغانلىقى، ئەمما كېيىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ: ئۇلار ناھايىتى سالاچى، ھېيلىگەر، ئۆزلىرىمۇ بىر ئېقىمدا بولغانغان تەييارغا ھەييار كىشىلەر كەن، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىش قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟ دېدى. شۇڭا «قەلب تارىخى» نى يېزىپ بولۇپ داۋاملىق يېزىقچىلىق قىلىشتىن رايى قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر يەنىلا «ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىش»، «پۈتكۈل ئەدەبىيات ساھەسى بىلەن دۈئىلغا چىقىش» غا توغرا كېلىۋاتقانلىقى، «شۇنچىۋالا چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق ئالدىدا گەپ-سۆز قىلمىسا ئىنسابسىزلىق بولىدۇ» غانلىقىنى بىلدۈردى.

جاڭ چېڭجى مۇنداق دەپ قارىدى: ھازىر مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم ياشلاردا. ئەگەر ياشلاردا تارىختىكى ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ياشلارغا ئوخشاش ھەقىقىي غايە، زور قىزغىنلىق بولسا، ئۇلار ئۆز ياشلىقىنىڭ كۈچى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى چىرىكلىشىش، چۈشكۈنلىشىش كەيپىياتىغا بەرھەم بېرەلىسە، جۇڭگودىن يەنىلا ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولماي ھازىرقى ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كەتسە، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىر قېتىملىق جىددىي سىياسىي داۋالغۇشنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. مەدەنىيىتىمىز گۇمران بولغان چاغدا ھازىرقى زىيالىيلارنىڭ جىنايىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ جىنايەتچى بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، جاڭ چېڭجى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرىۋاتقان بېسىم باشقا يازغۇچىلارنىڭكىگە قارىغاندا جىق ئېغىر. سىياسىي جەھەت-

(داۋامى 106 ـ بەتتە)

جامالىددىنزات (ئىران)

## ئۆردەك كاۋىپى

(ھېكايە)

ھارپا كېچىسى — ئۆستۈرۈلىدىغان چاغ ئىدى. مەن ئىدارىدە خىزمەتداشلىرىم بىلەن: قايسىمىز ئۆستۈرۈلسەك كۆپچىلىكنى ئۆردەك كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلايلى، مېھمانلار ئۇنى تەبرىكلىسۇن ۋە ئۇنىڭغا ھۆر- مىتىنى بىلدۈرسۇن، دەپ خېلى بۇرۇنلا كېلىشكەنىدىم. ئۆستۈرۈلىدىغانلار تىزىملىك تاختىسىغا مېنىڭ ئىسمىم يېزىلغانىدى. شۇ- نىڭ بىلەن مېھمان چاقىرىدىغان ئىشنى ئايالىمغا ئېيتتىم. بىز تېخى يېڭىياچە توي قىلغانىدۇق.

— توي قىلغانلىقىمىزنى تېخى دوستلىرىڭىزغا ئۇقتۇرمىغانىدىڭىز، ئوبدان پۇرسەتتى كەپتۇ. ئۇلارغا ئەمدى ئۇقتۇرۇڭ، ئەمما بىزنىڭ ئاران ئون ئىككى يۈرۈش تەخسە، پىچاق ۋە ۋىلكىمىز بار، يەنە ئازراق سېتىۋالمىساق بولمايدۇ. بولمىسا مېھ- مان ئون بىر كىشىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، ئۆزىڭىز بىلەن دەل ئون ئىككى بو- لىدۇ-دە، — دېدى.

— بۇ مېھماندارچىلىققا قانچە پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان بىلىسىز، ئارتۇقچە بىر نېمە سېتىۋېلىشقا نەدىكى پۇل دەيسىز! دوستلىرىم يىگىرمە ئۈچ، يىگىرمە تۆتتىن ئاشمايدۇ! — دېدىم.

— ھەممە ئادەمنى چاقىرىپ يۈرۈش- نىڭ ھاجىتى يوق. باشلىقنى چاقىرسىڭىزلا بولىدى. باشقىلار بىلەن نېمە كارىڭىز، ئۇلار شامال يەپ، شاخار كېكىرسۇن، — دېدى ئۇ.

— ۋاي خېنىم، بۇنداق قىلساق خۇدا راۋا كۆرمەس! بۇ بىچارىلارنىڭ بۇنداق پۇرسەتنى كۈتكىنىگە بىر يىل بولدى. ئۇلار ئۆردەك كاۋىپى يەيمىز دەپ ئىشتەي ساقلاپ يۈرگىلى نىكەم، ئۆردەك كاۋىپى يەيمىز دەپ ئۇلارنىڭ تاقىتى تاق. ئەگەر مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام ئۇلار كۆزۈمنى ئويۇۋېلىشتىن يانمايدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. ئۇ- رۇق-تۇغقانلار ياكى دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ئۆيىدىن ئارىيەت ئېلىپ تۇرساق قانداق بولار؟ — دېدىم مەن.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتاردى-دە:

— بۇنداق خىيالىڭىزنى قويۇڭ، بۇ بىزنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن تۇنجى مېھمان چاقىرىشىمىز. شۇ تاپتا ئۆي ساپلا ئارىيەتكە ئالغان نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مېنىڭ ئەمدى بۇنداق قىلغۇم يوق، ئەجەبا سىز بۇ

ئىشلارنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلمەمسىز ؟! تۇنجى پەرزەنتىمىز ئۆلۈك تۇغۇلمىسۇن يەنە! — دېدى.

— بولمىسا ئىككىگە بۆلۈپ چاقىرايلى، يېرىمىنى بىرىنچى كۈنى، قالغان يېرىمىنى ئىككىنچى كۈنى چاقىرايلى، — دېدىم مەن.

بۇ گېپىمگە ئايالىم قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مېهمانىنىڭ يېرىمىنى ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى، يېرىمىنى ئۈچىنچى كۈنى چاقىرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ھەممە تەييارلىقنى تەق قىلدۇق. ئۆردەك كاۋىپى قىلغاندىن باشقا يەنە شورپا، قوي گۆشى كاۋىپى، ئاناناس تامىقى ① تۈرلۈك قورۇما ۋە شارابلارنىمۇ تەييارلىدۇق. ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىرىش مەقسىتىدە كارىۋاتتىكى يېڭى يوتقانغا — بۇ ئايالىمنىڭ قىز مېلى ئىدى — يۆلەنگىنىمچە سادىق ھىدايەت ② نىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. كەيپىم تولىمۇ چاغ ئىدى. شۇ ئەسنادا ئايالىم كىرىپ كەلدى ـ دە:

— ئورۇق بىر يىگىت بايىرىمىڭىزنى مۇبارەكلەپ كەپتۇ، ئىسمىم مۇستاپا دەيدۇ، ئۇ بىر نەۋرە ئىنىڭىز ئىكەن، — دېدى.

مۇستاپا ھاما ئاچامنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە ئالتىدە بار ئىدى. ئۇ گاداي، دۆت، كالاپاي بىر نەرسە ئىدى، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كوچىدىن كىرمەيتتى. ئۇ چىسىدىكى كونا كىيىملەر ئۇنىڭغا زادى ياراشمىغانىدى. گەپ قىلسا بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ كېتەتتى. ئېغىزىنى خېلى چوڭ ئاچسىمۇ گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك غىڭشىپ سۆزلەيتتى. ئەلھەمدۇلىللا، راستىنى ئېيتسام ئۇنىڭ دىدارىنى يىلدا بىرەر قېتىم كۆرۈشكىمۇ رايىم يوق ئىدى! شۇڭا ئايالىمغا:

— سىز ئۇنىڭغا مېنى تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى، دەڭ. بۇ ئالۋاستىنى يېقىن يولاتماڭ! ئۇ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىدىغان باي ـ غوجاملاردىن سەدىقە تىلەپ ياشىسۇن! — دېدىم.

— ئۇ ھېچنەرسەم يوق دەيدۇ، ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى ـ بەدىنى يېرىڭداپ كېتىپتۇ. ئاھ، ئاللا ئىگەم، بۇ شىرمەم تۇغقىنىمىزغا يەتتە پارچە «قۇرئان» ئاتا قىلغاي. مەيلى ھەر قانچە بەسى ـ مۇشكۇللەر بېشىڭىزغا كەلسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز كۆتۈرۈڭ! مېنىڭ كارىم يوق. مەن سىزگە بۇرۇنلا سىزنىڭ سالپى ـ ساياق تۇغقانلىرىڭىز بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايمەن، دېگەنىدىم. بۇنداق بىكار تەلەپكە خۇش دېگىلى كىمنىڭ چولىسى ؟! — دېدى.

مەن ئامالسىز قالدىم. ئۇ بىچارە يالاڭ ئاياغ، ئاچ قورساقتۇ. بىر قانچە تىيىن ھېيتلىقنى دەپ يىراقتىن كەلگەندۇر بەلكىم. مەن ئۇنى نائۈمىد قويسام خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. مەن ئورۇق ـ تۇغقانلارغا ھېيت قىلمايدىغان

---

① ئاناناس تامىقى — ئاناناس مېۋىسىگە كالا، قوي گۆشى ۋە باشقا خورۇجلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مېۋە مېيىدا پىشۇرىدىغان بىر خىل گۈرۈچ تامىقى.

② سادىق ھىدايەت — (1951 — 1903) ئىراننىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى.

بولدۇم دېسەم قانداق بولىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۇنى چاقىردىم. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئاھ، پەرۋەردىگار، قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خىجىللىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تەتۈر ئۇستىخان يىگىت ئىدى. بويۇنلىرى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان ئۇرغاچى ئۆردەكنىڭ بوينىغا ئوخشايتتى. بېشى كىرلىشىپ كەتكەن چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن چىقىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىنى بىر ئاز تۈزەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆسكىلەك قىزىل، سېرىق ۋە قوڭۇر چاچلىرى خۇددى سەرەبىلگە ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان چېۋىن لىچىنكىسىدەك بوينى بىلەن كېكىرتەكلىرى ئەتراپىدا لىپ ـ لىپ مىدىرلايتتى. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنى سۆپەتلەپ ئولتۇرماي ئىشتىنى توغرىسىدا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلسامىلا كۇپايە. ئۇنىڭ ئىشتىنى يۇيۇلۇپ ئاقىرىپ كېتىپىلا قالماي بىر غېرىچ قىسقىراپ كەتكەن، ئىككى يېنى خۇددى ئىككى تاۋۇز ئوغرىلاپ تىقىۋالغاندەك پومپىيىپ تۇراتتى.

مەن كەم ئۇچرايدىغان، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ بىر نېمىگە سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىمدا ئايالىم جىددىي ھالەتتە يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە:

— ھۇ ئۆلگۈر، ئەجەپ ئەقىللىككەنسىنا! بۇ ئۆردەكنى بۈگۈن بۇ مېھمانغا قويۇپ بەرسەك، ئەتىكى مېھمانغا نەدىن ئۆردەك تاپىمىز؟ ئەكەلگىنىڭ ئاران بىر ئۆردەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە دوستۇڭنى ئۆردەك كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلىشقا ماقۇل بوپسەن، — دېدى.

مەن ئايالىمنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، بەك بىپەرۋالىق قىلغانلىقىمنى بىلدىم ـ دە:

— ئۆردەك كاۋىپىنىڭ يېرىمىنى بۈگۈن ئىشلىتىپ، يېرىمىنى ئەتە ئىشلەتسەك بولامدۇ؟ — دېدىم.

— ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرەي دەمسىز؟ مەن داستىخانغا يېرىم ئۆردەك كاۋىپىنى قويغانلارنى كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن، دوستلىرىڭىزنى ئۆردەك كاۋىپىغا تەكلىپ قىلغان ئىكەنسىز، پۈتۈن ئۆردەك ئېلىپ چىقىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئايالىم.

بۇ گەپنى رەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. مەن ئىشنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يەنە بىر ئۆردەك كاۋىپى سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ھەر قانچە بولسىمۇ تېھراندەك بۇنداق چوڭ شەھەردىن بىر ئۆردەك تېپىش ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى تېپىش ياكى رۇستەمى باتۇر ① نى يېڭىشتەك تەسكە چۈشمەس! مۇستاپا ھەر قانچە دېۋەڭ بولسىمۇ بىرەر ئۆردەك تېپىپ كېلەر، دەپ ئويلىدىم ـ دە، شاققىدە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

— شۇ تاپتا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلدىڭ. مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، قانچە پۇل كەتسە مەيلى، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بازاردىن سېمىز بىر ئۆردەك ئەكىلىپ بەر، — دېدىم.

مۇستاپانىڭ چىرايى ئالا سېرىق

① ئىراننىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى باتۇر بولۇپ، ئۇ بارلىق رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغان.

بولۇپ كەتتى. ئاۋازى خۇددى چىلىم سېيخانىسىدىن چىققان ئاۋازدەك گاھ ئاڭلىنىپ، گاھ يوقاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ:

— ھېيتتا ئۆردەك سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، شەھەردە تىجارەت قىلىۋاتقان بىرمۇ دۇكان تاپقىلى بولمايدۇ، — دېگەنلىكى مەلۇم ئىدى.

مەن تاقەتسىزلىنىپ:

— مېنى نەس باسسۇن دەمسەن؟ — دېدىم. ئايالىممۇ ماڭا ئوخشاش تەلەپپۇز بىلەن تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ تۇرۇپ:

— خۇدا ھەققى، مەن ئەمدى نېمە دەيمەن! ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ئىش قىلىڭ. ياخشىسى، مېھمانلار كەلمىسۇن! — دېدى.

— خۇدا ئەقلىڭىزنى زىيادە قىلسۇن، بىر سائەتتىن كېيىن مېھمانلار كېلىدۇ. ئەمدى ئۇلارنى كەلمەڭلار دەمدۇق؟ — دېدىم.

— ئاغرىپ قالغان بولۇۋالسىز ـ دە! دوختۇر مىدىرلىماي يېتىپ ئارام ئالسۇن دېگەن دەيمىز، ۋەسسالام، — دېدى ئايالىم.

— ئەتىگەندە بىر قانچىسىگە تېلېفون بەرگەن تۇرسام، ئەمدى قانداقمۇ ئاغرىپ قالدىم دېگىلى بولسۇن؟ — دېدىم.

— ئۆردەك كاۋىپىنى ئىت ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. دېسىڭىزمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئايالىم.

— سىز مېنىڭ خىزمەتداشلىرىمنى چۈشەنمەيسىز، ئۇلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان، قارا قۇلاق كەلدى دېسە دۈم يېتىۋالىدىغان گۆدەك بالىلار ئەمەس. ئەگەر شۇنداق دېسەم «تازا يۈزسىز نەرسىكەنسەن! سەن ئۆردەك سېتىۋالغاندا بىر ئىت ئارقاڭدىن قوغلاپ كېتىپ، ئۇنى تاشلاپ بەرگەنمىدىڭ ـ يا!» دېيىشتىن يانمايدۇ، — دېدىم.

— ئېيتقىنا، ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟ ئۇلارغا دىيانەتلىك قىز مەسۇم ① نىڭ قەبرىگاھىغا بارىدىغان بولۇپ قالدۇق، دەڭ، شۇنداق دېسىڭىز بەلكىم ئۇلار كەلمەس، — دېدى ئايالىم.

ئايالىمنىڭ گەپلىرى بارغانسېرى ئېتىقسىزلاشقىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ راسا بىر دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى ياراتقان ئىگەمنىڭ پاناھىغا مەھكۇم قىلماق بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن:

— مۇستاپا، قارا، بۇ نېمە؟ بۇ مېنىڭ ساڭا ئاتىغان ھېيتلىقىم، بۇ پۇلنى ئېلىپ تېز قايت! يەڭگەڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ سالىمىنى تېز بېرىپ ھامما ئاچامغا يەتكۈز، ھامما ئاچامغا، ياراتقان ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، يېڭى يىلىڭ خۇشال ئۆتكەي، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي، دېگىن! — دېدىم.

ئەمما مېنىڭ گەپلىرىم مۇستاپانىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى ئويىنى يوشۇرمايلا:

— مۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، مېھمانلار بۇ ئۆردەكنى بۈگۈن يېمىسۇن. ئەتە ئۇنى ئىسسىتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئەپچىقمامدۇق! — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۇترۇقى يوقتەك

① مەسۇم — ئابباسىيە خاندانلىقىدىكى ماھون خەلىپىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، يىگىرمە ئىككى يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تېھراننىڭ جەنۇبىدىكى كوم شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ يەرگە سېلىنغان چوڭ مەسچىت ئىراندىكى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس جايى.

قىلىسمۇ، ئەمما ئىنچىكىلەپ قارىغاندا ئاساسى
يوقمۇ ئەمەس ئىدى. مەن قانداق قىلىش
توغرىسىدا ئويلاندىم. راستىنىلا كۆڭلۈم ۋال-
لىمىدە يوروپ، كەيپىم كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ
بىلەن مۇستاپاغا:

— مۇستاپا، مېنىڭ سېنىڭ دانا پىك-
رىڭنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم. ئەمما، بۇ
تۈگۈننى يەنىلا ئۆزۈڭ يەش. ھەر قانداق
مېھمانىنىڭ بۇ ئۆردەككە قول
تەگكۈزمەسلىكىگە ئۆزۈڭ بىر چارە قىل، —
دېدىم.

مۇستاپا گېپىمنى تېخى توغرا
چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا
بۇنىڭغا قىزىقتى. مەن تۆگىنى چۆلۈكىدىن
قايسى تەرەپكە تارتىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا
باشلىدىم. قانداق قىلسام ئۇنى خۇش
قىلارمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن نەچچە ۋاقىت-
تىن بېرى ئالايىتەن تەييارلاپ كەلگەن سىپايە
گەپلىرىمنى ئىشلىتىشكە باشلىدىم:

— ئولتۇرماي نېمە قاراپ تۇرىسەن؟
قېنى، يېنىمغا يېقىن كېلىپ ماۋۇ يۇمشاق ئو-
رۇندۇققا ئولتۇر! ئېيتە، سالامەت
تۇرۇۋاتامسەن؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟
خىزمەت تېپىپ بېرەيمۇ؟ ياخشى خوتۇندىن
بىرنى تونۇشتۇرايمۇ؟ ھە قېنى، يە ـ ئاله! ماۋۇ
بىر رومكىنى ئىچىۋەت! بۇ يازىد ① نىڭ ئالا-
ھىدە مەھسۇلاتى...

مۇستاپا ئېگىشكىنىچە يېپەك قاپلىق
يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ ئەزەلدىن
ئۇچرىتىپ باقمىغان بۇنداق پۇرسەتتىن ۋە
ئاڭلاپ باقمىغان شېرىن سۆزلەردىن ھايا-
جانلىنىپ رەھمەت ئېيتماقچى بولدى. ئەمما،
مەن ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەي يەنە سۆزۈمنى
داۋام قىلدىم. ئاھ پەرۋەردىگاھ، گۇناھىمنى
مەغپىرەت قىلغايسەن، مەن نېمىلەرنى دەپ
كەتكەندىمەن!

— سەن مېنىڭ كەنجى ئىنىم،
بۈگۈن كېتىمەن دېسەڭ بولمايدۇ. سەن دې-
گەن مېنىڭ ئەزىز مېھمىنىم. بىر يىلنىڭ
مابەينى بىر قېتىممۇ كەپ قوياي دېمىدىڭغۇ!
بىزنى ئۇنتۇپلا كەتتىڭمۇ؟ بۇ شەھەردە
مەندەك بىر قېرىندىشىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ
قالما، بىز بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتىن
زېرىككەن ئوخشايسەن! ئاللا ئىگەمدىن
ھۆكۈم بولمىغۇچە بىز بىلەن ھەمداستىخان
بولۇشۇڭ كېرەك! مەن يەڭگەڭگە ئېيتاي،
مودا كىيىملىرىمدىن بىر قۇر ئەپچىقىپ
بەرسۇن، كىيىۋال، يېڭى گالىستۇك تاقا، ھا-
يال بولماي يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر. سەن
ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى
ئوبدان بىلىۋال. يارما، كاۋاپ، پولۇ، شاراب،
قورۇمىلار يەپ ـ ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن
ئۆردەك كاۋىپى تارتىلىدۇ. شۇ چاغدا سەن،
ۋاي ـ ۋۇي! بەك جۇۋاپ كېتىپسىلەر. قور-
ساقنىڭ يەيدىغان يېرى قالمىدى! يەۋېرىپ
قورساق يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى! تاماق
سىلەرنىڭ بولغان بىلەن قورساق بىزنىڭ-
دە! بۇنداق ئېسىل ئۆردەكنى پارچىلاشقا ئا-
دەمنىڭ قارنى ئاغرىيدۇ ـ دە! دەيسەن. بۇ
چاغدا مەن ۋە خىزمەتداشلىرىممۇ ئۆردەككە
قول سالالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن سەن يەنە،
ياخشىسى ئۇنى ئەكىرىۋېتىڭ! ئەگەر

① يازىد ـ ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر شەھەر.

يېمىسەڭلار بولمايدۇ، دەپ تۇرىۋالسىڭىز تېخى بايرام بولغاندىكىن باشقا بىر كۈنى كېلىپ يەپ كېتەرمىز، خۇدا ھەققى بۇ گۈن بىزنى زورلىماڭلار، بۇ يەردىن كېتەلمەي قالمايلى يەنە. بىزنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭىز غۇ يوقتۇر ؟! دەيسەن. بۇ چاغدا مەنمۇ مېھمانلارغا ئېلىڭلار، بېقىڭلار دەپ تەكەللۇپ قىلىپ تۇرىمەن. سەنچۇ ؟ سەن، بولدى، ئەمدى خوش دېيلى، دەيسەن. شۇنىڭ بىلەن مېھمانلارمۇ ساڭا ئەگىشىپ خوش دېيدۇ.

مۇستاپا ئېغىزىنى ئېچىپ، بويۇننى سوزغىنىچە گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، پەرۋايىغا ئالمىغاندەك قىلىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئاۋازىنى رۇسلىۋېلىپ:

— خوپ، خاتىرجەم بولۇڭ، سىز دېگەندەك قىلىمەن، — دېدى.

مەن دېگەن گەپلىرىمنى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەكرار دېگۈزدۈم ۋە تولۇق يادلىۋال دېدىم. مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى تېنىمەي دەپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ كاستيۇم ـ شىمنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ بولغاندىن كېيىن، يان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مەن يەنە سادىق ھىدايەتنىڭ «كۆلەڭگە» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئىككى سائەتتىن كېيىن مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولدى ۋە شىرەنى چۆرىدەپ غىزاغا ئاچ بۆرىدەك تۇتۇش قىلىشقا راسلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇچىسىغا يېڭى كاستيۇم ـ شىم كىيگەن، ئالىي دەرىجىلىك گالستۇك تاقىغان، پۇتىغا كالتە پايپاق، پارقىراپ تۇ-

رىدىغان كالتە قونجلۇق ئۆتۈك كىيگەن مۇستاپا مەست ئادەمدەك دەلدە ڭشىگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى يېڭىدىن ئېلىپ، چىرايىدىكى قورۇقلارنى ئۇپا ـ يۇز مېيى دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن پەردەزلىگەنىدى. ئۇ چاچلىرىنى مايلاپ بۇ-رۇن ـ قۇلاقلىرىنىڭ تۈكلىرىنى ئالغانىدى. بويىنىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئىش قىلىپ، قالتىس ياسانغانىدى. ئۇ كىنودا ئاساسلىق رولنى ئېلىپ، ئېكراندىن چۈشكەن غېرىپتەك سورۇنغا ھۆسن قوشتى. ئۇ شۇنچە ئېگىز بويىغا قانداق سېھىر ئىشلەتكەندۇ ؟ كاستيۇمىم ئۇنىڭ بويىغا خۇددى ئۇنىڭغا ئاتاپ تىككۈزگەندەك دەل كەپتىغۇ، دەپ ھەيران قالدىم.

مۇستاپاخان تولىمۇ سالاپەتلىك ئولتۇرغانلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، سۇرلۇك، تەمكىن قىياپەتتە يېنىمدىن ئورۇن ئالدى. مەن ئۇنى پايتەختىمىزدىكى كامالەتكە يەتكەن ياش ئىلىم ئەھلى سۈپىتىدە خىز-مەتداشلىرىمغا تونۇشتۇرۇدۇم. ئۇنىڭ مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى جاي ـ جايىدا ئو-رۇنلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. ئىش قەدەممۇ قەدەم ئوڭۇشلۇق كې-تىۋاتاتتى. مەن خۇشلۇقۇمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر رومكا ئاق ھاراق قۇيۇپ، تەك-ەللۇپ بىلەن:

— مۇستاپاخان ئەپەندى، ئىسپىھان① نىڭ شارابىنى بىر قەدەھ ئوتلاپ بېقىڭا، گرادۇسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، — دېدىم.

ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم

① ئىسپىھان — ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى شەھەر.

پەيدا بولدى ـ دە:

— مەن فرانسىيىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كونىياكلىرىنى ئىچىپ ئادەتلىنىپ قاپتىكەنمەن. شۇنداقتىمۇ سىز تۇتقان بۇ هاراقنى خۇش دەپ كۆتۈرىۋەتمىسەم بولماس، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە هاراقنى ئىچىۋېتىپ، رومكىنى ماڭا سۇنۇپ بەردى:

— يامان ئەمەسكەن! تەمى لېنىنگرادنىڭ «ۋوتكا» سىغا بەك ئوخشايدىكەن. يېقىندا سادىرووۋ دېگەن بىر سوۋېتلىق ئادەم ئۇنىڭدىن بىر قانچە بوتۇلكا ئالغاچ كەلگەنىكەن، ئاغىنىلەرگە قۇيۇپ بېرىۋېدىم، ئېسىلكەن دەپ ماختىشىپ كەتتى. ئەمما، ئىسپىهانىنىڭ بۇ هارىقىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىكەن. ياخشى هاراق ئىكەن، بۇنىڭدىن بىر كۈنى ئۈچ ـ تۆت بوتۇلكا ئېلىپ قويسام بولغۇدەك، خۇش، يەنە بىر رومكا كەلتۈرۈڭ، يەنە بىر تېتىۋالاي! — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىدىغان ئىش بولغىلى تۇردى. هەش ـ پەش دېگۈچىلا بىر شىشە ئاق هاراقنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى، باشقا هاراقلارمۇ «ئىلىم ئەهلى» يىگىتنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ هاراق تۈگىگى ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ تائام تاللاپ ئولتۇرمىغان يەردە هاراق بىلەن كاۋاپنى تاللاپ يۈرەمتى؟! ئەمما ئۇنىڭ سالاپىتى تامامەن ئۆزگىرىپ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتتى. ئۇ تولا سۆزلەپ، ئۆزىنى ماختىغىلى تۇردى. مېهمانلارغا گەپ بەرمەي، سورۇننى بېشىغا كىيدى. هاراق خۇددى ئاچقۇچتەك ئۇنىڭ گەپ ـ ساندۇقىنى ئېچىۋەتتى. ئېغىزىدىن گەپ پىلىموتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتاتتى. بۇ خۇددى «ئەلىنىڭ شەمشەر بىلەن ئاينى ئىككى قىلغانلىقى» دەك بىر مۆجىزە① بولغانىدى.

بۇ نومۇسسىز ئەبلەخ داۋۇت ئاقساقال② بىلەن ئابدۇل ـ ئالەم③ جانابلىرىدىن باشقا هېچنەرسىنى بىلمەيتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ چىكاگو، مانچېستىر، پارىژ ۋە ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىكى باشقا شەهەرلەردە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ۋالاقشىپ سۆزلەشكە باشلىدى. مەن ئىچىمدە ئۇنى مىڭ بىر قارغىدىم، هەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، پەقەت شۇلا سۆزلەيتتى. قىزىق، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرنى توختىماي يەپ تۇرسىمۇ گەپ قىلىشقا ئازراقمۇ دەخلى قىلمايتتى. ئۇنىڭ بىردە تائام يەيدىغان،

---

① ئەلى — مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى، تۆتىنچى خەلىپە، ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزهىپىنىڭ ئىجادچىسى ۋە شىئە مەزهىپىنىڭ تۇنجى ئىمامى. «ئەلىنىڭ شەمشىرى بىلەن ئاينى ئىككى قىلغانلىقى» شىئە مەزهىپىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر رىۋايەت.

② دىن ئاساسچىسىنىڭ ئوغلى داۋۇت، يەنى داۋۇت زاهال ئىسپاهاندا تۇغۇلغان. ئەينى چاغدىكى مەشهۇر ئىسلام قانۇنچىسى بولۇپ، داۋۇت دىنىي مەزهىپىنى ئىجاد قىلغان. مىلادى 891 ـ يىلى باغدادتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

③ ئابدۇل ئالەم پادىشاھ (1204 ـ 1171) تېهراننىڭ جەنۇبىدىكى لېير شەهىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ شەهەردە ئۇنىڭ قەبرىسى بار.

بىرىنىدە پو ئاتىدىغان ئىككى ئىغىزى باردەك قىلاتتى. گەپ ئۇن ئۈچىنچى يانۋار ① كۈنىگە كەلگەندە ئۇ قەسىدە ئوقۇشقا باشلىدى ۋە مەن بىر قەسىدىلەرنى تۈنۈگۈن يازغان، دېدى. مەدھىيە، ماختاش سادالىرى ئۆيىنى بىر ئالدى. ئىككى جاناب ئىنتايىن زوقلانغان قىياپەتتە «قەسىدىلىرىڭىزنىڭ ھېلىقى مىسرالىرىنى يەنە بىر ئوقۇپ بېرىڭا» دەپ تۇرۇۋالدى. يەنە بىر مېھمان شېئىر بىلەن ئەدەبىياتقا قەۋەت زوقمەن بولسا كېرەك. شائىرنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، شائىرنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

ـــ پاھ، خۇدا ھەققى، كارامەت پەيزى يېزىلىپتۇ! ـــ دېدى.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، شائىردىن تەخەللۇسىڭىز نېمە؟ دەپ سورىدى. مۇستاپا جۇڭگولۇقلاردەك كەمتەرلىك بىلەن:

ـــ مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارايلى، تەخەللۇس قوللىنىش ئادىتىنى تۈگىتىش كېرەك. ئەمما، مەن بۇرۇن ۋاپات بولغان بىر داڭلىق يازغۇچى (ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى) بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دوست بولۇپ قالدىم. بىز شۇ قەدەر يېقىن دوست ئىدۇقكى، مەن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن پروفېسسور دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنىدىم. ئەمما، ئۇ سۆزنى دائىم ئىشلەتكۈم كەلمەيتتى، ـــ دېدى.

سورۇندىكىلەر جەزملەشتۈرۈپ:

ـــ بۇ تەخەللۇستىن ياخشى تەخەللۇس بولماس، سىزگە تازا ماس كەپتۇ ئەمەسمۇ! ـــ دېيىشتى.

بۇ چاغدا بالكوندىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. «پروفېسسور» ئەپەندى خىزمەتكار تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

ـــ ماڭا كەلگەن تېلېفون بولسا كېرەك، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرى مېنى چاقىرتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، سەن تېلېفوننى ئېلىپ دەپ قوي، مەن تاماق يەۋاتىمەن. بىر ئازدىن كېيىن ئۇرسۇن، ـــ دېدى.

ئەمەلىيەتتە تېلېفون خاتا ئۇرۇلغانىدى. كۆزلىرىم پات ـ پات ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا بۇرچۇڭنى ئادا قىلالمىسەن، دەپ ئىشارەت قىلاتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۆلۈك توخۇنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى، ھامان شىرەگە تىكىلگىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى. ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كارىمۇ يوق ئىدى. يارما، كاۋاپ، پولو ۋە مەي ـ شارابلار يەپ ـ ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلار كېكىرىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۆردەك كاۋىپىنى ئېلىپ چىقىش نۆۋىتى كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۆردەك كاۋىپى پارچىلىنىپ كەتمىسە بولاتتى دەپ ئىچىمدە خۇدادىن تىلىدىم، خىزمەتكار پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى ۋە سېرىق ماي بىلەن پىشۇرۇلغان چوڭ سېمىز ئۆردەكنى (ئۆردەكتىن پىرىلداپ ماي

① «ئۇن ئۈچىنچى يانۋار» ـــ ئىران شەمسىيە كالېنداردىكى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بولۇپ، مىلادى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ئاشۇ كۈنى شەھەر ئاھالىسى «كۆكلەم سەيلىسى» قىلىدۇ.

تامچىپ تۇراتتى) شىردگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن مۇستاپاغا قارىدىم. ئۇ تېخى ئۆردەك كاۋىپىنىڭ مېزىلىك ھىدىنى پۇراشقا ئۈلگۈرمەستىنلا خۇددىنى يوقىتىپ قويغانىدى. خۇدا! ئۆزۈڭ بار! ئۇنىڭ تېخى نېرۋىلىرى قالايمىقانلاشمىغاندەك، زېھنى سەگەكتەك قىلاتتى، ئۇ ئۆردەكنى كۆردى ـ دە، مېھمانلارغا بۇرۇلغىنىچە:

— جانابلار، راستىنى دېسەك ھۇرمەتلىك ساھىبخېنىمىز بىزنى بىر دەم بىكار قويمىدى. يەنە ئۆردەك ئېلىپ چىققىنىنى قارىمامدىغان؟ مەن ئۆزۈمنى دېسەم بىر دەم بىكار تۇرماي يەپ ـ ئىچتىم. شۇ تاپتا كاللام بىر يەردە، ئۆزۈم بىر يەردە، جەننەتتى رىزۋاندىن كەلتۈرۈلگەن نازۇ نېمەت بولسىمۇ ئەمدى يەيدىغان يېرىم قالمىدى. ھېچقايسىمىزنىڭ بۇ يەردىن چىقىپلا دوختۇرخانىغا بېرىپ ياتقۇمىز يوق. ئادەمنىڭ قورسىقى تىقسا كىرىپ كېتىۋېرىدىغان تاغار ئەمەس، — دېدى. ئارقىدىنلا خىزمەتكارنى چاقىرىپ:

— ھوي بۇرادەر، كەل بۇ ياققا! جانابلار ئۆردەكنى ئېلىۋەتسۇن دەيدۇ، ئالە، ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەت! — دېدى.

مېھمانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەڭقىسچىلىقتا قالدى. يېڭى پىشۇرۇلغان ئۆردەك كاۋىپىنىڭ مېزىلىك ھىدى ئىشتىھا دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ھېچ بولمىسا ئېغىز تېگىپ، قوي گۆشى كاۋىپى بىلەن ئۆردەك كاۋىپىنىڭ تەمى قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىپ بېقىش كېرەك ئىدى. ئەمما «پروفېسسور» دەك كاتتا ئادەم يېمەيلى دېگەندىكىن باشقا مېھمانلار نېمە دېمەكچى، ئۇلارنىڭ كۆزى ئۆردەك كاۋىپىدا بولسىمۇ، بىلىپ، بىلمەي «شۇنداق بولمامدىغان»، «ئەلۋەتتە» دېگەندەك گەپلەرنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىدى. ئۇلارنىڭ مۇستاپانىڭ پىكرىگە ماقۇل بولماي باشقا ئامالى يوق ئىدى. مەن پىلانىمنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەت خۇش بولدۇم. مۇمكىن بولسا مۇستاپانى «ئەجەب ياخشى قىلدىڭ» دەپ ماختىغۇم ۋە ئۇنىڭ دورداي كالپۇكلىرىغا چوكۇلدىتىپ سۆيگۈم كېلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يېنىمدىن يىراق قىلمىسام بولغۇدەك، بولسا ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ بېرىمەن، دەپ ئويلىدىم مەن كۆڭلۈمدە، ئەمما مەن يۈزۈمنى ساقلاش ۋە ۋەدەمگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن داستىخاندىكى پىچاقنى ئېلىپ خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (1) ئوغلى ئىسمايىلنى بوغۇزلىماقچى بولغاندەك ئۆردەك كاۋىپىغا — پەرۋەردىگار ئۆردەك كاۋىپى دۇنيا بىلەن بىرگە بولغاي — ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇم. ھېچقانداق ئىگە ـ چاقىسى يوق بۇ جانىۋارنىڭ قارنىنى پىچاق بىلەن يېرىپ پارە ـ پارە قىلىپ، ئۇنى تەكەللۇپ بىلەن «پروفېسسور ئەپەندىنىڭ قورسىقىغا

(1) ئىبراھىمغا ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە ئاللادىن ۋەھى كەلگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم پىچاقنى ئوغلىنىڭ گېلىغا سۈرگەنمىش. ئاللا ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پىچىقىنىڭ بىسىنى ياندۇرۇۋېتىپ، ئىسمائىلنىڭ جېنىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالغانمىش ھەم ئوغلى ئىسمائىل ئورنىدا قۇربانلىق قىلىشقا ئاتاپ ئەرشتىن بىر قوشقارنى ئەۋەتىپ بەرگەنمىش. مانا بۇ قۇربان ھېيتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدۇر.

تىڭشۇەتكۇم ۋە: مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ بىر ئېغىز تېگىلىك ئەپەندى، ئاشپەز ئۇستامنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىسۇن، بولمىسا ئۇستام خاپا بولۇپ قالىدۇ، دېگۈم كەلدى.

خەير بىيەت، قاسساپ ئۆردەكنىڭ تەلىنى كېسىۋەتكەندى. بولمىسا ئۇ قاتتىق نومۇسسىزلىقىم، تىلىم شېكەر، دىلىم زەھەرلىكىمنى راسا مەسخىرە قىلىۋەتكەن بولاتتى. مېھمانلارنى، يەگىلار ئېلىڭلار، سەت تۇرىدۇ، دەپ تۇردۇم. ئەمما، مۇستاپا قاتتىق تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مېھمانلار مۇستاپانىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ھەممەيلەن تەگلا، بولدى پارچىلاپ زايە قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، ئەكىرىۋېتەيلى، دېيىشتى.

ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك بولۇۋاتاتتى. ئەمما ئۈيلىمىغان يەردىن بىخەستىلىك قىلىپ:

ــ ئەپەندىلەر، بۇ ئۆردەكلەرنىڭ قورسىقىدا سېرىق ماي بىلەن پىشۇرۇلغان ئالۇچا بار ئىدى، ئېغىز تەگمىسەڭلار ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولارمىكىن؟ ــ دەپ سالدىم.

ئەمما مەن بۇ گەپلەرنى تېخى دەپ بولمايلا مۇستاپا ئولتۇرغان ئورنىدىن لىۆڭڭىدە تۇردى ـ دە، قولىنى ئارىدەك ئۇزارتىپ، ئۆردەكنىڭ بىر قانىتىنى پارچىلاپ ئېلىپ، ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئاغزىغا سالدى ۋە:

ــ شۇ تاپتا سىلەرمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۆردەكنىڭ قورسىقىدا سېرىق ماي بىلەن پىشۇرۇلغان ئالۇچا بار ئىكەن. ھۆرمەتلىك ساھىبخانىنىڭ رايىنى قايتۇر ساقمۇ بولماس. ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئاۋۋال مەن تېتىپ كۆرەي، ــ دېدى.

باشقىلار بۇنداق پۇرسەت كېلەر دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇلار مانتا كۆرمىگەن قاسقانغا دۇم چۇشۇپتۇ دېگەندەك ئۆردەككە دۇم چۇشۇشتى. ھەش ـ پەش دېگۈچىلىك ئۆردەكنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ قالمىدى. ئۆردەك خۇددى رىۋايەتتىكى تۆگىدەك بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئون ئىككى باتۇر ئېغىزى ۋە ئۇلارنىڭ ئاشقازانلىرى تەرىپىدىن چايناپ، يۇتۇش، ھەزىم قىلىش ئارقىلىق پاك ـ پاكىزە تۈگىتىۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «بىر توپ قىلىنلار بۇ ئۆردەكنى شۇنداق پاك ـ پاكىزە يەۋەتتىكى، گويا بۇ ئۆردەك تۇخۇم ئىچىدىن چىقىپ باقمىغان، بۇ دۇنياغا كېلىپ باقمىغاندەكلا ئىدى.» ئۇلار: ئادەم گۆشخور ھايۋان، دېيىشتى. ئەمما، بۇ بىر توپ غەلىتە بىر نېمىلەرنىڭ قىزىق يېرى، شۇكى، ئۇلار ئۆردەكنىڭ سۆڭەكلىرىنىمۇ قويماي يەۋەتتى. راستىنى دېسەم، ئۇلار ئەسلىدە ئۆردەككە ئىشتىنھا ساقلاپ تۇرغاندەك ئىكەن. بۇ جانابلار شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ۋىلكا، پىچاقلار بىلەن بىر خەيۋەن ① گۆش، قېرىن، قورۇما، تاماقلارغا ئىككى سائەت ھۇجۇم قىلدى، دېسە ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيتتى، ھەتتا يەتنۇسنىڭ تېگىنىمۇ پاك ـ پاكىز يالىۋەتكەندى. بۇ ئون ئىككى مېھماننىڭ بىرىمۇ چەتتە قالماي يەنە يەۋاتاتتى، چايناۋاتاتتى. مەن بۇ ئەپەندىلەرنىڭ سېرىق ماي بىلەن پىشۇرۇلغان كاۋاپنى پارە ـ پارە قىلىپ قورساقلىرىغا دەپىن قىلىۋات

---

① ئېغىزلىق بىرلىكى بولۇپ، ئۈچ كىلوغا توغرا كېلىدۇ.

قانلىقىنى، ئۆردەكنىڭ بۇ «قوزغۇن» لارنىڭ يېمىكىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، خۇددى بۇ ئۆردەك شىرەگە قويۇلۇپ باقمىغاندەكلا پاك ـ پاكىز قۇرۇتىۋېتىلگەنىدى.

مەن بۇ قورقۇنچلۇق سورۇنغا قاراپ، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇلارغا يالغاندىن كۈلۈپ، قىزغىن بولۇشتىن باشقا نېمە ئىلاجىم بار؟ ئەمما مەن يەنە «پروفېسسور» ئەپەندىدىن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېرىڭ، دەپ ئۆتۈندۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن يېپەك قول ياغلىقىنى ئېلىپ (مەن بۇ قول ياغلىقىنى مەخسۇس تىلاۋەت قىلغان چاغلىرىمدا ئىشلىتەتتىم) تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن «گۈلدەك چىرايلىق» ئېغىز ـ لەۋلىرىنى سۈرتتى ۋە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۋېتسىيىدىكى چاغلىرىدا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، باي ـ ئەمەلدارلار بىلەن جاڭگالدا ياۋا توڭگۇز ئوۋلىغانلىقىنى، شۋېتسىيىدە بىر نازىنىن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ مۇھەببەتلەشكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلىدى. ئۇ بۇنداق سۆزلەۋاتسا مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ ئولتۇرغانلار خۇددى ئاللادىن كەلگەن ۋەھىدەك ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تامامەن راست دەپ قىلىشتى ۋە شۇنداق، شۇنداق، دەپ قۇۋۋەتلەشتى.

ئۆردەكنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن «خوش باقىلى! قاراپ تۇرماي ئالايلى» دېگەن ئۆتۈنۈش ـ تەكەللۇپلەر ئۆيىنى بىر ئالدى، ـــ خۇدا ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن! ـــ مەن بۇ ئىشتىن قادىر ئىگەمنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى، چاكىنا، ھېيلىگەر بەندىلەرنىڭ مۇتىھەملىكىنى، يولسىزلىقىنى ۋە ئىپلاس، دۆت مۇستاپانىڭ نومۇسسىزلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. شۇ ئەسنادا يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى. مەن تېلېفون يېنىغا تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كېلىپ، قىزلارنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان «ئۇۋچى» ئەپەندىگە:

ـــ مۇستاپاخان ئەپەندى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرى سىزگە ئۆزى تېلېفون بېرىپتۇ. سىز بىلەن دېيىشىدىغان گېپى بار ئىكەن، ـــ دېدىم.

بۇ ئەبلەخ كۆككە بالدۇرلا چوت سوقۇپ قويغان چېغى، ئۇ ھېچبىر تەمتىرىمەيلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ماڭا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتى.

مەن ئۆيدىن چىقىپلا ئىشىكنى شاقىدە تاقىدىم ـ دە، بۇنىمۇ يەۋېتىڭ، دەپ بىر كاچات سوۋغا قىلدىم. بەش پەنجەمنىڭ ۋە ئالقىنىم بىلەن بىلىكىمنىڭ ئىزى «پروفېسسور» ئەپەندىنىڭ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە گۈلدەك ياراشقانىدى.

ـــ گېپىڭ ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىۋەتتى. سەن ئۆردەكنى كۆرۈپلا پو ئاتقىلى تۇردۇڭ. مەن ئېغىزىمنى چىڭ تۇتۇپ، ھېچنېمىنى ئاشكارىلىمىدىم. ئىشەنچىمنى يەرگە ئۇردۇڭ. مېنى ئالدىدىڭ. بۇ بىر كاچات ساڭا بەرگەن مۇكاپاتىم. ئەمما، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ! ـــ دېدىم.

ئۇ تاماق يېگەن چاغدىكى سالاپىتىگە، ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. قاتتىق ھۆمىدەپ، تىلىنى چاينىغىچە:

ـــ ھەي ھۆرمەتلىك بىر نەۋرە ئاكا. مەندە نېمە گۇناھ! ئېسىڭدە بارمۇ، بىز دەس-

لـەيتە كېلىشكەندە، سىز مېنى پەقەت ئۆردەك كـاۋىـپـى ئۇستىدىلا سۆز قىلىسەن. دېمەكچـى ىدىڭىز؟! كىم سىزنى بۇ ئۆردەك سېرىق ماي بىـلـەن پىشۇرۇلغان، ئۆردە كىنىڭ قورسىقىدا ئالۇچا بـار، دەك دەپـتۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، گۇناھ بار بولسا، گۇناھ مەندە ئەمەس، ئۆزىڭىزدە، — دېدى.

ئۇنـىـڭ گـەپلىرىدىن بېشىم قېيىپ، كـۆزلـىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مەن بۇ باھانـىـلـەردىـن ھەيران قالدىم ۋە ئىختىيارسىز دەرۋازىـنـى ئېچىپ، بۇ تۇز كور يىگىتنى ئۆيـدىـن قـوغلاپ چـىـقـاردىم. مـەن غەزىپىمنى بېـسـىـپ، ئەسلى ھالىتىمگە كېلىش ئۈچۈن ھويلـىـدا بىر دەم ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدىم. كېيىن كـۈلگـەن قـىـيـاپـەتتە مېھمانلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردىم. مېھمانلار قالايمىقان يېتىشقىنىچە ئون بەش ئۇرۇقـلـۇق ① ئويـۇن ئوينـاۋاتاتتـى. ئۇلار تامـامـەن «ئالـتـىـدە بـەش» نـى چىقىرىپ، شاھماتنىڭ ئالدىدا مىڭىشىنىڭ كويىدا بولۇۋاتاتتى.

— مۇستاپاخان ئەپەندى سىلەرگە خوش دېيـىـشـكـىـمۇ ئۈلگـۈرمەي كېتىپ قـالغانلىقى ئۈچۈن سىلەردىن ئەپۇ سورىدى. ئـىـچـكـى ئـىـشلار مىنىستىرلىكى ۋەزىرى ئۇنى ئېـلـىـپ كـېـلـىـشكە ماشىنىسىنى ئەۋەتىپتۇ. شـۇڭـا، ئۇ ھەر قـايـسـىڭلارغا مـالاللـىـق يـەتـكـۈزمەي دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى، — دېدىم.

مـېـھـمـانلار ئۇنىڭ «خوش» دېمەي كـېـتـىـپ قالغانلىقىدىن بەك ئەپسۇسلاندى. ئۇنـىـڭ ئۈچۈن كـۆڭـۈللـۈكـىـنـى، ئۇستا نـاتـىـقـلـىـقىنى، ناھايىتى بىلىملىكنى تەرىپـلـەشـتـى. ئۇنـى كـېيىن ئۆيلىرىگە چاقىرىش ئۈچـۈن مـېـھـمـانلار مەندىن ئۇنىڭ تېلېفون نومـۇرى بىلەن ئادرېسىنى سوراشتى. ئەمدى مـەندە يوشۇرغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغانىدى. مـەن ئار - نـومۇس دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ، ھېچبىر ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىدىن خالاس بولدۇم.

ئـەتـىـسى مۇستاپاخان «پروفېسسور» ئەپـەنـدىـنـىـڭ يېڭى تىكتۇرگەن كاستيۇم-شىمىم بىلەن پايپاق، ئاياغ، گالستۇكلىرىمنى ئېـلـىـپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. ئەمما، ئۇنـى ئۆزۈم ھەيدىـۋەتكەنىدىم. بۇ ئۆز قولۇم بىـلـەن ئاتقان ئوق ئىدى. ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالـغـان نـەدە بـار؟! بـۇ ئىش مېنى يەنە بىر قېتىم تەربىيىگە ئىگە قىلىپ «قانداق بولۇشقا تېگىشلىك بولسا شۇنداق بولىدۇ» دېگەن بۇ ماقالىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈردى. قولۇمنى ئوتقا ئۆزۈم تـىـقـتـىـم. نـەھايەت ئۆستۇرۇلۇشىمۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. مەن يەنىلا بۇرۇنقى پېتىمچە قېلىۋەردىم.

(خەنزۇچە «تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى - 17» ناملىق كىتابتىن)

**ئابدۇغۇپۇر سەئىدىن**

**ئۇسمانجان مۇھەممەت** تەرجىمىسى

---

① بۇ ئويۇندا ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئون بەش تالدىن ئۇرۇق بولىدۇ. شاھماتقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇرۇقنى ئېتىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇرۇق ئورنى بېكىتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئىراندا خېلى ئومۇملاشقان. «ئالتىدە بەش» دېگەن سۆز بۇ ئويۇننىڭ كەسپىي ئاتالغۇسى.

غۇنچەم سەمەت

# تۆھپىكار

(ھېكايە)

ماشىنىدىن چۈشۈشۈمگىلا كۆز ئالدىمدىكى قويۇق ئىس چىقىرىپ تۇرغان ئاسمانپەلەك تۇرخۇنلار، يېڭىدىن سېلىنغان ئېگىز - پەس ئۆيلەر، بەزىلىرىگە خىش، بەزىلىرىگە كۆمۈر، بەزىلىرىگە قىزىل توپا قاچىلىنىپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان تراكتور، ماشىنىلار، خىش توشۇۋاتقان، توپا چاغلاۋاتقان، تراكتور - ماشىنىلارغا خىش قاچىلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۈلكە - چاقچاق، قى - چۇلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن ئاجايىپ قاينام - تاشقىنلىق ھايات مەنزىرىسى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۆزۈمنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، تۆت ئەتراپىمغا قاراپ كەتتىم. راستىنى دېسەم ئادەمنىڭ قارىغۇسىمۇ كەلمەيدىغان بۇ خارابىلىقنىڭ شۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە پەقەت چىن پۈتكۈم كەلمەيتتى. ھەيران قالغانلىقىمدىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. مېنى ناھىيە بازىرىدىن بۇ يەرگە ئالغاچ كەلگەن شوپۇر ئۇستام:

— مانا نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دېگەندىلا ئاندىن ھوشۇمغا كەلگەندەك بولۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئالدىم - دە، شوپۇر ئۇستامغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىمىز تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم.

يېزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن ھالقىپ كەتكەن مەنزىرىسىنى كۆرۈپ خىيالىم بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى ئىشلارغا كەتتى.

* *

مەن ئالدىنقى قېتىم يۇرتقا كەلگەن كۈنى كەچتە ھەممىمىز جەم بولۇپ، تېلېۋىزوردىن «گۈلدەستە» نومۇرلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ كۆرۈۋاتاتتۇق. تۇرۇپلا ئېكراندىكى سۈرەت سەكرەپ، ئادەمنى جېلى قىلغىلى تۇردى. ئىنىم تېلېۋىزورنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىنى تولغاپ، ئۇيان - بۇيان قىلىپ باقتى. لېكىن، كاشىلىسى پەقەت ئوڭشالمىدى.

— ئەركىنىنى كۆرگۈسى كېلىپ قاپتۇ بۇ كاساپەتنىڭ، — دېدى دادام ئېچى پۇشۇپ.

— ھەئە، ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ باقمىساق بولمىدى، — دېدى ئاپام، دادامـ

نىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئەركىن مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى. گەرچە ئۇ دەرسلەردە ئەلاچى بولمىسىمۇ، ئەمما فىزىكا، خىمىيە تەجرىبىلىرىگە ناھايىتى قىزىقاتتى. مەھەللىمىزدىكى بىرەرى ئۆيىگە توك چىراغ ئورناتماقچى بولسا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ياردەملىشەتتى. ئانچە ـ مۇنچە بۇزۇلغان رادىئو، ئۈنئالغۇلارنى ياساپ بېرەتتى. بۇلار گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ بۇ چەت يېزىمىز ئۈچۈن چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇ ھەم ئۇستا ۋېلسىپىت رېمونتچىسى ئىدى. سىنىپىمىزدا كۆپىنچىمىز ۋېلسىپىت بىلەن قاتناپ ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ۋېلسىپىتلىرىمىز بۇزۇلۇپ قالسا دائىم ئۇنىڭغا ياساتتۇق. ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا ۋېلسىپىتلىرىنى ياساتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇنى ھەممىمىز ھۆرمەتلەيتتۇق. ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا تېخى «ئەپچىلەم» دەپ لەقەممۇ قويۇۋالغانىدى.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھازىر ئائىلە ئېلېكتر ـ سايمانلىرىنىلا ئەمەس، تراكتور، ماشىنىلارنىڭمۇ كاشىلىسىنى تېپىپ چىقىپ ياسىيالايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر نە ـ نەلەردىن كېلىپ ئۇنىڭغا بۇزۇلغان نەرسىلىرىنى ياسىتىدىكەن. بۇلارنى ئاڭلاپ خېلى خۇش بولدۇم. ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. مەھەللىمىزدىكى ئۆيلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە ئەركىن ئۆزىلا چىقىپ قالدى ۋە مېنى كۆرۈپلا:

— ئەجەپ ياخشى، يولۇمنى قىسقارتتىڭ. مەن سېنى چاقىرغىلى ماڭغانىدىم. قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، — دەپ مېنى ئۆيگە باشلىدى. ئۆيگە كىرسەم ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پېتىر يايما پىشقانىكەن. كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن تاماققا ئولتۇردۇق.

— سىلەر شەھەرلىكلەر گۆشنى زايە قىلىپ، سەي قورۇپ يەيسىلەر، بىز سەھرالىقلار گۆشنى قولىمىزنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇپ ئولتۇرۇپ يېمىسەك يېگەندەك بولمايمىز. قېنى، ئاۋۋال گۆشتىن ئاله، — دېدى ئەركىن بىر پارچە گۆشنى ماڭا تەڭلەپ.

تاماق ئىشتىھا بىلەن يېيىلىۋاتاتتى. كۆڭلۈمدىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم.

— ئەركىن ساڭا... ساڭا بىر تەكلىپىم بار ئىدى، — دېدىم مەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان خۇش خەۋەر، دېگەن سۆزنى تەستە يۇتۇۋېتىپ، — قارا ئەركىن، بۇلتۇر ئەخمەتلەرنىڭ ئىدارىسى بىر مىنبۇس ئېلىپ شەھەر ئىچىدە قاتنىغانىدى. يېرىم يىلدىلا ئۆز پۇلىنى چىقىرىپ بولدى. ھازىر ئۇ ماشىنىنى ئىدارە ئەخمەتكە ھۆددىگە بەردى. بىر ھېسابتا بىز سېتىۋالدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. مۇشۇ تۇرقىدا بىزگە ساڭا ئوخشاش ھەم ماشىنا ھەيدىيەلەيدىغان، ھەم ئانچە ـ مۇنچە رېمونتمۇ قىلالايدىغان بىر ئادەم تازا كېرەك بولۇۋاتىدۇ، ناۋادا ماقۇل كۆرسەڭ، شۇ ماشىنىنى سەن ھەيدىسەڭ، ھەممە رەسمىيەتلىرىڭنى تەييار قىلىپ بېرىمىز. ئايدا يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجەتتىن سىرت قولۇڭغا مۇقىم 300 كويدىن ھەق بېرىمىز. تاپاۋەت ياخشى بولسا

ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ، قانداق دەيسەن ؟ ــ دېدىم ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ. مەن ئۇنى بۇ گەپنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولغىنىدىن بېشى ئاسمانغا يېتىپ، ماڭا رەھمەت ئېيتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇ ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپلا قاپتىمەن.

ــ ئامىنەم، ــ دېدى ئۇ بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئويچان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، ــ سىلەرنىڭ بۇ تەكلىپىڭلارغۇ ياغدەك ياخشى تەكلىپ ئىكەن. ئۆزۈمنى دېسەمغۇ ھازىرلا ماقۇل دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، پۇلنىڭ ئىشى سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرى-مىزدا ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس، بىراق ساڭا راست گەپنى قىلاي، ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇ-رۇپسەن، مەھەللىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇ. ئىككى ـ تۆت مو يەرگە قاراپ يا بىر ئىش تاڭ ئاتمىغان، يېزا دېگەندە دېھقانچىلىق ئۇ چۇن سۇ بولمىسا بولمايدۇ، كارىزلارنىڭ سۇلىرى يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، قۇدۇق كولىغان بىلەن خەقنىڭ بىر يىل ئىشلەپ تاپقىنىنى سۇ ھەم توك پۇلىغا كېتىپ قالىدۇ. دېھقانلار ھەر يىلى زور ئۈمىد بىلەن تېرىقچى-لىققا كىرىشىدۇ. لېكىن، يىل ئاخىرىدا يەنە شۇ «قوپ توختىمەت ئورنىڭغا ئۆت» تىن باشقا ئىش يوق. مەھەللىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى چاكاندا، چۇچۇ كىبۇيىلارمۇ يىلتىزلىرىغىچە كولىنىپ بولدى. ئەمدى پۇل تاپىدىغان بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، نى ـ نى يىگىتلەر بېلىنى سىلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارغا قاراپ مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا پار-تىزان ـ دۈشمەن بولۇپ ئوينايدىغان ھېلىقى ۋەيرانە خۇمدان ئېسىڭدىمۇ، ئۆزۈڭ بىلە-سەن، ئۇ يەرنىڭ توپىسى ناھايىتى ياخشى، ئاڭلىسام ئىلگىرى بۇ خۇمداننىڭ ئىشى يۇ-رىشىپ ئەتراپقا خېلى داڭقى چىققانىكەندۇق. كېيىن بىر نائۇستا قىماۋازنىڭ قولىدا تۈگىشىپ كېتىپتىكەن. ھازىر مەن شۇ خۇمداننى تىرىلدۈرەمىكىن دەپ ھەرىكەت قىلىپ، ئىشلىرىنىمۇ خېلى بىر تەرەپ قىلىپ قويدۇم. ناۋادا بۇ ئىشىم ئەپلىشىپ قالسا، مەھەللىمىزدىكىلەرگىمۇ پايدىسى تېگىدۇ. سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت، ــ دېدى ئۇ كېسىپلا. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى قەتئىيلىك ھەم تەمكىنلىك ئۇنىڭ ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى، مېنىڭ ھەر قانچە كۆپ پۇلۇم بولسىمۇ ئۇنى بۇ يولدىن ھەرگىز قايتۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ شۇنچە ياخشى تەكلىپىمنى رەت قىلغانلىقىغا بىر تەرەپتىن ھەيران قالسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قال-غانلىقىمدىن ناھايىتى خورلۇق ھېس قىلدىم. كۆڭلۈمگە خىش زاۋۇتىنىمۇ قۇرۇپ باقار-سەن، قېنى كۆرۈپ باقارمەن دېگەن ئويلارمۇ كەچكەنىدى.

* *

خىيال بىلەن مەھەللىمىزگە كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. خىشتىن سېلىنغان يېڭى ئۆيلەرنىڭ كۆپىيىپ قالغان-لىقىدىنمۇ مەھەللىمىز كۆزۈمگە باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

* *

ئەركىن بىلەن بۇرۇنقىدەك كىلا خۇشال ـ خۇرام، قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇ ماڭا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەستلىك، قاۋۇل كۆرۈندى، روھىي ھالىتىمۇ ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

— ئاخىر خۇمدانىنى قۇرۇپ مۇرادىڭغا يېتىپسەن ـ ھە؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

— شۇنداق بولدى، ئۆزۈمنىڭ جاھىللىقى بىلەن مەكتەپتە ئانچە ـ مۇنچە ئوقۇپ قويغىنىم ئاخىر ئۆزۈمگە ئەسقاتتى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئادەم ھەر قانداق چاغدا ئۆزىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ ئويلىشى كېرەككەن، بۇ گەپنى ئېغىزدا دېيىش ئاسان، ئەمما ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۇچۇن چوقۇم ئىرادە بولۇشى كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن كۆچۈردۈم مەن ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز رەنجىگەنلىكىمدىن خىجىل بولۇپ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قۇربان نۇر

## ياپىراقنىڭ چۈشى

بەرگىدىن بىر ياپراق چۈشتى شىلدىرلاپ،
يەر ئۇنى باغرىغا باستى قۇچاقلاپ.
ۋە دېدى: كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىن،
باھاردا يۇتىقىڭ كېتىدۇ شاخلاپ.

سارغايغان شۇ ياپراق چۈش كۆرەر ھەر كۈن،
چۈشىدە يېشىل رەڭ دەريا بوپ ئاقار.
ۋە يەنە بىر يېشىل ياپراق كۆتۈرۈپ،
كېلىدۇ ئۇ كۈتكەن گۈزەل نەۋباھار.

ھېيت رەھىم

## ھايات پەلسەپىسى

1

نۇرغۇن ئادەم گۈلخان قېشىدا
يىراقلاردىن كۆرۈنەر خىرە.
توختىماستىن ھايات ناخشىلار
يولتۇزلارغا سالىدۇ گىرە.

ئاخىرىنى كۆتەر گۈدەكلەر
ئاخشامدىكى غەيرىي چۈچەكنىڭ.
ئۆزلىرىنى كۆرەر كۆكتىكى
ئارىسىدا غوۋا تۇتەكنىڭ.

بەلكىم ئۇلار يەتتى يولتۇزغا
ياكى ئايدا كۆرىدۇ بىزنى.
پىچىرلىشىپ غەيرىي بىر تىلدا
چاقىراركىن پەستىكى كىمنى؟!

ئۇ ئاخشامقى گۈدەك باللار
چۈچەك ئىزلەپ كەتتى يىراققا.
بارسا ـ كەلمەس يولدۇر ئۇ بەلكىم،
سۈزۈلگىنى ئۆتمۈش سىياقتا.

2

تېنى تاشقا ئايلانغان بەندە
بىھوش يېتىپ ياتىدۇ غاردا.
تۇرار نىچۈن ھېكمەت بولمىسا،
دەقىيانۇسنىڭ تەڭگىسى ياندا.

كۆرۈپ كەلدى كىملەر ئۇ يەرنى؟
بار ئۇ يەردە زامان قىسسىسى.
ھايات تۇغۇپ كەلدى ئەبەدتىن
قۇياشتىكى نۇرلار چەشمىسى.

كەچمىشىدىن ئۆتكەن سەھىپە
سار غايىغانچە تۇرىدۇ قاتار.
كارۋان قويۇپ كەتكەن تۈندىكى
ئۆتەڭلەرنى كېزىدۇ باھار.

3

تاڭنىڭ خۇش بۇي ئىپار ھىدىغا
شەبنەم بولۇپ سىڭىشەر پاكلىق.
كەچ كۈزدىكى خازان ئەكسىدە
بوۋاق كەبى ئۆكسىيدۇ شادلىق.

مەۋجۇدلۇقنىڭ ھەيران بېغىغا
سۆيۈلۈشتە بولدى ئۇلار جەم.
يىراقتىكى كارۋان سارىيى
كۈتۈش، ئۇزاش، ئۇزىتىشتا ھەم.

ھەقىقەتنىڭ ئۆتكۈر كۆزىگە
دۇنيا كېلىپ چاچىدۇ توزغاق.
مېنى تاشلاپ شۇ خىزىر بوۋاي
مەھەللەمدىن ئۆتەر كىمن قانداق؟

قۇچىقىدا نۇر پەرىشتىسى
شېھىت تەننى تۇرار ئەي قىلىپ.
رۇجىكىدە مەۋھۇم كۆلەڭگە،
ھايات روھنى چالار نەي قىلىپ...

ئىسمايىل ئېلى

## باھار

پەسىللەرنىڭ ئەركىسى باھار
يېتىپ كەلدىڭ ئۇتلۇق جىلمىيىپ.
قىزلار پەقەت بولماس گۈلگە چار،
يۇرمەس ئەمدى قەغەز گۈل قىيىپ.

دەل ـ دەرەخلەر بىخ سۈردى ئەنە،
يېشىل ئىگىن كەيدى كائىنات.
جان ـ جانىۋارلار قىلدى تەنتەنە،
قايناپ كەتتى زېمىندا ھايات.

كۆك مايسىلار چايقىلار لەرزان،
ۋۇجۇدىدا ئۇلۇغۋار غايە.

دەيدۇ مەيلى بولساممۇ ئەرزان،
ئىنسانغا نان بولسام كۇپايە.

گۈزەل ياشلىق سىمۋولىسەن،
بىراق، ياشلىق كەلمەيدۇ كەتسە.
كەتسەڭمۇ سەن قايتىپ كېلىسەن،
كېلەر يىلى مەۋسۇمىڭ يەتسە.

تۇتساڭ ماڭا سەن بولۇپ ساقى،
ئۇتلىسام مەن مەيى مۇھەببەت.
بولسام مەڭگۈ سېنىڭدەك باقى،
ئەلگە ھېممەت ياغدۇرسام ئەبەت.

ئابلىز مەمتىمىن

## رۇبائىيلار

نادانغا ياندا شماس تېگى تاج، دۆلەت،
نە ھاجەت ئۇنىڭغا گۈزەللىك، سۆلەت.

تاغلارمۇ تۇگەيدۇ يېتىپ خەجلىسەڭ،
ھەمراھدۇر ئادەمگە ھۈنەرلا پەقەت.

* *

ئىناق ئەل بولىدۇ ھەمىشە ئامان،
گۈللەيدۇ قەد كېرىپ چىنار دەك ھامان.
بوراندا ئۈچىدۇ نەمۇ نەلىگە
شاخلاردىن ئايرىلغان بىچارە خازان.

* *

دۈشمەننىڭ تىللايدۇ ئارقاڭدىن قاراپ،
ئەگىشىپ يۈرىدۇ سايىدەك ماراپ.
كۆلكىگە ئالدىنىپ دوست دېسەڭ ئۇنى،
ئاقىۋەت ھالىڭنى قىلىدۇ خاراب.

* *

ئالتۇننى يو شۇرۇپ بولماس ھەل بىلەن،
يالقۇننى ئۆچۈرۈپ بولماس يەل بىلەن.
مەيلى بول سەن نادان، ئاقىل، كاتتا باي،
ھاياتىڭ گۈللىنەر، سۇلماس ئەل بىلەن.

* *

ئايدىمۇ ئاي كەبى سۈلكەت بولىدۇ،
ئادەمدە ھەم خىسلەت، ئىللەت بولىدۇ.
رەنجىمە، كۆر سەتسە ئەيىبىڭنى ئەينەن،
ئەينە كتە راستچىللىق، ھېممەت بولىدۇ.

ئىمىنجان روزى

## يېڭى يىل بەزمىسىدە

چۆچەكتىن تۆرەلگەن بەختلىك ھايات،
ئانا يەر باغرىغا سىڭىمىز ھەيھات.

ئارىدا سۇ كۆتىلەر يوقالغان تامام،
ئۇستەللەر ھارغىن قۇش، نىمەتلەر ئەپسۇن.
جۇپ كۆزلەر نىگاھى بولسا مۇقەددەس،
بىچارە ئۇستەللەر قانداقمۇ ئۈچسۇن.

ئەركىنى بېرىدۇ كۆيلەرگە ئاياغ،
باشلاردا ئايلىنار لەرزان بىر ناۋا.
بۇ يەرگە تۆكۈلەر قوڭغۇراق ئۈنى،
بوۋاقتەك يېڭى يىل ھېلى داڭ ئۇرسا.

كۆكرەكتە دۈپۈلدەر مۇشتۇمدەك قۇياش
قېرىغان روھلارغا تەييارلاپ كېپەن.
ئۆزىگە ھېچقاچان مەنسۇپ ئەمەستەك
ئايلىنار شوخ قىزلار ئاجايىپ لىۋەن.

بىراق، بار بىر قۇياش ياندۇرغان قەلب،
(ئۇ، جۇل - جۇل خىياللىق يانغۇچى شائىر.)

مەڭزىدە مۇگدەيدۇ شەبنەم تامچىسى،
ھىجراننىڭ تىغلىرى سانچىلغاچ ئاخىر.

كىم دەيدۇ بۇ يەردە شادلىق ئۆلدى، دەپ،
بۇ ئەسلى شائىرغا ئاخىرقى بەزمە.
ئايرىلسا دېڭىزدىن كۆچكەن تامچىدەك،
قەدىردان دوستلارنىڭ دولقۇنلىرىدىن،
ئايرىلسا پەرىشتە سۆيەت ئۇستازدىن،
ياشلارغا مىلىنىپ يازمامدۇ نەزمە!
بىر قەلەم، بىر قوشۇق ھەمراھ كۆنلەرنىڭ
شائىرغا سوۋغىسى ئالتۇن ئۆمىدلەر.
سۆيگۈگە چۆمۈلگەن قەدىردان سىنىپ
چاچىدۇ يوللارغا خىسلىتىدىن زەر.
بىزلەرگە ئاخىرقى بىر بەزمە بۈگۈن،
قانغۇچە كۆلۈڭلار شوخ قىز - يىگىتلەر.

چۆچەكتىن تۆرەلگەن بەختلىك ھايات،
ئانا يەر باغرىغا سىڭىمىز ھەيھات!

ماخمۇت سەلەي

# ئىككى شېئىر

## تەتۈر ئۆركەش

چالۋاقىماي بولدى قىل ئەمدى،
شوخ، ئۇمىقىم يانغىن ئەكسىڭگە.
مۇساپىدىن قالدىڭ يىر اقلاپ،
سېلىپ تۇغان ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە.
باقتىم ئۇزاق، تانمايمەن لېكىن،
ھەۋەس قىلىپ تەكشىلىكىڭگە.
قىرغاقلارغا بۇژغۇن تاشلىغان
تىنىمسىز شۇ كەپسىزلىكىڭگە.

چاڭقىغاندا يۇرەكلىرىم ھەم
ئىچكەندىمەن بىر ئوتلام بەلكىم.
كۆتۈرمەيمەن كايىشلىرىڭنى،
نېسىۋىسىن ئالىدۇ ھەر كىم.
نېسىۋىسىن ئالغاندا ھەر كىم،
تەتۈر قاراپ قايناپ كېتەمسەن ؟
نېسىۋىسىز ئىچسەم ئوچۇملاپ،
ئەلپازىڭچە چايناپ يۇتامسەن ؟

## ئارمان بۆشۈكى

دادا !
دېگەنىدىڭ ماڭا،
ياساپ بېرىپ قەۋەتلىك بىنا،
كەتسەم دۇنيادىن
ئارمان يوق ماڭا.
پەقەت مېنىڭ بەختىمنى كۆزلەپ،
ھەسرەتلىنىپ كېتەتتىڭ سۆزلەپ.
شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ
دەرد تارتتىڭ يۇزلەپ.
بىراق، كەتتىڭ ئۇلمۇ قويالماي،

كۆك كۆزىگە دۇلا قويالماي،
پۇتمىدى بىنا،
ئۆتۈپتۇ ساق ئاتمىش يىل مانا.
باللىرىمغا
مەنمۇ پەقەت
دەيمەن سەن دېگەننى،
يەيمەن سەن يېگەن غەمنى،
تېخى مەنمۇ ئۇل پىچىشقا
قويمىدىم تانا.

ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى

## تاغ قاپتىلى بىر ئىلاھىي كۈي

تاغ قاپتىلى سوزۇلغان چەكسىز،
بار ئۇ يەردە سانسىز قۇرام تاش.
بار خانلارغا سالام دېگەندەك،
ئېلىپ كەتكىن بالام دېگەندەك،
ئاققۇزىدۇ كۆزلىرىدىن ياش.

تاغ قاپتىلى بۇككىدە ئورمان،
خىرە ـ شىرە كۆرۈنەر ئاسمان.
مەرۋايىتلار ئالتۇن بۇلاقتىن،
زەر ئۇنچىدەك شەبنەم شۇۋاقتىن،
تامچىلايدۇ توختىماي بىر ئان.

تاغ قاپتىلى رىۋايەت مىسلى
جاۋاھىرلار توسار يولۇمنى.
مېنى سۈزۈپ ئالغىن دېگەندەك،
مۇشۇ يەردە قالغىن دېگەندەك،
مەپتۇن قىلار تۇتۇپ قولۇمنى.

تاغ قاپتىلى مىسلى بىر ناخشا
تارىتىدۇ بىر ئەكس سادا.
نار تۈگىلەر ئاز ناۋاتامدۇ ؟
ھۇزۇر سۈرۈپ بازلاۋاتامدۇ ؟
ئاڭلىنىدۇ ئەجەپ بىر ناۋا.

تاغ قاپتىلى بىر ئىلاھىي كۈي،
سېھرىي كۈچى ئاجايىپ دۇنيا.
زەپ چىرايلىق ئۇندا سىرلىق تۈن،
زەپ چىرايلىق ئۇندا ئۇلۇغ كۈن،
بولۇر ھەممە ئۇنىڭغا شەيدا.

**ھەمراجان پالتاجى**

## تاغلاردىن ھالقىيدۇ يېقىملىق بىر كۈي

چاقنايدۇ يۇلتۇزلار، گۈللەردەك گويا
شاماللار ئويىنىغان داللار جىمجىت.
چاقنايدۇ مۇقەددەس مەشئەلدە زىيا،
تۇرىدۇ ئۇندا بىر قاراۋۇل يىگىت.

يىگىتنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇيدۇ ناخشا،
مۇھەببەت تارقىلار تىنۋشسىز ھەريان.
ئويغاق بىر تۇيغۇ غائەسرادۇر چېگرا،
ئۇ ئويغاق ئەل ئۇچۇن چاقنىغان چولپان.

چېلىپ ئۇ ھەممىشە خاسىيەتلىك نەي،
قىلىدۇ قەلبىنى ئالەمگە ئىزھار.
ئانا يەر باغرىدا قىلغاندا ئەللەي،
بېسىلار دىلىنى ئۆرتىگەن خۇمار.

تاغلاردىن ھالقىيدۇ يېقىملىق بىر كۈي،
يۇرىكىم سۆيۈنۈپ ئالىدۇ دەرمان.
دەيدۇ ئۇ بىر ئۆمۈر ۋەتىنىڭنى سۆي،
ئۇ بىزگە ھەممىدىن ئۇلۇغ پاسىبان.

**ئىمىر نىياز ئاقۇپ**

## بىر ناخشا كېلىدۇ ئۇيۇقنى بويلاپ

بىر ناخشا كېلىدۇ ئۇيۇقنى بويلاپ،
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كېچىدە.
يالقۇنلۇق بىر قەلب سۆزلەيدۇ قىسسە،
نۇرلارغا ئايلىنىپ نۇرنىڭ ئىچىدە.

ئاسماندىن تۆكۈلەر سۆيگۈ يامغۇرى،
شەرەپكە ئۇرىلار ساداقەت، ۋاپا.
مەشۇقنىڭ يولىدا قىپ ـ قىزىل گۈللەر،
قىممەتسىز قالىدۇ جەبرۇ جاپا.

ئاسماننىڭ ئاستىدا گۈزەل مەنزىرە،
ئادەملەر پەرىشتە، ھۆرگە ئۇلاشقان.
ئانىغا ئايلانغان تەبىئەت گويا،
مەۋجۇدات شادلىقى پەلەكتىن ئاشقان.

مەمتىمىن تۇرسۇن

## كۆرۈپ يارلاق بەختىنى راۋا...

ئۇ گەدەك باسقان شۇ قېرى قۇياش
باش قويغاندا ئۇپۇق قوينىغا.
كۈلۈمسىرەپ كۆكتە ھىلال ئاي،
گۇگۇم قانات يايدى دالىغا.

چىغىر يولدا كېلىمىز ئاستا
نەي چالدۇ خىلۋەتتە بۇلاق.
ۋىسال كۈتۈپ بىزدىن دەرەخلەر
شەپىمىزگە سالدۇ قۇلاق.

ئەجەپ ئۇزۇن سىرلىق سۇكۇنات،
لەۋ بىلەن لەۋ مەھكەم ھىملىشەر.
چاراقلىغان ئۇيناق يۇلتۇزلار
كۆزىمىزگە بىر ـ بىر كىرىشەر.

شەنىمىزنى ئۇلۇغلاپ قالتىس
ئېقىنلاردىن ياڭرايدۇ ناۋا.
تەبرىكلىدى بىزنى تەبىئەت
كۆرۈپ يارلاق بەختىنى راۋا.

غېنى راخمان

## ھايات غەزىلى

ئۆمۈر مەڭگۈ گۈللەيدۇ، ئۆمۈر مەڭگۈ ياشنايدۇ،
تېخى كۆپتۇر ئۆمۈر چۈن ئېيتىلمىغان بايانلار.
سۆز ـ چۆچەككە تەۋرىمەس، نامەردلەردىن غەم يېمەس،
پۇراق چېچىپ چاقنايدۇ كۆڭۈلدىكى ئارمانلار.

ئېپار چاچساڭ يولىغا، گۈل تۇتقۇز ساڭ قولىغا،
كېيەن يېچىپ گۈزرۈڭنى كولايدىكەن يامانلار.
سەن ئىز گۈلۈك ئىزلىگىن، ئەل بەختىنى كۆزلىگىن،
ھەر بىر ئۇتۇق ئۈچۈن بىر نەشتەر تىقار چايانلار.

بۆرە بولغاچ ئالەمدە ئۇۋچى بولغان ئەسلىدە،
يەرنى پاكلاپ قارىغاينى ئۆستۈرەر كەن سازاڭلار.
ئەتە ئۈچۈن كۆز ئاچقىن، دادىل بولۇپ سۆز ئاچقىن،
مۇھەببەتلەش نۇر بىلەن، يوقاپ كېتەر تۇمانلار.

ئۆزۈڭ ياماپ يارا ڭنى، گۈلگە ئوراپ قارا ڭنى،
ئاسىي بولما قېنىڭغا، سۆيەر سېنى زامانلار.
مەيۈسلەنمە ئېرىقتا سۇلار لايقا ئاقتى، دەپ
ئاق ـ قارىنىڭ يەرقىنى بىلەر مەردۇ مەردانلار.

**ئېلياس ئابلىمىت**

## سەھرا ئوغلىمەن

سەھرادا تۇغۇلدۇم، سەھرا ئوغلىمەن،
سەھراغا تۆكۈلدى كىندىكىم قېنى.
بىر ئۆمۈر سەھرانى سۆيۈپ ئۆتىمەن،
تاغلاردىن مۇستەھكەم سۆيگۈنىڭ جېنى.

دېيىشەر بەزىلەر ئۇياتنى ئۇنتۇپ،
سەھرايى قىيامەت، ئۇندا كۆپ جاپا.
ئاشۇنداق سۆزلەرگە لەنەت بولسۇن جۇپ،
مەن هامان سۆيگۈمگە قىلىمەن ۋاپا.

بايدۇرسەن، ئايدۇرسەن ئاھ ئانا سەھرا،
قۇچىقىڭ ئالتۇنغا، كۈمۈشكە پەۋەس.
بۇنىڭغا زەرگەرلەر ئەڭ ئادىل گۇۋاھ،
ھۆسنۈڭگە ئاسمانمۇ قىلىدۇ ھەۋەس.

ياشايمەن تەقدىم قىپ ساڭا ھەممىنى،
تۇتىيا توپاڭدا يىلتىزىم تىرەن.
ئوغلۇمنىڭ ئالدى دەپ تىر كەپ قوي مېنى،
دېلىغۇل سۆزمەنلەر يېپىنسۇن كېپەن.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ئوسمانجان ساۋۇت**



...ردە جەم بولۇش




ئەدىقۇت خاتىرىسى



بىر قىسىم ياش
ئەدىبلەر تيەنئەنمېندە

ئابلىز ئابدۇللا ، تۇردى مەتنىياز ، ئادىل ئىسمايىللار فوتوسى




تارىم

《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑:《塔里木》编辑部
出　　版:新疆人民出版社
排　　版:新疆人民出版社微机室
印　　刷:乌鲁木齐市印刷厂
发　　行:乌鲁木齐市邮局
国外发行:中国国际图书贸易总公司
订阅、零售:各地邮局所

1995 ـ يىل 5 ـ سان ( 411 ـ سان ) ، 45 ـ يىل نەشرى
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
( ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورو ، تېلېفون نومۇرى : 4816214 )
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى . ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号: ISSN 1002—9044
国内统一刊号: CN 65—1010/I
国外代号:M　4461
邮发代号:58—66　定　价:2.40元
邮政编码: 830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002—9044
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى : CN 65—1010/I
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : M4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 66 — 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 2.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى : 830000



广告许可证:新工商广字01005419号